شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق ئوتتۇرا، باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇتۇش ماتېرى-
ياللىرىنى تەكشۈرۈپ بېكىتىش كومىتېتى 2005 - يىلى تەكشۈرۈپ بېكىتكەن

مەجبۇرىيەت مائارىپى دەرس ئۆلچىمى تەجرىبە دەرسلىكى

# تىل-ئەدەبىيات

9 - يىللىقلار ئۈچۈن

1 - قىسىم

شىنجاڭ مائارىپ نەشرىياتى

مەجبۇرىيەت مائارىپى دەرس ئۆلچىمى

تەجرىبە دەرسلىكى

# تىل-ئەدەبىيات

9- يىللىقلار ئۈچۈن

1- قىسىم

شىنجاڭ مائارىپ نەشرىياتى



ئايتماتوۋ



زوردۇن سابىر



مۆپاسسان

www.uyghurkitap.com

责任编辑：牙里坤·肉孜
责任校对：阿布都热依木·阿
插图作者：吐尔逊·伊沙克
封面设计：古丽娅

义务教育课程标准实验教科书

**语　文**

九年级　上册

经新疆维吾尔自治区中小学教材
审定委员会 2005 年审查通过
（维吾尔文）

*

شىنجاڭ مائارىپ نەشرىياتى تۈزدى ۋە نەشر قىلدى
http://www.xjjycbs.com
شىنجاڭ شىنخۇا كىتابخانىسى تارقاتتى
شىنجاڭ شىنخۇا باسما زاۋۇتى باستى

*

فورماتى : 1240×890 ، 1/32 ؛ باسما تاۋىقى : 9.375
2005 - يىل 6 - ئاي 1 - نەشرى
2008 - يىل 6 - ئاي 4 - بېسىلىشى
تىرازى : 1—120 000
ISBN 978 — 7 — 5370 — 5414 — 0
باھاسى : 5.89 يۈەن

نەشر ھوقۇقى بىزدە ، باشقىلارنىڭ كۆپەيتىپ بېسىشىغا بولمايدۇ .
بېسىش - تۈپلەش سۈپىتىدە مەسىلە كۆرۈلسە ئالماشتۇرۇپ بېرىلىدۇ .
ئادرېس : ئۈرۈمچى شەھىرى غالىبىيەت يولى 187 - نومۇر
پوچتا نومۇرى : 830049 ؛ تېلېفون نومۇرى : 2870654، 2863761 (0991)

www.uyghurkitap.com

# مەجبۇرىيەت مائارىپى تەجرىبە دەرسلىكلىرىنى تۈزۈش - تەرجىمە قىلىش خىزمىتىگە رەھبەرلىك قىلىش ھەيئىتى

ھەيئەت مۇدىرى : ساتتار ساۋۇت

مۇئاۋىن مۇدىرى : ئالىمجان مەمتىمىن　　جاڭ چياڭ

ھەيئەت ئەزالىرى : جاۋ مىڭ　　ما ۋېنخۇا

ماۋ ۋېنشىن　　تاھىر ناسىر

ما شېخشۇ　　ئابلىمىت قاسىم

نۇرباقىت قادىر　　ئەكبەر سىراجىدىن

جاڭ يۇجيې　　ئەخەت سالى

قابىلقاق سادىق　　ماقاداس ئاقان

تۈزگۈچىلەر : ئەھەت ئامان

يالقۇن روزى

تەلئەت قادىرى

كامىل رەھىم

ھامۇتجان ھېكىم

مۇھەررىرى : ھامۇت ياسىن

مەسئۇل مۇھەررىرى : يالقۇن روزى

مەسئۇل كوررېكتورى : ئابدۇرېھىم ئابلىمىت

رەسسام : تۇرسۇن ئىسھاق

مۇقاۋا لايىھىلىگۈچى : ھۆرىيەت يۇسۇپ

www.uyghurkitap.com

## قەدىرلىك ساۋاقداش:

يېڭى «تىل ـ ئەدەبىيات» دەرسلىكىنىڭ مۇندەرىجىسىنى ئەستايىدىللىق بىلەن كۆرىدىغان بولسىڭىز، دەرسلىك مەزمۇنى بىلەن تۈزۈپ ئورۇنلاشتۇرۇش جەھەتتە يېڭى ئۆزگىرىشنىڭ بولغانلىقىنى بايقىيالايسىز: «ئۇنىۋېرسال ئۆگىنىش ۋە ئىزدىنىش» سىزنىڭ ئۆگىنىشىڭىز ئۈچۈن يېڭى يول ئېچىپ بېرىدۇ؛ ھەربىر تېكىست سىزنى يېڭىچە مەدەنىيەت مۇھىتىغا باشلاپ كىرىدۇ؛ «ئوقۇش»، «يېزىش»، «ئاڭلاش»، «سۆزلەش» بولسا دەرسلىكنىڭ ئومۇمىي لايىھىسى ئىچىگە سىڭدۈرۈۋېتىلدى.

بۇ قىسىم «تىل ـ ئەدەبىيات» دەرسلىكىدىكى تۈرلۈك پروزىك ئەسەرلەرنى ئوقۇپ، ئوخشاشمىغان جەمئىيەت، ئوخشاشمىغان دەۋرلەرگە بېرىپ، مەڭگۈ ئۇنتۇلغۇسىز يېڭى دوستلار بىلەن تونۇشىسىز؛ بىرنەچچە ئالىم سىزگە ھايات ھەققىدىكى ھېكمەتلەرنى سۆزلەپ بېرىدۇ، بۇ ئەسەرلەرنى ئوقۇپ بولغاندىن كېيىن، سىز تىل ـ ئەدەبىيات دەرسى ھەققەتەن قىزىقارلىق ئىكەن، دېگەن تۇيغۇغا كېلىسىز.

تىل ـ ئەدەبىيات دۇنياسى ئاجايىپ گۈزەل بىر دۇنيا: گۈزەل مەنزىرىلەر، ئالىيجاناب ئادەملەر، لىرىكىلىق تۇيغۇلار؛ ئىدىيە گۈزەللىكى، ئەقىل ـ پاراسەت گۈزەللىكى، ئالىيجانابلىق گۈزەللىكى، تراگېدىيە گۈزەللىكى. . . تىل ـ ئەدەبىيات دەرسلىكى دۇنيادىكى مانا مۇشۇنداق ئەڭ گۈزەل نەرسىلەر ۋە تۇيغۇلارنى يېزىق شەكلى ئارقىلىق كۆز ئالدىڭىزدا زاھىر قىلىپ، سىزگە ئېستېتىك زوق بەخش ئېتىدۇ. سىزنىڭ ئىدىيىڭىز تىل ـ ئەدەبىياتنى ئۆگىنىش داۋامىدا پاكلىنىدۇ ۋە يۈكسىلىدۇ؛ سىزنىڭ قەلبىڭىز گۈزەللىكنى قوبۇل قىلىپ تاۋلىنىدۇ ھەمدە گۈزەللىك ھىممىتى بىلەن پارلىنىدۇ!



ـــ تۈزگۈچىلەردىن

www.uyghurkitap.com

# نەشرىياتتىن

بۇ «تىل ـ ئەدەبىيات» دەرسلىكى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق مائارىپ نازارىتى بېكىتكەن مەجبۇرىيەت مائارىپى «تىل ـ ئەدەبىيات دەرس ئۆلچىمى» گە ئاساسەن تۈزۈلدى . ئاپتونوم رايونلۇق مائارىپ نازارىتىنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشى ۋە كونكرېت يېتەكچىلىكىدە ، ئاپتونوم رايونلۇق مائارىپ ئىلمىي تەتقىقات ئورنى بىلەن شىنجاڭ مائارىپ نەشرىياتى بۇ دەرسلىكنى بىرلىكتە تۈزدى . بۇ دەرسلىك شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق ئوتتۇرا ، باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇتۇش ماتېرىياللىرىنى تەكشۈرۈپ بېكىتىش كومىتېتىنىڭ تەكشۈرۈپ بېكىتىشىدىن ئۆتتى .

بۇ دەرسلىكنى تۈزۈشتە ، دۆلەتنىڭ دەرس ئۆلچىمىنى ئاساس قىلىپ ، كۆپ خىل ئۇچۇر مەنبەلىرى ۋە ۋاستىلىرىدىن پايدىلىنىش ھەمدە يېڭى پەنلەرنىڭ تەرەققىياتىنى ۋە يەرلىك ئالاھىدىلىكىنى مۇۋاپىق گەۋدىلەندۈرۈش كۆزدە تۇتۇلدى ؛ بىلىم ۋە قابىلىيەت ، جەريان ۋە ئۇسۇل ، ھېسسىيات ، پوزىتسىيە ۋە قىممەت قارىشىدىن ئىبارەت ئۈچ جەھەتتىن تەربىيىلەش نىشانىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشقا ، مەزمۇن جەھەتتە ئەمەلىي تۇرمۇشتا قوللىنىش ۋە ئوقۇغۇچىلارنىڭ تۇرمۇشىغا يېقىنلاشتۇرۇشقا دىققەت قىلىندى ؛ ئوقۇغۇچىلارنىڭ مۇستەقىل ئۆگىنىش ، ھەمكارلىشىپ ئۆگىنىش ، ئىزدىنىپ ئۆگىنىش جەريانىغا باشتىن ـ ئاخىر كۆڭۈل بۆلۈنۈپ ، ھەممە ئوقۇغۇچىنى ئۆز ئالاھىدىلىكى بويىچە ئەتراپلىق تەرەققىي قىلدۇرۇش ۋە ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئۆزىگە خاس ئۆگىنىش تەلىپىنى قاندۇرۇشقا ، دەرس ئىسلاھاتى ئىدىيىسىنى گەۋدىلەندۈرۈپ ، ئەمەلىيەت بىلەن نەزەرىيىنى زىچ بىرلەشتۈرۈشكە ئەھمىيەت بېرىلدى .

بۇ دەرسلىكنى تۈزۈش ۋە تەكشۈرۈپ بېكىتىش جەريانىدا ، ئۇ-

رۇمچى شەھەرلىك چوڭلار مائارىپ ئىنىستىتۇتى، ئۈرۈمچى شەھەرلىك ئوقۇتۇش تەتقىقات مەركىزى، ئاقسۇ ۋىلايەتلىك 1 ـ ئوتتۇرا مەكتەپ قاتارلىق ئورۇنلار مول ئوقۇتۇش تەجرىبىسىگە ئىگە دوتسېنت، ئالىي دەرىجىلىك ئوقۇتقۇچى ۋە تەتقىقاتچىلارنى ئەۋەتىپ، يېڭى دەرسلىك تۈزۈش خىزمىتىمىزنى زور كۈچ بىلەن قوللاپ قۇۋۋەتلىدى. تەكشۈرۈپ بېكىتىشكە شىنجاڭ پېداگوگىكا ئۇنىۋېرسىتېتىدىن پروفېسسور ئازاد رەھمىتۇللا سۇلتان، ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم تەشۋىقات بۆلۈمىدىن ئالىي مۇھەررىر تۇرنان قاسىم، ئۈرۈمچى شەھەرلىك مائارىپ ئىدارىسىدىن دوتسېنت جېلىل ئابدۇراخمان، شىنجاڭ مائارىپ نەشرىياتىدىن ئالىي مۇھەررىر ھامۇت ياسىن، شىنجاڭ تەجرىبە ئوتتۇرا مەكتىپىدىن ئابدۇقەييۇم توختىھاجى، ئۈرۈمچى شەھەرلىك 16 ـ ئوتتۇرا مەكتەپتىن ماھىرە روزى قاتارلىق يولداشلار قاتناشتى. بىز بۇ دەرسلىكنىڭ نەشر قىلىنىشىغا قىزغىن ياردەمدە بولغان ئورۇنلارغا، ئالاھىدە ئەجىر سىڭدۈرگەن ۋە قىممەتلىك تەكلىپ ـ پىكىرلەرنى بەرگەن مۇتەخەسسىسلەرگە ۋە ئوقۇتقۇچىلارغا چىن قەلبىمىزدىن رەھمەت ئېيتىمىز!

بۇ دەرسلىك مەجبۇرىيەت مائارىپى بويىچە دەرس ئىسلاھاتى تەجرىبە رايونلىرىدىكى مەكتەپلەر 9 ـ يىللىقلىرىنىڭ 1 ـ ئوقۇش مەۋسۇمىدا ئىشلىتىلىدۇ. كېيىنكى نەشرىدە تېخىمۇ مۇكەممەللەشتۈرۈشىمىز ئۈچۈن، ئوقۇتقۇچى، ئوقۇغۇچىلار ۋە ئوقۇتۇش تەتقىقات خادىملىرىنىڭ ئوقۇتۇش ئەمەلىيىتى ۋە تەتقىق قىلىش جەريانىدا بايقىغان مەسىلىلەرنى نەشرىياتىمىزغا ۋاقتىدا ئىنكاس قىلىپ، قىممەتلىك تەكلىپ ـ پىكىر بېرىشىنى ئۈمىد قىلىمىز.

2005 ـ يىل، ئىيۇن

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

# مۇندەرىجە

## بىرىنچى بۆلەك

## نۇتۇقلار


1 . كەسپىنى قەدىرلەش ۋە كەسپكە ئىشتىياق باغلاش
....................................... لياڭ چىچاۋ (2)
2 . ۋولتېر ۋاپاتىنىڭ 100 يىللىقىنى خاتىرىلەش نۇتقى
....................................... ۋىكتور ھىيوگو (11)
3 . ئابدۇشۇكۇر مۇھەممەتئىمىن ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنىدا
سۆزلەنگەن سۆز .............. ئازاد رەھمىتۇللا سۇلتان (19)
4 . قىزىمغا خەت .............................. سۇخوملىنىسكىي (25)
ئۇنىۋېرسال ئۆگىنىش ۋە ئىزدىنىش .............................. (32)


## ئىككىنچى بۆلەك

## شېئىرلار


5 . ياز تۈنى .............................. ئابدۇخالىق ئۇيغۇر (38)
6 . باھار تەسىراتى .............................. دۇفۇ (40)
7 . شۇنداق ئورۇنلاردا .............................. (42)
8 . چەت ئەل شېئىرلىرىدىن ئىككى پارچە .................. (46)

ئۇنىۋېرسال ئۆگىنىش ۋە ئىزدىنىش .................... (50)

## مەخسۇس تېما

مېتېئورولوگىيە فېنولوگىيىسى ........................ (53)

## ئۈچىنچى بۆلەك

# ھېكايىلەر

9 . يورتۇم ........................................ لۇشۈن (70)
10 . ئوغلى بىلەن كۆرۈشۈش .......... چىڭغىز ئايتماتوف (88)
11 . تاغام ژيول ............................ مۇپاسسان (113)
12 . پالۋان كەلدى ..................... تېيىپجان ھادى (123)

ئۇنىۋېرسال ئۆگىنىش ۋە ئىزدىنىش .................... (143)

## تۆتىنچى بۆلەك

# مۇھاكىمىلىك ئەسەرلەر

13 . مۇۋەپپەقىيەت .......................... جى شيەنلىن (148)
14 . ئىلىم ۋە ئەقىل ـ پاراسەت .............. لو جيالۇن (153)
15 . ئىلىم تەھسىل قىلىش ھەققىدە ............. بېكون (159)
16 . كىتاب ۋە كىتاب مەدەنىيىتى .........................
.......... ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىن (163)

ئونۇۋېرسال ئۆگىنىش ۋە ئىزدىنىش ........................ (173)

## مەشھۇر ئەسەرلەرنى تونۇشتۇرۇش ۋە ئوقۇش

«ئانا يۇرت» ........................................ (179)

## بەشىنچى بۆلەك

# سەئىدىيە خانلىقىدىن كېيىنكى شېئىرىيەت

17 . غەزەل ........................................ ئامانىنىساخان (204)
18 . خوتەن ھەققىدە غەزەل ........................ نەۋبەتى (205)
19 . نەزەر مۇفتىغا خەت ............ ئەھمەدشاھ قاراقاشى (208)
20 . «غەزەليات»تىن پارچە .................. بىلال نازىم (216)

ئونۇۋېرسال ئۆگىنىش ۋە ئىزدىنىش ........................ (219)

## ئالتىنچى بۆلەك

# خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى

(ئىختىيارىي ئوقۇش بۆلىكى)

21 . ئوغۇز ئەپسانىسى ........................................ (226)



ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

22 . ماناسنىڭ تۇغۇلۇشى ...................................................... (235)
23 . «غېرىب ـ سەنەم» (پارچە) ...................................... (254)
24 . نۇزۇگۇم قوشاقلىرى .............................................. (260)

ئۇيغۇر تىلى .................................................................. (265)

قوشۇمچە I
خەت ـ چەكلەردىن كۆرسەتمە ........................................ (277)



بىرىنچى بۆلەك

# نۇتۇقلار

ئىنسانىيەتنىڭ روھىي دۇنياسىدا سانسىزلىغان دانىشمەنلەر ئەركىنلىك ۋە ھەققانىيەت ھەققىدە چۇقان سېلىشقان، ھاياتنىڭ ئەھمىيىتى، مېھىر - مۇھەببەتنىڭ ماھىيىتى ھەققىدە تەبىر بېرىشكەن ... گەرچە ئۇلار ئوخشىمىغان دەۋر، ئوخشىمىغان دۆلەتلەردە ياشاپ، ھەركىم ئۆز ئىشلىرى، ھېس - تۇيغۇلىرى ھەققىدە سۆزلىگەن، سۆزلىرى گاھ كەسكىن، گاھ رايىش ئېيتىلغان بولسىمۇ، لېكىن ئىنسانىيەتكە كۆڭۈل بۆلۈش جەھەتتە ھەممىسى ئوخشاش.

بۇ بۆلەكنى ئۆگىنىشتە، ئىنسانىيەتنىڭ ئۆتكۈر، جانلىق تەپەككۇرىنى، مول ھېسسىياتىنى ھەمدە نۇرانە ئىدىيىسىنى ھېس قىلىش بىلەن بىللە، جانلىق تىل بىلەن يېزىق تىلىنىڭ پەرقىنى تونۇپ، ئوخشىمىغان شارائىتتا جانلىق تىلنى قوللىنىش ماھارىتىنى بىلىۋېلىشقا تىرىشىڭ.



www.uyghurkitap.com

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

# 1 . كەسپىنى قەدىرلەش ۋە كەسپكە ئىشتىياق باغلاش

لياڭ چىچاۋ[1]

*ئۆگىنىش داۋامىدا سىز پۈتۈن زېھنىڭىز بىلەن دىققەت قىلىپ، كۆڭلىڭىزدە ھېچ نەرسىنى ئويلىمىدىڭىزمۇ؟ سىز ئۆگىنىشنى بىر كۆڭۈللۈك ئىشقا ئايلاندۇرالىدىڭىزمۇ؟ ئۆزىڭىزنىڭ ئۆگىنىش روھىڭىز ۋە تۇرمۇشقا تۇتقان پوزىتسىيىڭىزنى ئويلىنىپ بېقىپ، لياڭ چىچاۋ ئوتتۇرىغا قويغان «كەسپىنى قەدىرلەش ۋە كەسپكە ئىشتىياق باغلاش»تىن ئىبارەت تۇرمۇش پرىنسىپىغا سېلىشتۇرۇپ باقسىڭىز، بەلكىم كىشىلىك تۇرمۇشنىڭ قىممىتىنى تېخىمۇ چوڭقۇر چۈشىنىۋېلىشىڭىز مۇمكىن .*

مەن بۇ تېمىنى «يۇسۇننامە»[2]دىكى «كەسپىنى قەدىرلەپ، دوستلار بىلەن ئىناق ئۆتۈش» ۋە «لاۋزى»[3]دىكى «ماكانلىشىپ، كەسپكە ئىشتىياق باغلاش» دېگەن ئىككى جۈملىدىن ئۆزۈۋېلىپ، ياساپ چىقتىم. مېنىڭ دېگەنلىرىم «يۇسۇننامە»، «لاۋزى»لارنىڭ

---

① لياڭ چىچاۋ (1873 — 1929) — تەخەللۇسى جورۇ، لەقىمى مۇزخانا خوجايىنى. گۇاڭدۇڭ شىنخۇيلۇق. جۇڭگو يېقىنقى زامان بېخلىقتا كۆچۈش تەرەپدارلىرىنىڭ ۋەكىلى، مۇتەپەككۇر. كاڭ يۇۋېي بىلەن بىرلىكتە داڭلىق «ۋۇشۈي قانۇن ئۆزگەرتىش ھەرىكىتى»گە رەھبەرلىك قىلغان.
② «يۇسۇننامە» — غەربىي خەن سۇلالىسى مەزگىلىدە كىتاب بولۇپ چىققان، كۆپ قىسمىغا كۈزىتىچىلارنىڭ ئەسەرلىرى كىرگۈزۈلگەن.
③ «لاۋزى» — ئەمىنىيە دەۋرىدىكى تەرىقەتچىلەرنىڭ ۋەكىللىك خاراكتېرگە ئىگە ئەسىرى.

ئەسلي مەنىسىگە ئۇيغۇن كېلەمدۇ ـ يوق ، بۇنى چوڭقۇر ئويلىنىشنىڭ هاجىتى يوق ؛ لېكىن ، ئىشىنىمەنكى ، «كەسىپنى قەدىرلەپ ، كەسىپكە ئىشتىياق باغلاش» دېگەن سۆز ئىنسانلار تۇرمۇشىنىڭ بىردىنبىر يولى .

بۇ تېمىنىڭ نېگىزى تەبىئىيكى ، «قەدىرلەش» ، «ئىشتىياق باغلاش» دېگەن سۆزلەردىن ئىبارەت . ئەمما ، ئالدى بىلەن كەسىپ بولۇشى كېرەك . ئاندىن ئۇنى قەدىرلىگىلى ، ئۇنىڭغا ئىشتىياق باغلىغىلى بولىدىغانلىقى هەممىگە ئايان . شۇنىڭ ئۈچۈن ، ئەسلي گەپنى قىلىشتىن بۇرۇن ، ئالدى بىلەن كەسىپ بولۇشىنىڭ زۆرۈرلۈكى ئۈستىدە توختىلىپ ئۆتىمەن .

كۆڭزى : «قورسىقى توق ، جاھاندىن غېمى يوق كىشىلەر ياراملىق ئادەم بولالمايدۇ !» دېگەنىدى . كۆڭزى يەنە : «كۈن بويى ئەل-جامائەت بىلەن بىللە بولسىمۇ ، بىرەر ئېغىزمۇ ئوڭلۇق گەپ قىلماي ، قۇۋلۇق ـ شۇملۇق قىلىدىغان كىشىلەر يارامىلىق ئادەم بولالمايدۇ !» دېگەنىدى . كۆڭزى بىر بۈيۈك مائارىپچى ، ئۇ كۆڭلىدە تەربىيىلىگىلى بولمايدىغان ئادەم يوق ، دەپ ئويلىغان ، پەقەت مۇشۇ ئىككى خىل ئادەمگە كەلگەندە ، ئۇ بېشىنى چايقاپ : «تەس ! تەسكەن !» دېگەنىدى . مەلۇمكى ، كىشىلىك هاياتتىكى هەممە ئىللەتلەرنى ئوڭشىغىلى بولسىمۇ ، پەقەت ئىش خۇشياقماس ، بىكار تەلەپلەرنى ئەۋلىيامۇ هېچ نەرسە قىلالمايدۇ .

تاڭ سۇلالىسى زامانىسىدىكى بىر راهىب دائىم شاگىرتلىرىغا : «بىر كۈن ئىش قىلمىساڭ ، بىر كۈن تاماق يېمە» دېگەن ئەقلىيە سۆزى بىلەن تەنبىھ بېرىدىكەن . ئۇ هەر كۈنى سارايغا چىقىپ ساۋاق بەرگەندىن تاشقىرى ، ئۆزى يەر سۈپۈرۈپ ، ئۇستەللەرنى سۈرتۈپ ، كىر يۇيىدىكەن ، تاكى 80 ياشقا كىرگۈچە هەر كۈنى مۇشۇنداق قىلىپتۇ . بىر قېتىم شاگىرتى ئۇنىڭ ئورنىدا ئىشلەپ ، شۇ كۈنى قىلىدىغان ئىشلارنى جىم ـ جىملا يوتكىۋېتىپتۇ ، سۆز ـ هەرىكىتى-

گە تەڭ ئەھمىيەت بېرىدىغان بۇ راھىب، سەممىي، ئەمما يۈز - خاتىرە قىلمايدىغان كىشى بولغاچقا، شۇ كۈنى تاماق يېيىشكە قەتئىي ئۇنىماپتۇ.

مەن كۇڭزىچىلار بىلەن بۇددىستلارنىڭ بۇ ئىككى ئېغىز گېپىنى نەقىل قىلىپ، ھەممە ئادەمنىڭ توغرا كەسپى بولۇشى، ھەممە ئادەمنىڭ ئۈزلۈكسىز مېھنەت قىلىشى كېرەكلىكىنى ئىسپاتلىماقچىمەن. ناۋادا بىرەرسى مەندىن: «ئەخلاقنىڭ ئاۋۋىلى نېمە؟ يامانلىقنىڭ بېشى نېمە؟» دەپ سوراپ قالسا، قىلچە ئىككىلەنمەستىن: «ئەخلاقنىڭ ئاۋۋىلى كەسىپ، يامانلىقنىڭ بېشى ھورۇنلۇق» دەپ جاۋاب بېرىمەن. كەسپى يوق ھورۇن ئادەملەر، جەمئىيەتنىڭ مىتىسىگە ئوخشايدۇ. ئۇلار «باشقىلارنىڭ ئەمگەك مېۋىسىنى تارتىۋالىدىغان» ئوغرى - قاراقچىلاردۇر. بىز بۇ ئادەملەرنى ئۇزۇل - كېسىل جازالىشىمىز، ھەرگىز رەھىم قىلماسلىقىمىز كېرەك. بۈگۈن سۆزلىگەنلىرىم كەسپى بار ۋە دەل كەسىپكە تەييارلىنىۋاتقانلار — ئوقۇغۇچىلارغا تەربىيە قىلىش ئۈچۈن سۆزلەندى، ئۇلارغا ئۆزلىرىنىڭ ھازىرقى كەسپىگە قانداق پوزىتسىيە تۇتۇشى لازىملىقىنى ئېيتىپ بەرمەكچىمەن.

بىرىنچى، كەسىپنى قەدىرلەش. قەدىرلەش — قەدىمكى ئەۋلىيالارنىڭ كىشىلەرنى ئادەم بولۇشقا ئۈندەشتىكى ئەڭ ئاددىي، ئەڭ بىۋاسىتە تەربىيە ئۇسۇلى ئىدى. ئەپسۇسكى، كېيىنچە بەزىلەر ئۇنى بەك سىرلىقلاشتۇرۇۋېتىپ، ئەمەلىي ئىشلىتىشكە ئەپسىز قىلىپ قويدى. پەقەت جۇزى[1] بۇنى ئەڭ ياخشى ئىزاھلاپ بەرگەن، ئۇ مۇنداق دەيدۇ: «مەخسۇس بىرلا خىل ئىشنى قىلىپ، باشقىلىرىغا كۆڭلىنى بۆلمەسلىكىنىڭ ئۆزى قەدىرلىگەنلىك بولىدۇ.» ھازىرقى گېپىمىز بىلەن ئېيتساق، بىرەر ئىشنى قىلغان ئىكەنمىز، شۇ بىر ئىشقا سادىق بولۇشىمىز، پۈتۈن زېھنىمىزنى شۇ ئىشقا مەركەزلەشتۈرۈشىمىز،

① جۇزى — بەنى جۇشى (1130 — 1200) جەنۇبىي سۇڭ بەگلىكىدە ئۆتكەن پەيلاسوپ، مائارىپچى، ئەدىب.

كۆڭۈلنى ئازراقمۇ باشقىغا بۆلمەسلىكىمىز كېرەك، مانا بۇ قەدىرلەش بولىدۇ. كەسىپنى قەدىرلىگۈدەك نېمىسى بار؟ نېمىشقا قەدىرلەش كېرەك؟ ئىنسانلار بىر تەرەپتىن تۇرمۇش ئۈچۈن ئەمگەك قىلسا، يەنە بىر تەرەپتىن ئەمگەك ئۈچۈن ياشايدۇ. ئىنسانلار تەڭرى مەخسۇس بولكىنى ھەزىم قىلىشقىلا ياراتقان ماشىنا ئەمەس، تەبىئىيكى، ھەر كىم ئۆزىنىڭ ئورنى ۋە قابىلىيىتىگە قاراپ، بىرەر ئىشنى تاللاپ ئىشلەيدۇ. ئىشلا بولىدىكەن، ماھىيەتتە ئۇنىڭ ھەممىسى قەدىرلىكتۇر. رەئىس جۇمھۇر بولۇشمۇ بىر ئىش، رىكشا سۆرەشمۇ بىر ئىش ھېسابلىنىدۇ. ئىشنىڭ نامى چاكىنا ئادەملەرنىڭ نەزىرىدە يۇقىرى - تۆۋەن دەپ قارىلىدۇ؛ ئىشنىڭ خاراكتېرىنى ئىلمىي ئانالىز قىلىدىغان بولساق، ئۇنىڭ يۇقىرى - تۆۋىنى بولمايدۇ. پەقەت، رەئىس جۇمھۇر بولغان كىشى، مېنىڭ رەئىس جۇمھۇر بولالايدىغانلىقىمغا ئىشەنگەچكە بولدۇم، دەپ قاراپ، رەئىس جۇمھۇرلۇقنى ھەقىقەتەن رەسمىي ئىش قاتارىدا ئىشلىسە؛ رىكشىچى مېنىڭ رىكشا تارتالايدىغانلىقىمغا ئىشەنگەچكە، رىكشا تارتىۋاتىمەن، دەپ قاراپ، رىكشا تارتىشنى ھەقىقەتەن بىر رەسمىي ئىش قاتارىدا ئىشلىسە، مانا بۇ كىشىلىك ھاياتتىكى مۇۋاپىق تۇرمۇش ھېسابلىنىدۇ. بۇ كەسىپنىڭ مۇقەددەسلىكى دەپ ئاتىلىدۇ. مۇقەددەس بولمىغان كەسىپ يوق، شۇنىڭ ئۈچۈن قەدىرسىز كەسىپمۇ بولمايدۇ. مۇشۇنداق ئىكەن، بىز ھەر خىل كەسىپلەرنى ئايرىپ، تاللاپ ئولتۇرمايمىز. ئومۇمەن، ئادەم بۇ دۇنيادا ياشىغانىكەن، كۆندە ئەمگەك قىلىشقا توغرا كېلىدۇ. ئەمگەك قىلىش ساۋابلىق، ئەمگەك قىلماسلىق جىنايەت. ئۆزىمىز قايسى خىل ئەمگەكنى قىلىشىمىز كېرەك؟ بۇ بىزنىڭ قابىلىيىتىمىزگە، ئەھۋالىمىزغا باغلىق. ئۆزىمىزنىڭ قابىلىيەت، ئەھۋالىمىزغا قاراپ، بىرەر ئەمگەكنى ۋايىغا يەتكۈزۈپ قىلساقلا، جاھاندا بىرىنچى دەرىجىلىك ئادەم بولالايمىز.

بىرەر خىل ئەمگەكنى قانداق قىلغاندا ۋايىغا يەتكۈزۈپ قىلغىلى

بولىدۇ؟ ئۇنىڭ بىردىنبىر سىرى ساداقەتلىك، ساداقەت قەلبتىن ئۇرغۇپ چىقسا، ئاندىن قەدىرلىگەنلىك بولىدۇ. «جۇاڭزى»[①]دا دۇمچەك بوۋاينىڭ تومۇزغا تۇتۇشى توغرىسىدىكى ھېكايە خاتىرىلەنگەن. ئۇنىڭدا: «جاھان شۇنچە كەڭ، جان - جانىۋارلار شۇنچە كۆپ بولسىمۇ، ئەمما مەن پەقەت تومۇزغا تۇتۇشنىلا بىلىمەن» دېيىلگەن. ھەرقانداق بىر ئىشنى قىلغاندا، بۇ ئىشنى ھاياتىم، دەپ قاراپ، باشقا ئىشنىڭ ھەرقانچە پايدىسى بولسىمۇ، ئۆزۈم ھازىر قىلىۋاتقان ئىشىمنى قۇربان قىلىپ، ئۇنىڭ بىلەن ھەرگىز تەگىشىپ يۈرمەيمەن. مەن بىر ياغاچچى بولسام، ئۆزۈمنىڭ ياخشى ئۇستەل ياسىيالايدىغىنىمغا ئىشىنىمەن، بۇ سىلەردەك سىياسىيونلارنىڭ بىر جۇمھۇرىيەت قۇرغىنىڭلار بىلەن ئوخشاش قىممەتكە ئىگە؛ مەن گەندە توشۇغۇچى بولسام، تەرەت قاچىسىنى پاكىز بېسىقتۇرىدىغىنىمغا ئىشىنىمەن، بۇ سىلەردەك ھەربىيلەرنىڭ چېگرىغا باستۇرۇپ كىرگەن دۈشمەن قوشۇنى ئۇستىدىن غەلىبە قىلغىنىڭلار بىلەن ئوخشاش قىممەتكە ئىگە. ھەممەيلەن جەمئىيەت ئۈچۈن ئىشلەيمىز، سىىنىڭ ماڭا، مېنىڭ ساڭا ھەۋەس قىلىشىمىزنىڭ ھاجىتى يوق. ئۆزىمىزنىڭ بۇ ئىشنى ياخشى قىلالماي، شۇ كۈنى يېگەن تامىقىمىزغا يۈز كېلەلمەي قېلىشىمىزدىن ئەنسىرىشىمىز كېرەك. شۇنىڭ ئۈچۈن، مەن بۇ ئىشنى قىلغان ۋاقتىمدا كۆڭلۈمنى قىلچىمۇ بۆلمەيمەن. زىڭ ۋېنجىڭ[②]مۇنداق دېگەندى: «بۇ تاغدا ئولتۇرۇپ، نېرىقى تاغقا قارىغان بىلەن ھېچ ئىش ۋۇجۇدقا چىقمايدۇ.» بىر ئادەم ئۆزىنىڭ كەسپىنى قەدىرلىمىسە، ئىلمىي پرىنسىپ جەھەتتىن ئېيتقاندا، مۇقەددەس كەسپىنى قەدىرلىمىگەنلىك بولىدۇ؛ پاكىت جەھەتتىن ئېلىپ ئېيتساق، ئىشنى چوقۇم بۇزۇپ قويۇپ، نەتىجىدە ئۆز - ئۆزىگە زىيان سالىدۇ. شۇنىڭ ئۇ-

① «جۇاڭزى» — بېغىلىق دەۋرىدىكى تەرىقەتچىلەرنىڭ ئەسەرلىرىدىن بىرى.
② زىڭ ۋېنجىڭ، يەنى زىڭ گوفەن (1811 — 1872) چىڭ سۇلالىسىنىڭ ئاخىرقى مەزگىلىدىكى مۇھىم ھەربىي، مەمۇرىي ۋەزىر، تەيپىڭ تيەنگونى باستۇرۇشتا تۆھپىسى بولغاچقا چىڭ خاندانلىقى ئۇنىڭغا قەيسەر بەگ، دەپ نام بەرگەن، يەنى ۋېنجىڭ، دەپ ئاتالغان.

چۈن ، كەسپنى قەدىرلەش كىشىلىك ھاياتتا ئەڭ زۆرۈر ھەم كىشى-
لىك ھاياتقا ئەڭ پايدىلىق . جۇاڭزى : «ئىش قىلغاندا كۆڭۈل بۆلۈنۈپ
كەتمىسە ، روھ مەركەزلىشىدۇ» دېگەنىدى . كۇڭزى : «ھازىر ئۆز
ئىشىڭنىلا قىلىشنى بىل ، باشقا ئىشنى ئارزۇ قىلما» دېگەنىدى .
مېنىڭ كەسپنى قەدىرلەش دېگىنىمىز مۇشۇ قائىدىلەردىن چەتنەپ
كەتمەيدۇ .

ئىككىنچى ، كەسپكە ئىشتىياق باغلاش . «ئىش قىلىش نېمىدې-
گەن جاپا !» بۇ خىل خورسىنىش ئاۋازلىرى ھەرقانداق ئادەمنىڭ
ئاغزىدىن دائىم چىقىپ قالىدۇ . لېكىن ، ئۇنىڭدىن : «ئىش قىلىش
جاپالىق بولسا ، ئىش قىلماسلىق جاپا ئەمەسمۇ ؟» دەپ سورىغۇم
كېلىدۇ . بۇگۈن مۇشۇنداق پىژغىرىم ئىسسىقتا مەن كارنىيىم يىر-
تىلغۇدەك ۋارقىراپ سۆزلەۋاتىمەن ، ھەرقايسىڭلار قۇلىقىڭلارنى دىڭ
تۇتۇپ تىڭشاۋاتىسىلەر ، بەزىلەر بۇنى كۆرسە بىزنى ئەجەب جاپا تارتىپ
كېتىپتۇ ، دېيىشىدۇ ؛ بۇنىڭ ئەكسىچە ، ئەگەر بىز قىمار ئويناپ ،
ھاراق ئىچسەك ، ئوخشاشلا خاتىرجەمسىزلىنىپ ، كۈچەپ كېتىمىز-
غۇ ؟ ئەجەب بۇ جاپالىق ئەمەسمىكەن ؟ بىلىشىمىز كېرەككى ، جاپا
بىلەن راھەت پۈتۈنلەي سۇبيېكتىپ كۆڭۈلگە باغلىق ، ھەرگىز ئوب-
يېكتىپ ئىشقا باغلىق ئەمەس . ئادەم تۇغۇلغان شۇ دەقىقىدىن باشلاپ
نەپەس ئۈزگىچە ، ئۇخلىغاندىن باشقا ۋاقىتتا ، پۇت - قول ، بەش
ئەزاسىنى ئىشلەتمەي تۇرالمايدۇ . ئۇنى ئىشلەتكەنىكەن ، بىئارام بول-
مىغان تەقدىردىمۇ ، كۈچ سەرپ قىلىدۇ ، جاپادىن قۇتۇلغىلى بولماي-
دۇ . ئەقىللىق كىشىلەر شۇ جاپانىڭ ئىچىدىن خۇشاللىق تاپالايدۇ .
مېنىڭچە ، جاھاندا بىرىنچى ئورۇندىكى جاپاكەش ئاشۇ بىكار تەلەپ ،
لايغەزەللەردۇر ، ئۇلار كۈن بويى بىكار لاغايلاپ ، ئۆزىنىڭ جىسمىنى
ۋە كۆڭلىنى نەگە قويۇشنى بىلەلمەي يۈرىدۇ . ئۇلار كۈننى بەك تەستە
ئۆتكۈزىدۇ . ئىككىنچى دەرىجىلىك جاپاكەشلەر ئۆز كەسپىگە ئۆچ
بولىدىغان كىشىلەر ، بۇ ئىشنى قىلمىسا بولمايدۇ ، ئەمما ئىچ -

ئىچىدىن قىلغۇسى كەلمەيدۇ . قىلغۇلۇق كەلمىگەن بىلەن قېچىپ كېتەلەمسەن ؟ زادى قېچىپ كېتەلمەيسەن . نەتىجىدە ، قاش ـ قاپىقىنى ئۈچۈرۈپ ، دومسىيىپ يۈرۈپ شۇ ئىشنى قىلىدۇ . بۇ مەخسۇس ئۆز ـ ئۆزى بىلەن ئويناشقانلىق ئەمەسمۇ ؟ مەن سەممىيەت بىلەن سىزگە شۇنى دەپ قويايكى : «ھەرقانداق كەسىپ قىزىقارلىق بولىدۇ ، پەقەت سىز ئۇنى داۋاملىق ئىشلەشنى خالىسىڭىزلا ، قىزىقىش تەبىئىي پەيدا بولىدۇ .» نېمە ئۈچۈن ؟ بىرىنچى ، ھەرقانداق بىر كەسىپنىڭ ھامان نۇرغۇن قاتلىمى ، ئەگرى ـ توقايلىقى بولىدۇ ، ئۇنىڭ ئىچىگە كىرىپ كېتەلىسىڭىز ، ئۇنىڭ ئۆزگىرىشى ، تەرەققىيات ھالىتىنى كۆرسىڭىز ئەڭ يېقىملىق ، مەنىلىك بىلىنىدۇ . ئىككىنچى ، ھەربىر كەسىپتە مۇۋەپپەقىيەت قازانغىلى بولىدىغان بولغاچقا ، كۈرەش قىلمىشتىن ئايرىلغىلى بولمايدۇ ؛ قەدەممۇقەدەم كۈرەش بىلەن ئىلگىرىلىسەك ، ئېھتىيات ئىچىدە شادلىقنىڭ سالمىقىمۇ ئېشىپ بارىدۇ . ئۈچىنچى ، كەسىپنىڭ خاراكتېرى جەھەتتە ، دائىم كەسىپداشلار بىلەن سېلىشتۇرۇپ ، تەڭ ئىلگىرىلەشكە توغرا كېلىدۇ ، خۇددى توپ مۇسابىقىسى قىلغاندەك ، رىقابەت داۋامىدا غەلىبە قىلىش تۇيغۇسىدىن خۇشاللىققا ئېرىشكىلى بولىدۇ . تۆتىنچى ، بىر كەسىپنى كۆڭۈل قويۇپ ئىشلىگەندە ، بارلىق بەڭگى خىياللار ، خام خىياللارغا چەك قويغىلى ، ھېسابسىز بىكار غەم ـ غۇسسىدىن قۇتۇلغىلى بولىدۇ . كۇڭزى : «ئىشنىڭ يولىنى بىلگەن ئادەم ، شۇ ئىشنى ياخشى كۆرىدىغان ئادەمگە يەتمەيدۇ ، ياخشى كۆرىدىغان ئادەم شۇ ئىشنى خۇشاللىق بىلەن ئىشلىگەن ئادەمگە يەتمەيدۇ » دېگەنىدى . ئادەم ئۆزىنىڭ كەسپىدىن لەززەت تاپالىسا ، ئاندىن تۇرمۇشنىڭ قىممىتى بولىدۇ . كۇڭزى ئۆزىنىڭ ھاياتىنى بايان قىلغاندا : «ئادەم بولۇش ئۈچۈن تىرىشىپ كىتاب ئوقۇپ ، تاماق يېيىشنىمۇ ئۇنتۇپ كەتتىم ، ئۆگىنىشنىڭ خۇشاللىقىغا غەرق بولۇپ ، غەم ـ قايغۇنىمۇ ئۇنتۇپ كەتتىم ، ھەتتا قېرىپ كەتكىنىمنىمۇ بىلمەي قالدىم ، ئىش مانا شۇنداق بولدى» دېگەنىدى . بۇ

www.uyghurkitap.com

خىل تۇرمۇش ھەقىقەتەن ئىنسانلارنىڭ كۆڭلىدىكىدەك تۇرمۇش ھېسابلىنىدۇ .

مەن ئۆمرۈمدە مۇنداق ئىككى سۆزدىن ئەڭ نەپ ئالدىم . ئۇنىڭ بىرى ، «مەسئۇلىيەتچانلىق» ؛ ئىككىنچىسى ، «قىزىقارلىق» . مەن ئۆزۈم دائىم بۇ ئىككى سۆزنى ئىشقا ئاشۇرۇشقا ۋە ئۇلارغا ماسلىشىشقا تىرىشتىم ھەم بۇ ئىككى سۆزنى دائىم دوستلىرىمغا توختىماي سۆزلەپ كەلدىم . بۈگۈن سۆزلىگەن كەسىپنى قەدىرلەش دېگىنىمىز مەسئۇلىيەتچانلىقنىڭ ، كەسىپكە ئىشتىياق باغلاش دېگىنىمىز قىزىقارلىق (لەززەتلىنىش ) دېگەننىڭ دەل ئۆزى . مەن ئىنسانلارنىڭ مۇۋاپىق تۇرمۇشىنىڭ ھامان مۇشۇنداق بولىدىغانلىقىغا چوڭقۇر ئىشىنىمەن ، سىلەرنىڭ مەن بىلەن بىللە نەپ ئېلىشىڭلارنى كۈتىمەن .

## مۇھاكىمە ۋە مەشىق

1 . تېكىستنى قايتا ـ قايتا ئوقۇپ ، ئاپتورنىڭ ئىلگىرى ـ كېيىن بولۇپ قايسى مەسىلىلەر ئۈستىدە مۇھاكىمە يۈرگۈزگەنلىكىنى ئويلاڭلار ؛ ئەسەردە «ئىنسانلارنىڭ مۇۋاپىق تۇرمۇشى ھامان مۇشۇنداق بولىدىغانلىقىغا چوڭقۇر ئىشىنىمەن» دېيىلگەن ، ئۆزىڭىزنىڭ كېيى بىلەن دەپ بېقىڭ ، «ئىنسانلارنىڭ مۇۋاپىق تۇرمۇشى» قانداق بولۇشى كېرەك ؟

2 . تېكىستتە «كەسىپ بولۇشى زۆرۈر»لۇكى ئۈستىدە توختالغاندا ، كۆڭزى بىلەن قەلبى راھىب توغرىسىدىكى ئىككى مىسالنى كەلتۈرۈپ چۈشەندۈرىدۇ ؟ «كەسىپ دېگەننىڭ ھەممىسى قىزىقارلىق بولىدۇ»غانلىقى ئۈستىدە توختالغاندا ، تۆت سەۋەبنى كۆرسىتىپ چۈشەندۈرگەن . ئىككى خىل يېزىش ئۇسۇلىدىن پايدىلىنىپ ، ئۆزىڭىزنىڭ چۈشەنچىسىگە ئاساسەن ، «كەسىپ بولۇشى زۆرۈر»لۇكىگە بىر-

نەچچە سەۋەب كۆرسىتىڭ ياكى «كەسىپ دېگەننىڭ ھەممىسى قىزىقار-
لىق بولىدۇ»غانلىقىغا بىرنەچچە مىسال كەلتۈرۈڭ.

3. «ئۆزىنىڭ قابىلىيىتى، ئەھۋالىغا قاراپ، بىرەر خىل ئەم-
گەكنى قىلىپ ۋايىغا يەتكۈزسە، جاھاندىكى بىرىنچى دەرىجىلىك ئادەم
بولىدۇ.» يازغۇچىنىڭ مۇشۇ ئۆلچىمى بىلەن ئۆلچىگەندە، ئۆز ئەترا-
پىڭىزدىن «جاھاندىكى بىرىنچى دەرىجىلىك ئادەم»دىن بىر - ئىككىنى
تاپالامسىز؟ ئۇلارنى ساۋاقداشلار بىلەن ئورتاقلىشىڭ.

4. تېكىستتە: «ئىشنىڭ خاراكتېرىنى ئىلمىي جەھەتتىن ئانا-
لىز قىلساق، ئۇنىڭ يۇقىرى - تۆۋىنى بولمايدۇ» دېيىلگەن. يەنە:
«مەن ياغاچچى بولسام بىر ياخشى ئۈستەل ياسىيالايدىغانلىقىمغا ئىشە-
نىمەن، بۇ سىلەر سىياسىيونلارنىڭ بىر جۇمھۇرىيەت قۇرغىنىڭلار
بىلەن ئوخشاش قىممەتكە ئىگە» دېيىلگەن. ۋاھالەنكى، بەزىلەر ناپو-
لېئوننىڭ: «گېنېرال بولۇشنى ئويلىمايدىغان ئەسكەر ياخشى ئەسكەر
ئەمەس» دېگەن سۆزىنى نەقىل كەلتۈرىدۇ. مۇزاكىرە قىلىپ بېقىڭلار،
بۇ مەسىلىگە زادى قانداق قاراش كېرەك؟

5. تۆۋەندىكى جۈملىلەردىكى تەڭداش بۆلەكلەرنى ئايرىپ چىقىڭ
ھەمدە سوئال قويۇش ئارقىلىق ئۇلارنىڭ قانداق تەڭداش بۆلەك ئىكەن-
لىكىنى ئېيتىپ بېرىڭ:

① قورسىقى توق، جاھاندىن غېمى يوق كىشىلەر ياراملىق ئادەم
بولالمايدۇ.

② ئىش خوشياقماس، بىكار تەلەپلەرنى ئەۋلىيامۇ ھېچ نەرسە
قىلالمايدۇ.

③ ئۆزىمىز قايسى خىل ئەمگەك قىلىشىمىز كېرەك؟ بۇ
بىزنىڭ قابىلىيىتىمىزگە، ئەھۋالىمىزغا باغلىق.

④ بىز ھەر خىل كەسىپلەرنى ئايرىپ، تاللاپ ئولتۇرمايمىز.

⑤ جاھاندا بىرىنچى ئورۇندىكى جاپاكەش ئاشۇ بىكار تەلەپ،
لايغەزەللەردۇر.

## 2 . ۋولتېر ۋاپاتىنىڭ 100 يىللىقىنى خاتىرىلەش نۇتقى

ۋىكتور هيوگو

*1778 - يىلى «كىشىلەرنى هۆرلۈككە مېڭىشقا تەربىيىلىگەن» ، «فرانسىيىنىڭ ئىدېئولوگىيە شاهى» ۋولتېر[①] بۇ دۇنيا بىلەن ئەبەدىي خوشلاشتى . 100 يىلدىن كېيىن ، يەنە بىر ئۇلۇغ ئىنسانپەرۋەر جەڭچى — ۋىكتور هيوگو ۋولتېرنىڭ باقىي ئالەمگە كەتكەنلىكىنىڭ 100 يىللىقىنى خاتىرىلەش مۇنبىرىدە تۇرۇپ ، كۈچلۈك هاياجان ئىلكىدە بۇ نۇتۇقنى سۆزلىدى . تېكىستنى ئوقۇپ ، كۆزگە كۆرۈنگەن بۇ ئىككى زاتنىڭ ئىدىيىسىنىڭ پارلاق نۇرىدىن بەھرە ئالايلى .*

100 يىلدىن ئىلگىرىكى بۈگۈنكى كۈندە غايەت زور بىر يۇلتۇز كۆچۈپ كەتتى . لېكىن ، ئۇ مەڭگۈ ياشايدۇ . ئۇ ئۇزۇن ئۆمۈر كۆرگەنگە يارىشا ، بويى بىلەن تەڭ ئەسەرلىرىنى قالدۇرۇپ كەتتى . ئۇ ئەڭ شانلىق ، ئۇ داقلا ئەڭ مۇشەققەتلىك ۋەزىپىنى ، يەنى ئېسىل پەزىلەتنى يېتىلدۈرۈش ، ئىنسانلارنى تەربىيىلەش ۋەزىپىسىنى ئۈستە-

---

① ۋولتېر ( Voltaire 1694 — 1778 ) فرانسىيىنىڭ مەرىپەتچىلىك (ئويغىنىش ) دەۋرىدىكى مۇتەپەككۇر ، ئەدىب ۋە پەيلاسوپ . ئىككى قېتىم قولغا ئېلىنىپ ، تۈرمىگە تاشلانغان . تەرەققىيپەرۋەر پادىشاھلىق سىياسىتىنى تەشەببۇس قىلىپ ، هۆرلۈك ۋە باراۋەرلىكنى تەكىتلىگەن . ئۇنىڭ «پەلسەپە ھەققىدىكى خەت - چەكلەر» ، «مېتافىزىكا» قاتارلىق ۋەكىللىك ئەسەرلىرى بار .

گە ئالغانىدى . ئۇ قارغىشقىمۇ ئۇچرىدى ، بەخت تىلەشلەرگىمۇ مۇيەسسەر بولدى . ئۇ ئۆتمۈشنىڭ قارغىشىغا ئۇچرىدى . كېلەچەكنىڭ مەدھىيىسىگە ئېرىشتى . ئەپەندىلەر ، بۇ شان ـ شەرەپنىڭ ئىككى خىل گۈزەل شەكلى . ئۇ سەكراتقا چۈشۈپ قالغان پەيتتە ، بىر تەرەپتە زامانداشلار بىلەن ئەۋلادلارنىڭ ئالقىش ، مەدھىيىلىرى ياڭراپ تۇرسا ، يەنە بىر تەرەپتە كونا زاماننىڭ چوڭقۇر ئۆچمەنلىككە تولغان كۆرەڭلەرچە مەسخىرە قىلىشى ۋە نەپرىتى تۇراتتى . ۋولتېر بىر ئادەملا بولۇپ قالماستىن ، ئۇ بىر ئەسىر ئىدى ، ئۇ ئۆز رولىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇپ ، بۇرچىنى ئادا قىلغانىدى . روشەنكى ، ئۇ تۇغۇلۇشى بىلەنلا ئۆز تەقدىرىنىڭ قانۇنىيىتى بىلەن تەبىئەتنىڭ قانۇنىيىتى ئىچىدىكى ئەڭ ئالىيجاناب ئارزۇسىدىن پايدىلىنىپ ئورۇندايدىغان مۇشۇ ئىشقا تاللانغانىدى . ئۇ 84 يىللىق ئۆمرىدە يۇقىرى پەللىگە يەتكەن مۇستەبىت پادىشاھلىق سىياسىي تۈزۈمى ۋە دەسلەپكى شەپەق نۇرى كۆتۈرۈلگەن ئىنقىلاب دەۋرىنى باشتىن كەچۈردى . ئۇ تۇغۇلغاندا لوئىس XIV تېخى تەختتە ئولتۇراتتى ، ئۇ ۋاپات بولغاندا لوئىس XVI تاج كىيىپ بولغانىدى . شۇنىڭ ئۈچۈن ، ئۇنىڭ بۆشۈكىدە خاندانلىقنىڭ گۈللەنگەن دەۋرىنىڭ ساقىندى نۇرلىرى چاقناپ تۇرىدۇ ، ئۇنىڭ تاۋۇتىدىن چوڭقۇر پالاكەتنىڭ ئەڭ دەسلەپكى ئاجىز نۇرى چېچىلىپ تۇرىدۇ .

(چاۋاك )

ئەپەندىلەر ، بۈيۈك ئىنقىلابتىن ئىلگىرى جەمئىيەتنىڭ قۇرۇلمىسى مۇنداق ئىدى : تۆۋەن تەرەپتە خەلق تۇراتتى ؛ خەلقنىڭ ئۈستىدە روھانىيلار ۋەكىللىك قىلىدىغان دىن تۇراتتى ؛ دىننىڭ يېنىدا سوتچى ئەمەلدار ۋەكىللىك قىلىدىغان ئەدلىيە تۇراتتى .

ئەمما ، ئاشۇ باسقۇچتىكى جەمئىيەتتە خەلق نېمە ئىدى ؟ نادانلار ئىدى . دىن نېمە ئىدى ؟ كەڭ قورساق ئەمەس ئىدى . ئەدلىيە نېمە ئىدى ؟ ئادالەتسىز ئىدى .

شۇڭا ، ئەي ۋولتېر ! سەن قەھرلىك چۇقان سالغانىدىڭ ، بۇ

سىڭنىڭ ئەبەدىي شان ــ شەرىپىڭ بولۇپ قالغۇسى! (گۇلدۇراس چاۋاكلار)

شۇنىڭ بىلەن سەن، ئۆتمۈش بىلەن بىر قورقۇنچلۇق دەۋانى باشلىۋەتتىڭ، سەن ئىنسانلارنىڭ ئەرز ــ شىكايەت دېلوسىنى ئاقلىدىڭ، زالىم پادىشاھ ۋە قەبىھ روھانىيلارنى سۆكتۈڭ، سەن دەۋادا يەڭدىڭ. ئەي ئۇلۇغ زات، سەن مەڭگۈ مەدھىيىگە نائىلسەن! (يەنە چاۋاك ياڭرىدى)

ۋولتېر بۇ بەڭۋاش، تۇتۇرۇقسىز، شۇنداقلا پاجىئەلىك، نادامەتلىك جەمئىيەتكە ئۆزى يالغۇز روبىرو تۇردى، ئۇنىڭ ئالدىدا ھەر خىل كۈچلەرنىڭ ئىتتىپاقى — ئوردا، ئاقسۆڭەكلەر، پۇل مۇئامىلە ساھەسى؛ بىر تۈركۈم ئاڭسىز كۈچلەر، بىر توپ قارىغۇلار؛ قىلمىغان رەزىللىكلىرى قالمىغان، يۇقىرىغا خۇشامەت قىلىپ، تۆۋەننى بوزەك ئېتىپ، پادىشاھنىڭ ئالدىدا ئۆمىلەپ، خەلقنىڭ بېشىغا مىنىۋالغان سوتچىلار (ئالقىش)؛ بىر تۈركۈم چاكىنا، تەلۋە، مەككار روھانىيلار تۇراتتى، ۋولتېر، مەن يەنە بىر قېتىم دەيمەن. بۇ جەمئىيەتنىڭ بارلىق رەزىل كۈچلىرىنىڭ چوڭ ئىتتىپاقىغا، بۇ چەكسىز تېررورلۇق قاپلىغان دۇنياغا يالغۇز ئۆزى جەڭ ئېلان قىلدى، ئۇ بۇ جەڭنى قوبۇل قىلدى. ئۇنىڭ قورالى نېمە ئىدى؟ بۇ قورال مەيىن شامالدەك يېنىك، چاقماقتەك شىددەتلىك — قەلەم ئىدى. (چاۋاك)

ئۇ مۇشۇ قورال بىلەن كۈرەش قىلدى، ئۇ مۇشۇ قورال بىلەن دۈشمەننى يەڭدى.

ۋولتېر دۈشمەننى يەڭدى. ئۇ ئۆزى يالغۇز جەڭ قىلدى، قالتىس بىر جەڭ قىلدى. بۇ بىر ئۇلۇغ جەڭ، ئىدىيىنىڭ ماددىغا قارشى قىلغان جېڭى، ئىدراكنىڭ بىر تەرەپلىمە قاراشقا قارشى قىلغان جېڭى، ئادالەتنىڭ ئادالەتسىزلىككە قارشى قىلغان جېڭى، ئېزىلگۈچىلەرنىڭ ئەزگۈچىلەرگە قارشى قىلغان جېڭى، ئۇ شەپقەتلىك جەڭ، نازاكەتلىك جەڭ. ۋولتېردا ئاياللارنىڭ مېھرىبانلىقى ۋە قەھرىمانلار-

www.uyghurkitap.com

نىڭ غەزەپ ئوتى بار ئىدى ، ئۇنىڭ ئۇلۇغ مېڭىسى ۋە چەكسىز كەڭ كۆكسى ـ قارنى بار ئىدى . (ئالقىش)

ئۇ قەدىمكى قانۇنلار ، كونىرىغان دوگمىلىقلار ئۈستىدىن غەلىبە قىلدى . ئۇ فېئودال پادىشاھنى ، ئوتتۇرا ئەسىر ئۇسلۇبىدىكى سوتچىنى ، رىم كاتولىك دىنى ئۇسلۇبىدىكى پاتېرنى يەڭدى . ئۇ ئاددىي پۇقرالارغا كىشىلىك ئىززەت ـ ھۆرمەت بېغىشلىدى . ئۇ كىشىلەرگە تەلىم بەردى ، تەسەللىي بەردى ، تەربىيىلىدى . ئۇ سىلۋان① بىلەن مومباي② ئۇچۇن كۈرەش قىلدى ، خۇددى ئۇ كاراس③ بىلەن رابال④ ئۇچۇن كۈرەش قىلغاندەك ؛ ئۇ بارلىق تەھدىت ، بارلىق ھاقارەت ، بارلىق بۇزغۇنچىلىق ، كەمسىتىش ، لۈكچەكلىكلەرگە بەرداشلىق بەردى . ئۇ ئېگىلمىدى ، سۇنمىدى ، قەتئىي تەۋرەنمىدى ، ئۇ زوراۋانلىقنى تەبەسسۇم بىلەن يەڭدى ، ئىستىبداتلارنى مەسخىرە بىلەن يەڭدى ، دىنىنىڭ تەمەنناسىنى كىنايە بىلەن يەڭدى ، جاھىللىقنى سۇبات بىلەن يەڭدى ، نادانلىقنى ھەقىقەت بىلەن يەڭدى .

يۇقىرىدا مەن «تەبەسسۇم» دېگەن سۆزنى ئىشلەتتىم . تەبەسسۇم دېمەك ۋولتېر دېمەكتۇر .

ئەپەندىلەر ، بىز شۇنداق دېيىشىمىز كېرەك ، چۈنكى سۈكۈنات بۇ پەيلاسوپنىڭ ئۇلۇغ بىر تەرىپى ، تەمكىن روھىي ھالەت ۋولتېرنىڭ ۋۇجۇدىدا ئاخىر قايتىدىن مۇئەييەنلىشىدۇ . مەيلى ھەققانىي غەزەپ قانچە زور بولۇشىدىن قەتئىينەزەر ، ئۇ ھامان ئۆتۈپ كېتىدۇ . ئىزاغا

---

① سىلۋان — 1762 ـ يىلى سىلۋان ئەر ـ خوتۇن كاستېردا ئۆزىنىڭ قىزىنى ئۆلتۈرگەن ، دەپ ئەيىبلەنگەنلىكتىن ، شۋېتسارىيىگە قېچىپ كېتىشكە مەجبۇر بولىدۇ ، ئۇ يەردە ۋولتېردىن پاناھلىق تىلەيدۇ . ۋولتېر شۋېتسارىيە چېگرىسىدىكى فېرنىدىكى ئائىلىسىدە ئۇلارنى ئېلىپ قالىدۇ . 1764 ـ يىلى سىلۋان ئەر ـ خوتۇن ئۆزلىرى قاتناشمىغان سوتتا ئۆلۈمگە ھۆكۈم قىلىنىدۇ . ۋولتېرنىڭ تىرىشچانلىقى ئارقىسىدا 1769 ـ يىلى ئاقلىنىدۇ .

② مومباي — 1770 ـ يىلى مومباي ئەر ـ خوتۇنغا ئاراپ سوتى ئاتىسىنى ئۆلتۈرگەن ، دېگەن جىنايەتنى ئارتىپ ، ھۆكۈم چىقىرىدۇ . ئەر ھارۋا چاقى جازاسىغا ئۇچرىغاندىن كېيىن ، ئوتقا تاشلىنىدۇ . خوتۇنىمۇ ئوتقا تاشلاپ ئۆلتۈرۈشكە ھۆكۈم قىلىنغانىدى . ۋولتېر قايتا تەكشۈرۈشنى تىرىشىپ قولغا كەلتۈرىدۇ ، نەتىجىدە بۇ ئىككىيلەننىڭ گۇناھسىزلىقى ئىسپاتلىنىدۇ .

③ كاراس — 1762 ـ يىلى كاراس ئوغلىنىڭ كاتولىك دىنى مۇرتى بولۇشىنى چەكلەپ ، ئۆزىنىڭ ئوغلىنى ئۆلتۈرگەن ، دەپ ئەيىبلىنىپ ، 3 ـ ئاينىڭ 9 ـ كۈنى دەھشەتلىك جازالىنىپ ، ئۆلۈپ كېتىدۇ .

④ رابال — ئىسا ئازاب چېكىۋاتقان كرېست جازىسىنى تاشلىۋەتتى ، دەپ ئەيىبلىنىپ ، قاتتىق تاياقتا يېسىلغان ، 1766 ـ يىلى ئوتقا تاشلاپ ، كۆيدۈرۈپ ئۆلتۈرۈلگەن . ئۆلگەن چاغدا ئاران 19 ياش ئىدى .

چىدىماي ، غەزەپلەنگەن ۋولتېر هامان تەمكىن ۋولتېرغا ئۆرۈن بېرى-
دۇ . شۇنىڭ بىلەن بۇ چوڭقۇر ئورا كۆزلەردىن تەبەسسۇم چاقنايدۇ .
بۇ دانا تەبەسسۇم . بۇ تەبەسسۇم ، مەن يەنە بىر قېتىم دېسەم ،
ئۇ ۋولتېر ، بۇ تەبەسسۇم بەزىدە قاقاقلىغان كۈلكىگە ئايلىنىدۇ ،
لېكىن ئۇنىڭغا پەلسەپىۋى ئازاب يوشۇرۇنغان . كۈچلۈكلەرگە نىسبە-
تەن ئۇ مەسخىرە قىلغۇچى ؛ ئاجىزلارغا نىسبەتەن ، ئۇ تەسەللىي بەر-
گۈچى . ئۇ ئەزگۈچىلەرنى خاتىرجەمسىزلەندۈرۈپ ، ئېزىلگۈچىلەرنى
خاتىرجەم قىلدى . تۆرە - غوجىلارغا مەسخىرە بىلەن تاقابىل تۇردى ؛
پۇقرالارغا ئىچ ئاغرىتىپ تەسەللىي بەردى . ئاھ ! بىز بۇ تەبەسسۇمدىن
تەسىرلىنەيلى . بۇ تەبەسسۇمدا تاڭ شەپقىنىنىڭ شولىسى بار . ئۇ ھەقى-
قەتنى ، ئادالەتنى ، مېھرىبانلىقنى ۋە سەممىيەتنى يورۇتتى ؛ ئۇ خۇ-
راپاتلىقنىڭ ئىچكى قىسمىنى يورۇتۇپ ئاشكارىلىۋەتتى ، بۇنداق رەزىل-
لىكنى كۆرۈپ قويغاننىڭ پايدىسى بار ، ئۇ رەزىللىكنى ئوچۇق كۆر-
سىتىپ بەردى . ئۇنىڭدا نۇر بار ، ھاياتلىقنىڭ تەۋەللۇتىنى تېزلەتكۈ-
چى قۇدرەت بار . يېڭى جەمئىيەت ، باراۋەرلىك ، يول قويۇش ئارزۇسى
بىلەن كەڭ قورساقلىق دەپ ئاتىلىدىغان بۇ مېھىر - مۇھەببەتنىڭ
باشلىنىشى ، ئۆزئارا خەيرىخاھلىق ، كىشىگە مۇناسىپ ھوقۇق بې-
رىش ، ئىدراكنىڭ ئەڭ ئالىي پرىنسىپ ئىكەنلىكىنى ئېتىراپ قى-
لىش ، بىر تەرەپلىمىلىك ۋە ئاداۋەتنى ئەمەلدىن قالدۇرۇش ، كۆڭۈل-
نىڭ خاتىرجەملىكى ، كەڭ قورساقلىق ۋە ئەپۇچانلىق روھى ، ئىناق-
لىق ، تىنچلىق ، مانا بۇلارنىڭ ھەممىسى مۇشۇ ئۇلۇغ تەبەسسۇم
ئىچىدىن چىققان .
ئەپەندىلەر ، پەقەت گرېتسىيە ، ئىتالىيە ۋە فرانسىيەلەردىلا دەۋر-
گە ئادەمنىڭ نامىنى بېرىش ھوقۇقى بار ، مانا بۇ مەدەنىيەتنىڭ ئەڭ
ئالىي ئۆلچىمى . ۋولتېردىن ئىلگىرى ، مەلۇم دۆلەتلەر داھىيسىنىڭ
ئىسمى بىلەن دەۋرگە نام بېرىشتە ئۆلگە ياراتتى ؛ ۋولتېر دۆلەتنىڭ
داھىيسىدىنمۇ مۇھىم ، ئۇ ئىدىيىنىڭ داھىيسى . ۋولتېرغا كەلگەندە

بىر يېڭى ئېرا باشلاندى . بىز بۇنىڭدىن كېيىن ، ئىدىيە ئىنسانلارنىڭ ئەڭ ئالىي ھۆكۈمرانلىق ھوقۇقى بولىدىغانلىقىنى ھېس قىلدۇق . زاكون تايىقى بىلەن قىلىچ ـ نەيزىلەر قايرىلدى ، پارلاق نۇر ئۇنىڭ ئورنىنى ئالغۇسى ، يەنى نوپۇز ئەركىنلىككە ئۆزگەردى . ئۇنىڭدىنمۇ ئالىي ھوقۇق بولمايدۇ . خەلققە قانۇن ، شەخسكە ۋىجدانلا كېرەك . ھەربىرىمىزگە نىسبەتەن ئېيتقاندا ، يۈكسىلىشنىڭ ئىككى تەرىپى ناھايىتى ئېنىق ئىپادىلەندى . بۇ : بىز ئادەم بولۇشىمىز ، ئۆزىمىزنىڭ ھوقۇقىنى يۈرگۈزۈشىمىز كېرەك ؛ بىر پۇقرا بولۇشىمىز ، ئۆزىمىزنىڭ بۇرچىنى ئادا قىلىشىمىز كېرەك .

بىز ئۆلگۈچىگە ، بۇ جانغا ، بۇ ئۇلۇغ روھقا بۇرۇلۇپ قارايلى . بىز كىشىنىڭ ھۆرمىتىنى قوزغايدىغان بۇ قەبرە ئالدىدا تەزىم قىلايلى . بىز بۇ زاتتىن تەلىم ئالايلى ، ئۇنىڭ ئىنسانلارغا پايدىلىق ھايات شامى 100 يىلدىن ئىلگىرىلا ئۆچكەن بولسىمۇ ، لېكىن ئۇنىڭ ئەسەرلىرى ئۆلمەيدۇ . بىز ئۇنىڭدىن باشقا كۈچلۈك مۇتەپەككۇرلاردىنمۇ تەلىم ئالايلى ، ۋولتېرنىڭ بۇ شەرەپلىك ياردەمچىلىرىدىن تەلىم ئالايلى ، روسسو[1] دىن ، دىدرو[2] ، مونتېسكيۇ[3] دىن تەلىم ئالايلى . بىز بۇ بۈيۈك ئاۋازغا جور بولايلى . ئىنسانلارنىڭ يەنە قان تۆكۈشىنى چەكلەيلى . يېتەر ! يېتەر ئەمدى ! زوراۋان پادىشاھلار . ھەي ، ياۋايىلىق يەنىلا مەۋجۇت بولۇپ تۇرماقتا ، بەس ، پەلسەپە نارازىلىق بىلدۈرسۇن ! قىلىچ ـ نەيزىلەر تەلۋىلەشسە ، مەدەنىيەت بەرق ئۇرۇپ كۆتۈرۈلىدۇ . 19 ـ ئەسىرگە 18 ـ ئەسىر ياردەم بەرسۇن ؛ بىزنىڭ پەيلاسوپ ئەجدادلىرىمىز ھەقىقەتنىڭ تەشەببۇسچىلىرى ئىدى ، بىز بۇ

---

① روسسو (1712 — 1778 ) — فرانسىيىنىڭ مەرىپەتچىلىك دەۋرىدىكى مۇتەپەككۇر ، پەيلاسوپ ، مائارىپشۇناس ، ئەدىب .

② دىدرو (1713 — 1784 ) — فرانسىيىنىڭ مەرىپەتچىلىك دەۋرىدىكى مۇتەپەككۇر ، پەيلاسوپ ، ئەدىب ، ئېستېتىكاشۇناس . «قامۇس» تۈزۈپ چىققان .

③ مونتېسكيۇ (1689 — 1755 ) — فرانسىيىنىڭ مەرىپەتچىلىك دەۋرىدىكى مۇتەپەككۇر ، ئىجتىمائىيەتشۇناس . ئۇ ئۈچ ھوقۇقنى ئايرىش تەلىماتىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ ، تەرەققىيپەرۋەر پادىشاھلىق ئاساسىي قانۇنىنى تۈزۈش تۈزۈمى ۋە ئىختىساد ئەركىنلىكىنى تەشەببۇس قىلىپ ، دىننى ئىسلاھ قىلىشنى تەلەپ قىلغان . ئۇنىڭ «پارس مەكتۇپلىرى» ناملىق داڭلىق ئەسىرى ئۇيغۇرچە نەشر قىلىنغان .

نادىر روھلارغا ئىلتىجا قىلايلى ؛ ئۇلار ئۇرۇشنى پىلانلىغان پادىشاھ خاندانلىقلىرىغا دەرقەم تۇرۇپ ، ئادەملەرنىڭ ياشاش ھوقۇقىنى ، ۋىجداننىڭ ھۆرلۈك ھوقۇقىنى ، ئىدراكىنىڭ ئەڭ ئالىي نوپۇزىنى ، ئەمگەكنىڭ مۇقەددەسلىكىنى ، تىنچلىقنىڭ مېھرىبانلىقىنى ئاشكارا جاكارلىسۇن . زۇلمەت خاندانلىقلارنىڭ سەلتەنەت تەختىدىن چىققاندەكەن ، يورۇقلۇق قەبرىلەردىن چىقسۇن ! (ھەممەيلەن ئۇزاققىچە توختىماي ئالقىش ياڭراتتى . ھەر تەرەپتىن : «ياشىسۇن ۋىكتور ھيوگو !» دەپ توۋلاشتى .)

1878 ـ يىل 30 ـ ماي

## مۇھاكىمە ۋە مەشىق

1 . تېكىستنى كۆچلۈك ھېسسىيات بىلەن ئۈنلۈك ئوقۇپ ، ھيوگونىڭ تولۇپ تاشقان ھېسسىياتىنى ، رومانتىك تۇسكە باي نۇتۇق تىلىنى ھېس قىلىڭلار ھەم مۇشۇنداق تىل ئۇسلۇبىغا ئەڭ ۋەكىل بولالايدىغان ئابزاستىن بىرنەچچىنى تاللاپ ، ئۇنى يادلىۋېلىڭلار .

2 . ھيوگونىڭ نۇتقىدىن ۋولتېرنىڭ ئىنسانىيەت مەدەنىيىتىگە قوشقان قانداق تۆھپىلىرىنى بىلىۋالدىڭىز ؟ ھيوگو نېمە ئۈچۈن ۋولتېر ياشىغان دەۋرنى «بىر يېڭى ئېرا»نىڭ باشلىنىشى ، دەپ ئاتايدۇ ؟

3 . تۆۋەندىكى جۈملىلەرنى مۇلاھىزە قىلىپ ، ھيوگونىڭ ھېسسىياتقا تويۇنغان ، شېئىرلاشقان تىلىدىكى چوڭقۇر مەنىنى ھېس قىلىپ بېقىڭلار .

1) ئۇ قارغىشقىمۇ ئۇچرىدى ، بەخت تىلەشلەرگىمۇ مۇيەسسەر بولدى : ئۇ ئۆتمۈشنىڭ قارغىشىغا ئۇچرىدى ، كېلەچەكنىڭ مەدھىيىسىگە ئېرىشتى . ئەپەندىلەر ، بۇ شان ـ شەرەپنىڭ ئىككى خىل گۈزەل شەكلى .

www.uyghurmap.com

2) بىز بۇ تەبەسسۇمدىن تەسىرلىنەيلى . بۇ تەبەسسۇمدا تاڭ شەپقىنىنىڭ شولىسى بار .

3) بىز بۇنىڭدىن كېيىن ، ئىدىيە ئىنسانلارنىڭ ئەڭ ئالىي ھۆ- كۈمرانلىق ھوقۇقى بولىدىغانلىقىنى ھېس قىلدۇق .

4) زۇلمەت خانىدانلىقلارنىڭ سەلتەنەت تەختىدىن چىققانىكەن ، يورۇقلۇق قەبرىلەردىن چېچىلسۇن !

4 . تېكىستتە ھيوگو ۋولتېرنىڭ ئىنسانىيەت مەدەنىيىتىنىڭ تەرەققىيات تارىخىدا ئوينىغان غايەت زور رولىنى مەدھىيىلىگەن . سىز چوقۇم ھيوگو شۇ قەدەر چوقۇنغان ئۇلۇغ كىشىنى تېخىمۇ چۈشىنىش- نى ئويلاۋاتقانسىز . دەرستىن سىرت ۋاقىتتا ۋولتېرنىڭ ھاياتى ، ئىجادىيىتى ، ئىدىيىسىگە ئائىت ماتېرىياللارنى تېپىپ ، ساۋاقداشلار بىلەن ئورتاقلىشىڭ .

5 . تېكىستتىكى نۇرغۇن جۈملىلەردە تەكىداش بۆلەكلەر قوللى- نىلغان . ئۇلاردىن بىرقانچىنى تېپىپ چىقىڭ ، ئاندىن ئۇلارنىڭ قاي- سى خىل بۆلەك بولىدىغانلىقىنى ھەممە قايسى سۆز تۈركۈمىگە كىرى- دىغانلىقىنى ئايرىپ كۆرسىتىڭ .

# 3. ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىن ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنىدا سۆزلەنگەن سۆز

ئازاد رەھمىتۇللا سۇلتان①

شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ پروفېسسورى، زامانىمىزنىڭ تونۇلغان ئالىمى ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىننىڭ ۋاپات بولغىنىغا ئون يىلغا يېقىن ۋاقىت بولۇپ قالدى. شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى بۈگۈن ناھايىتى ئەھمىيەتلىك بىر پائالىيەت ئۆتكۈزۈپ، بۇ مۆھتەرەم ئۇستازنىڭ ئىلمىي ئىجادىيەتلىرىنى مەخسۇس مۇھاكىمە قىلدى. ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ئەڭ چوڭ مەرىپەت ئوچىقى بولغان شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ مەكتەپ قۇرۇلغانلىقىنىڭ 80 يىللىق تويىنى كۈتۈۋېلىش ھارپىسىدا ئاپتونوم رايونىمىزدىكى مەشھۇر جامائەت ئەربابلىرى، مائارىپچىلار، مۇتەخەسسىسلەر بىر سورۇنغا جەم بولۇپ، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىدا تەربىيىلىنىپ يېتىشىپ چىققان بۇ مەرىپەت باغۋەنىنىڭ ئىلمىي ئەمگەكلىرى، تۆھپە ـ نەتىجىلىرى ھەققىدە كەڭ ـ كۇشادە سۆزلىشىپ، ئۇنىڭ قىسقا، ئەمما ئىنتايىن ئەھمىيەتلىك ھاياتىغا يۇقىرى باھا بېرىشتى. بۇ ئىلمىي پائالىيەتتە ئەۋجىگە كۆتۈرۈلگەن كەيپىيات ۋە تىپىك ھېسسىيات شەك ـ شۈبھىسىزكى، خەلقىمىزنىڭ

① ئازاد رەھمىتۇللا سۇلتان — 1951 ـ يىلى ئۈرۈمچىدە تۇغۇلغان. پروفېسسور، ئەدەبىياتشۇناس. 1982 ـ يىلى تيەنجىن نەنكەي ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ ئەدەبىيات فاكۇلتېتىنى پۈتكۈزگەن. ئۇنىڭ «بۈگۈنكى زامان ئۇيغۇر ئەدەبىياتى توغرىسىدا»، «يېڭى دەۋر جۇڭگو ئەدەبىياتى» قاتارلىق كىتابلىرى نەشر قىلىنغان. بۇ نۇتۇق شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى قۇرۇلغانلىقىنىڭ 80 يىللىقىغا تەييارلىق كۆرۈش مۇناسىۋىتى بىلەن 2003 ـ يىل 12 ـ ئاينىڭ 23 ـ كۈنى شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى فىلولوگىيە ئىنستىتۇتى ئۆتكۈزگەن «ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىن ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنى»دا سۆزلەنگەن. دەرىسلىككە «شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلى» نىڭ 2004 ـ يىللىق 2 ـ سانىدىن قىسقارتىپ ئېلىندى.

بوگۈنكى راينى ئەكس ئەتتۈردى . چۈنكى ، ئالىمنىڭ ۋاپاتىدىن كېيىنكى بۇ ئاي ، بۇ كۈنلەردە خەلقىمىز ئۆزلىرىنىڭ كىمدىن ئايرىلىپ قالغانلىقىنى ، نېمىنى يوقىتىپ قويغانلىقىنى تەدرىجىي ھېس قىلماقتا ئىدى . دېمەك ، بىز ئويلىنىش ئىچىدە ، ئىلگىرىلەش ئىچىدە مۆھتەرەم ئۇستازىمىزنى چوڭقۇر سېغىنماقتىمىز .

ئىنسانىيەت ئالىمىدە ئۆلمەيدىغان ئادەم يوق . مەيلى ئۇ ئۆمۈر چولپىنى بولۇپ ، باشقىلاردىن ئۇزۇنراق ياشىسىمۇ ئۇ يەنىلا بەرىبىر ئۆلىدۇ . لېكىن ، ئوخشىمايدىغان ئادەملەرنىڭ ئۆلۈمىنىڭ ھايات كىشىلەرنىڭ قىممەت تارازىسىدىكى سالمىقى ئەسلا ئوخشىمايدۇ . بەزىلەر ئۆلۈپ لەھەتكە كىرە - كىرمەيلا تىرىكلەرنىڭ ئارىسىدا نام - نىشانى ئۆچۈپ تۈگەيدۇ . بەزىلەرنىڭ جىسمى كېپەنلىنىپ كەتسىمۇ ، ھەتتا جىسمى تۇپراققا ئايلىنىپ كەتسىمۇ ، ئەمما ئۇلارنىڭ نام - يۇلتۇزى ئۆچمەيدۇ ، ئىز - تەسىرى يىتمەيدۇ ، تۆھپە - ئەمگىكى كىشىلەرنىڭ ئاغزىدىن چۈشمەيدۇ .

ئالىم ۋاپات بولۇپ بىر يىلدىن كېيىن ، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ ئىككى ئوقۇتقۇچىسى «غايە — ئىزدىنىش — مۇۋەپپەقىيەت» سەرلەۋھىسىدە بىر پارچە ماقالە ئېلان قىلغانىدى . ئۇنىڭدا ئالىمنىڭ بىر قاتار ئىجتىمائىي پائالىيەتلىرى ، مائارىپ ، ئىلمىي تەتقىقات ، بەدىئىي ئىجادىيەت ۋە تەرجىمە ساھەلىرىدىكى چېلىقارلىق ھەم بۆسۈش خاراكتېرلىك مۇۋەپپەقىيەتلىرى ، بولۇپمۇ ئالىمنىڭ مىللىي مەدەنىيەت تەتقىقاتىدىكى ئۆزىگە خاس ئىزدىنىشلىرى ، ئىلىم سەھنىسىدىكى ئورنى ، كېيىنكىلەرگە ۋە ئەتراپىدىكىلەرگە كۆرسەتكەن تەسىرى قاتارلىقلار مۇھاكىمىلىك بايان قىلىنغان . قۇرۇق مەدھىيىنى ئەمەس ، پاكىتنى ئاساس قىلغان بۇ ماقالە كەڭ جامائەتنىڭ ئالىمنى ۋە ئۇنىڭ ئىجادىي ئەمگەكلىرىنى چوڭقۇرلاپ چۈشىنىشىدە ئاكتىپ رول ئوينىغان .

ئالىم ئابدۇشۇكۇر مۇھەممەتئىمىن شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ ئوقۇتۇش مۇنبىرىدە يېڭى - يېڭى دەرسلەرنى تەسىس قىلغان ، ئىلمىي

ئەتىقاتتىكى زور نەتىجىلەرگە يۆلىنىپ تۇرۇپ ئوقۇتۇشنى ئوتتۇقلۇق ئەشكىللىگەن يېتىلگەن مائارىپچى ، تۆھپىكار باغۋەن ئىدى . بۇگۈنكى ئالىي مائارىپتا ئوقۇتقۇچىلارغا سالاھىيەت ۋە خىزمەت تەرەپتىن قويۇلۇۋاتقان تەلەپلەرنى ئالدىنبۇرۇن تەلتۆكۈس ھازىرلىغان ئۈلگىلىك مۇئەللىم ئىدى . شۇنىڭ ئۈچۈن ، ئالىي مەكتەپنىڭ بىزگە ئوخشاش ئىزباسار مۇئەللىملىرى ، ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىن ۋە ئۇنىڭ بىلەن بىر قاتاردىكى بىر تۈركۈم ئۇستازلار بىلەن خىزمەتداش بولغانلىقىمىزدىن ئىپتىخارلىنىمىز . ئۇ مۇنەۋۋەر ئۇستازنى ھەرۋاقىت سېغىنىمىز ، ئۇنىڭ ئۆگىنىش ، ئىزدىنىش ، ئىشلەش ، ئىجاد قىلىش ۋە ياشاش جەھەتتىكى پىداكارانە ، ئالىيجاناب پەزىلىتىنى ئۆگىنىمىز . چۈنكى ، 80 يىللىق شەۋكەتلىك تارىخقا ئىگە بۇ ئىلىم باغچىسى ئۆز گۈللىنىشىدە ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىندەك باغۋەنلەرنىڭ بولۇشىغا موھتاج . بۇ مۆھتەرەم ئۇستازىمىزمۇ ئۆزى ئىخلاس قىلىپ ئېگىز كۆتۈرگەن ۋە نۇرلاندۇرغان مەرىپەت مەشئىلىنىڭ يەنە ئۇزۇنغىچە ئىزباسارسىز قېلىشىنى خالىمايدۇ . ئۇ ئۆز شاگىرتلىرىغا مۇنۇلارنى تەۋسىيە قىلىدۇ :

«مەن تارىخچىلىرىمىزنىڭ ئۆلگەن جەسەتلەردىن كۆرە تىرىك مىللەتكە كۆپرەك كۆڭۈل بۆلۈشىنى ، مائارىپچىلىرىمىزنىڭ كىتاب ۋە خىمىيىلىك ئانالىزلارغىلا ئەمەس ، بولۇپمۇ رېئال تۇرمۇشقا قىزغىن خەيرىخاھلىق قىلىشىنى ، يازغۇچى ، شائىر ، ئەنزارچىلىرىمىزنىڭ كۈندىلىك تۇرمۇش ۋەقەلىرى چاتمىسىغا يوشۇرۇنغان ئەسىر- ئەسىرلىك چىگىلىق قاتلىمىغا چۆكۈشىنى ، زېمىن باغرىدىكى ئوبيېكتلار ئۈستىدە مۇتەپەككۇرانە پىكىر يۈرگۈزۈشىنى ، بېيىۋاتقان كىشىلىرىمىزنىڭ قولىغا كىرگۈزگىنى پاخال ، قولدىن بېرىپ قويغىنى جاۋاھىرات بولۇپ قالماسلىقىنى ؛ ھەر دەرىجىلىك رەھبەرلەرنىڭ ئاشلىق ، پولات ۋە نېفىت مەھسۇلاتى ھەققىدە باش قاتۇرۇش بىلەن بىللە ، مىللەتنىڭ ئۇرۇقى ، سۆڭىكى ، قوۋۇرغىسى ، قەلبى ۋە قېنى

ئۈستىدە تەخىرسىز تەپەككۇر قىلىشىنى ؛ ئىللەت پاتقىقىغا چۈشۈپ قالغان ياش نوتا ۋە گۈل ـ گىياھلارنىڭ ئۆز ـ ئۆزىنى تونۇپ، مىللەت كېلەچىكىنى نەزەردە تۇتۇپ، ئۆزىنى ئاپەتتىن قۇتۇلدۇرۇشى-نى ئۈمىد قىلىمەن»، «ئۆزى ئويغىناي تۇرۇپ، خەلقنى سۆيمەن دېمەكلىك بىر قۇرۇق داۋراڭ، خالاس!». مانا بۇلار يىراقنى كۆرە-لەيدىغان، مەسىلىلەرنى تېرەن تەپەككۇر قىلىپ ئويلىيالايدىغان بۇ مۇتەپەككۇرنىڭ ئۆز قېرىنداشلىرىغا كېلىۋاتقان پۇرسەت ۋە خىرىسقا باتۇرلارچە يۈزلىنىپ، ئۆز ئىقبالىنى يارىتىش جەھەتتە تىلەكداشلىق قىلىپ ئېيتقان كۆڭۈل ئىزھارىدۇر. ئالىمنىڭ بۇ سەممىي تىلەكلى-رىنى قايتا ئەسلەش — نۆۋەتتە پۈتۈن مەملىكىتىمىز بويىچە قۇرامىغا يەتمىگەنلەرنى ئەخلاقىي، مەنىۋى جەھەتتىن تەربىيىلەشكە ئەھمىيەت بېرىش تەكىتلىنىۋاتقان بۈگۈنكى كۈندە ئالاھىدە ئەھمىيەتكە ئىگە، ئەلۋەتتە.

ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىن ھاياتىدا 20 پارچىدىن ئارتۇق كى-تاب، 300 پارچىگە يېقىن ئىلمىي ماقالە ۋە 2000 پارچىدىن ئارتۇق شېئىر ـ غەزەللەرنى يېزىپ، خەلقىگە تەقدىم قىلدى. بۇ مىقدار ستاتىستىكىسىنىڭ بىزنىڭ قايىللىقىمىزنى، ھۆرمىتىمىزنى قوزغى-شى تەبىئىي. چۈنكى، ئاكادېمىيىلەرنىڭ، تەتقىقات ئورۇنلىرىنىڭ مەخسۇس تەتقىقاتچى خادىملىرىمۇ، بىر ئۆمۈر تەرجىمە ۋە ئەدەبىي ئىجادىيەت بىلەن شۇغۇللانغان ئەدىبلەرمۇ، پۈتۈن ئۆمرىنى، بارلىق ئەقىل ـ پاراسەت، زېھىن كۈچىنى بېغىشلاپ خېلى تەستە ئورۇندايدى-غان بۇ تەتقىقات ۋە ئىجادىيەت نەتىجىلىرىنى ئۆمرىنىڭ ئالتۇندەك چاغلىرى[1] قۇتۇلغۇسىز ئېغىر قىسمەتلەردە بىھۇدە ئۆتۈپ كەتكەن بىر ئالىم، ئوقۇتقۇچىلىق خىزمىتىنى ھەقدادىغا يەتكۈزۈپ كەلگەن بىر

① بۇ يەردە ئالىم ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىننىڭ خاتا سىياسىي ھەرىكەتلەرنىڭ قۇربانى بولۇپ 1958 ـ يىلىدىن 1978 ـ يىلىغىچە، يەنى 25 يېشىدىن 45 يېشىغىچە ئۆگىنىش، ئىزدىنىش، ئىجاد قىلىش ئىمكانىيىتىگە ئېرىشەلمەي بىھۇدە ئۆتۈپ كەتكەن ئۆمرى كۆزدە تۇتۇلىدۇ.

مۇئەللىم قولغا كەلتۈرگەن تۇرسا، بىز ئۇنىڭغا قايىل بولمايمىزمۇ؟
بىز ئۇنىڭ غايە يولىدا ئاخىرقى نەپىسىگىچە ئىزدىنىدىغان، تىرىشىدى-
غان قەيسەرلىكىگە، بىلىمگە ئۆزىنىڭ بارلىقىنى بېغىشلايدىغان پىدا-
كارلىقىغا، كەمدىن - كەم ئۇچرايدىغان ئىشچانلىقىغا ھۆرمەت بىلە-
دۈرمەي تۇرالايمىزمۇ؟

نۇرغۇن رىيازەت چەككەن بۇ ئالىم ۋەتەن ئاسمىنىنى بىر مەھەل
قاپلىغان قارا بۇلۇتلار قوغلىنىپ، ئىلىم - پەننىڭ باھارى يېتىپ
كەلگەن پۇرسەتلىك چاغلارنى تۇتىيا بىلىپ ئىشلىدى. ئۇنىڭ قەلبى
بىر كۈنمۇ، ھەتتا ئاغرىق چاغلىرىدىمۇ توختاپ قالغىنى يوق.
ئۇنىڭ ئۈچۈن ئىشلەش ۋە ئىجاد قىلىش ھۇزۇر ئىدى، دەم ئېلىش
ئىدى. باشقىلاردەك ئۆزىنى تاشلىۋېتىپ بولۇشىغا دەم ئالىدىغان ئادەت
ئۇنىڭدا يوق ئىدى. شۇنىڭ ئۈچۈن، ئۇ نۇرغۇن چاي، بەزمىلەرگە،
توي - تۆكۈن، زىياپەتلەرگە بارالمايتتى. ئامالسىزلىقتىن بارسىمۇ
بىر كۈنلۈك ئىشىنىڭ توختاپ قالغانلىقىدىن بىئارام بولۇپ، ئېچى-
لىپ ئولتۇرالمايتتى. دوست - ئاغىنە، خىزمەتداش، ئەل - جامائەت-
نى كۆپ يوقلىيالمايتتى. ئەينى ۋاقىتتا ئالىمنىڭ «ئادەمگەرچىلىكى»
نىڭ سۇسلۇقىدىن رەنجىگەن، بۇنى قوبۇل قىلالمىغان بۇرادەرلىرى
ئەمدىلىكتە ئالىمنىڭ ھاياتىدا نەقەدەر كۆپ ھەم ئەھمىيەتلىك ئىشلار-
نى قىلغانلىقىنى بىلىشىپ ھەسرەت بىلەن ئۆكۈنۈشمەكتە. بىزدە ئىش
ئۈستىدە قازا قىلىدىغانلار يوق ئەمەس. لېكىن، ئالىمغا ئوخشاش
يېزىۋېتىپ، ئىشلەۋېتىپ، قولىدا قەلەم تۇتۇپ تۇرۇپ ئۆلۈپ كېتى-
دىغانلار ئاز ئۇچرايدۇ. بىر ئوقۇتقۇچى ئۈچۈن، بىر تەتقىقاتچى ئۈ-
چۈن ئۆز ئىشىغا مۇشۇ دەرىجىدە بېرىلىشنى قەھرىمانلىق، پىداكار-
لىق، ھەقىقىي ۋەتەنپەرۋەرلىك دەپ سۈپەتلىسەك ئاشۇرۇۋەتكەن بول-
مايمىز!

ئالىم ۋاپات بولغىلى ئون يىل بولاي دەپ قالدى. راستىنى
ئېيتقاندا، نۇرغۇن كىشىلەر ئۇنى مۇشۇ ئون يىلدىن بېرى تەدرىجىي

تونۇدى . بارغانسېرى چۈشەندى . ئۇنى ئىلگىرىمۇ تونۇيدىغانلار تېخىمۇ چوڭقۇرراق ۋە تېخىمۇ دۇرۇسراق تونۇدى . بىزنىڭ بۈگۈنكى تونۇشمىزدىكى ئابدۇشۇكۇر مۇھەممەتئىمىن بىر جۈملە سۆز بىلەن ئېيتقاندا ، ھەقىقىي مەنىدىكى بىر ئالىم . زامانىمىزدا تەپەككۇرنىڭ يۇقىرى پەللىسىگە كۆتۈرۈلەلىگەن ئۇيغۇر ئالىمى .

## مۇھاكىمە ۋە مەشىق

1 . سىز مەزكۇر نوتۇقتىن ئابدۇشۇكۇر مۇھەممەتئىمىننىڭ قانداق ئالىم ئىكەنلىكىنى بىلىۋالدىڭىز ؟ ئاپتور نېمە ئۈچۈن ئۇنى «ھەقىقىي مەنىدىكى بىر ئالىم» دەپ ئاتايدۇ ؟

2 . تۆۋەندىكى جۈملىلەرنى تەھلىل قىلىپ چۈشەنچەڭلارنى سۆزلەپ بېقىڭلار :

1) ئۇنىڭ ئۈچۈن ئىشلەش ۋە ئىجاد قىلىش ھوزۇر ئىدى ، دەم ئېلىش ئىدى . باشقىلاردەك ئۆزىنى تاشلىۋېتىپ بولۇشىغا دەم ئالىدىغان ئادەت ئۇنىڭدا يوق ئىدى .

2) ئەينى ۋاقىتتا ئالىمنىڭ «ئادەمگەرچىلىكى»نىڭ سۇسلۇقىدىن رەنجىگەن ، بۇنى قوبۇل قىلالمىغان بۇرادەرلىرى ئەمدىلىكتە ئالىمنىڭ ھاياتىدا نەقەدەر كۆپ ھەم ئەھمىيەتلىك ئىشلارنى قىلغانلىقىنى بىلىشىپ ھەسرەت بىلەن ئۆكۈنۈشمەكتە .

3) بىر ئوقۇتقۇچى ئۈچۈن ، بىر تەتقىقاتچى ئۈچۈن ئۆز ئىشىغا مۇشۇ دەرىجىدە بېرىلىشنى قەھرىمانلىق ، پىداكارلىق ، ھەقىقىي ۋەتەنپەرۋەرلىك دەپ سۈپەتلىسەك ئاشۇرۇۋەتكەن بولمايمىز !

3 . ئابدۇشۇكۇر مۇھەممەتئىمىننىڭ ھاياتىغا ، ئىجادىيىتىگە ، ئىدىيىسىگە ئائىت ماتېرىياللارنى تېپىپ پائالىيەت تەشكىللەڭلار . پائالىيەتتە ئۇنىڭ شېئىر ، رۇبائىيلىرىنى دېكلاماتسىيە قىلىڭلار ، ھېكمەتلىك سۆزلىرىنى ئوقۇڭلار .

# 4 . قىزىمغا خەت

## سۇخوملىنسكىي[1]

*مۇھەببەت ناخشىسىنى سانسىزلىغان كىشىلەر ئېيتىپ ئۆتتى ، مۇھەببەت ھېكايىلىرىنى سانسىزلىغان كىشىلەر تارقاتتى . ئەمما ، دۇنيانى تېخى چوڭقۇر بىلىپ كېتەلمىگەن سىز ، نېمىنىڭ مۇھەببەت ئىكەنلىكىنى بىلىشنى خالىسىڭىز ، بەلكىم قانائەتلىنەرلىك بىر جاۋابقا ئېرىشەلىشىڭىز ناھايىتى قىيىنغا چۈشۈشى مۇمكىن . بۇ ئەسەرنىڭ ئاپتورى 14 ياشلىق قىزى سورىغان بۇ ئاددىي ھەم چوڭقۇر مەسىلىدىن ئۆزىنى چەتكە ئالماستىن ، پەرۋاسىز قارىماستىن ، شېئىرىي تۇيغۇغا باي بولغان بىر ھېكايە ئارقىلىق مۇھەببەتنىڭ چىن مەنىسىنى شەرھلەپ بەرگەن .*

سۆيۈملۈك قىزىم :

سېنىڭ سوئالىڭ مېنى ئىنتايىن ھاياجانغا سالدى .

بۈگۈن سەن توپتوغرا 14 ياشقا كىردىڭ . سەن دەل بىر چېگرىنى ئاتلاپ ئۆتۈۋاتىسەن ، ئۇنىڭدىن ئۆتكەندىن كېيىن ، بىر قورامىغا يەتكەن ئايال بولۇپ قالىسەن . سەن مېنىڭدىن : «دادا ، مۇھەببەت دېگەن نېمە ؟» دەپ سورىدىڭ .

---

[1] سۇخوملىنسكىي (1918 — 1970) — سابىق سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ مائارىپ ئەمەلىيەتچىسى ۋە پېداگوگىكا نەزەرىيەچىسى . ئۇنىڭ ۋەكىللىك ئەسەرلىرىدىن «ئوقۇتقۇچىلار دەستۇرى» ، «بارلىقىمىزنى بالىلارغا بېغىشلايلى» قاتارلىقلار بار .



www.uyghurkitap.com

بۈگۈنكى كۈندە بىر سەبىي بالا بىلەن گەپلەشمەيۋاتقانلىقىمنى ئويلىغىنىمدا، يۈرىكىم خۇشال ئويناپ كەتتى. سەن بۇ چېگرىنى ئاتلاۋاتىسەن، ساڭا بەخت يار بولسۇن. لېكىن، پەقەت سەن ئەقىل-پاراسەتلىك ئادەم بولۇپ يېتىلگىنىڭدىلا، بىر بەختلىك ئادەم بولالايسەن.

مىڭلىغان، مىليونلىغان ئاياللار، جۈملىدىن ئاشۇ 14 ياشلىق قىزلار دەككە - دۈككە ئىچىدە: مۇھەببەت دېگەن نېمىدۇ؟ دەپ ئويلىشىۋاتىدۇ. بۇنى ھەركىم ھەر خىل چۈشىنىدۇ. ھەربىر يىگىت ئەرلىك جاسارىتى ئۇرغۇغان چاغدىمۇ مۇشۇ مەسىلىنى ئويلايدۇ. سۆيۈملۈك قىزىم، شۇ تاپتا ساڭا يېزىۋاتقىنىم ئىلگىرىكىدەك خەت ئەمەس. مېنىڭ ئارزۇيۇم ياشاش ئەقىل - پاراسىتىنى، يەنى ياشاش ماھارىتىنى ساڭا ئۆگىتىش. ئەمما، ئاتا بولغۇچىنىڭ ھەربىر ئېغىز سۆزى خۇددى بىر تال كىچىككىنە ئۇرۇق بولۇشنى، ئۇنىڭدىن ئۆزۈڭنىڭ كۆزقارىشىنىڭ ۋە ئېتىقادىڭنىڭ مايسىلىرى بىخ سۈرۈپ چىقىشىنى ئۈمىد قىلىمەن.

ئىلگىرى بۇ مەسىلە مېنىمۇ ئوخشاشلا تىنچسىزلاندۇرغان. ئۆسمۈر ۋاقتىمدا ۋە ياشلىقتا قەدەم قويغان دەسلەپكى مەزگىللەردە، مومام مارىيە مېنىڭ ئەڭ يېقىن ئادىمىم ئىدى. ئۇ راستىنىلا قالتىس ئىدى. قەلبىمدىكى بارلىق گۈزەل، ئەقلىي، سەممىي نەرسىلەرنىڭ ھەممىسىنى مومام بەرگەنىدى. ئۇ ئۇرۇشتىن ئىلگىرى ئالەمدىن ئۆتتى. بىر قېتىم، باش كۈزنىڭ جىمجىت ئاخشىمى مەن مومام بىلەن بىر تۈپ باراقسان ئالما دەرىخى تۈۋىدە ئىسسىق بەلۋاغقا قاراپ ئۇچۇپ كېتىۋاتقان تۇرنىلارغا قاراپ ئولتۇراتتۇق، مەن: «موما، مۇھەببەت دېگەن نېمە؟» دەپ سورىدىم.

مومام ئىنتايىن مۇرەككەپ مەسىلىلەرنى چۈچەك ئارقىلىق يېشىشكە بەك ماھىر ئىدى. ئۇنىڭ قاپقارا كۆزلىرىدىن چوڭقۇر خىيال ۋە ئەنسىزلىك ئەكس ئەتتى، نېمىشقىكىن، ئۇ بىر خىل ئالاھىدە،

ئەزەلدىن كۆرۈلمىگەن نەزەر بىلەن ماڭا «لاپ» قىلىپ قارىدى.

— مۇھەببەت دېگەن نېمە؟ ... تەڭرى دۇنيانى ياراتقاندا، بارلىق جان - جانىۋارلارنى يەر يۈزىگە تارقىتىپ ئورۇنلاشتۇرۇپتۇ ھەم ئۇلارغا ئەۋلاد قالدۇرۇپ، نەسلىنى ساقلاشنى، ئەۋلادلىرىنى كۆپەيتىشنى ئۆگىتىپتۇ. ئەر بىلەن ئايالغا يەر بۆلۈپ بېرىپ، ئۇلارغا لاپاسنى قانداق ياساشنى ئۆگىتىپتۇ، ئەرگە بىر كەتمەن، ئايالغا بىر ئوچۇم دان بېرىپتۇ. «ياشاڭلار، ئەۋلادلىرىڭلارنى كۆپەيتىڭلار، مەن ئۆز ئىشىمغا كەتتىم. بىر يىلدىن كېيىن، سىلەرنىڭ بۇ يەردىكى ئەھۋالىڭلارنى كۆرگىلى كېلىمەن» دەپتۇ تەڭرى ئۇلارغا. ئەمدىلا بىر يىل ئۆتۈشى بىلەن تەڭرى چوڭ پەرىشتە جىبرىئىلنى ئەگەشتۈرۈپ كەپتۇ. ئۇ دەل سەھەر ۋاقتى، قۇياش كۆتۈرۈلگەن چاغ ئىكەن، تەڭرى لاپاسنىڭ قېشىدا بىر ئەر بىلەن بىر ئايال ئولتۇرغانلىقىنى، ئۇلارنىڭ ئالدىدىكى ئېتىزدا زىرائەتنىڭ پىشىپ كەتكەنلىكىنى، ئۇلارنىڭ يېنىدا بىر سەگەنچۈك قويۇلغانلىقىنى، سەگەنچۈكتە بىر بوۋاقنىڭ ئۇخلاپ ياتقانلىقىنى كۆرۈپتۇ. ئۇ ئەر بىلەن ئايال تورۇپ ئاسمانغا قارىسا، تورۇپ بىر - بىرىگە مېھىر - مۇھەببەت بىلەن قارىشىدىكەن. ئۇلارنىڭ كۆزلىرى ئۇچراشقان پەيتتە، تەڭرى ئۇ كۆزلەردىن ئۆزى چۈشەنمەيدىغان بىر خىل گۈزەللىكنى ۋە ئەزەلدىن كۆرۈپ باقمىغان مەلۇم خىل كۈچنى بايقاپتۇ. بۇ خىل گۈزەللىك ئاسمان بىلەن قۇياشنىڭ، زېمىن بىلەن بۇغدايزارلىقنىڭ — تەڭرى ياراتقان ھەممە نەرسىنىڭ گۈزەللىكىنى بېسىپ چۈشۈپتۇ. بۇ گۈزەللىك تەڭرىنى گاڭگىرىتىپ، ھودۇقتۇرۇپ قويۇپتۇ.

— بۇ نېمە؟ — دەپ سوراپتۇ تەڭرى پەرىشتە جىبرىئىلدىن.

— بۇ مۇھەببەت.

— مۇھەببەت دېگەننىڭ مەنىسى نېمە؟

پەرىشتە ئائىلاج مۈرىسىنى چىقىرىپ قويۇپتۇ. تەڭرى ئەر بىلەن ئايالنىڭ ئالدىغا بېرىپ، ئۇلاردىن مۇھەببەت دېگەن نېمە؟ دەپ سوراپ-

تۇ . ئەمما ، ئۇلارمۇ چۈشەندۈرۈپ بېرەلمەپتۇ . شۇنىڭ بىلەن تەڭرى قاتتىق غەزەپلىنىپ : «بولىدۇ ! سىلەرنى جازالىمىغىنىمنى كۆرۈڭ-لار ! هازىردىن باشلاپ سىلەر قېرىڭلار ، ئۆمرۈڭلاردىكى هەر سائەت ، هەر مىنۇت سىلەرنىڭ ياشلىق باهارىڭلارنى ۋە كۈچۈڭلارنى تاكى تۈگىگىچە خوراتسۇن ! 50 يىلدىن كېيىن مەن يەنە كېلىمەن ، كۆزلە-رىڭلاردا يەنە نېمە قالىدىكىن ، بېشىنى يەيدىغانلار ... » دەپ كايىپتۇ .

— تەڭرى نېمىشقا غەزەپلىنىدۇ ؟ — سورىدىم مومامدىن .



— چۈنكى، ئەر بىلەن ئايال ئۈنىڭ ئىجازىتىسىزلا، ئۇ ئاڭلاپمۇ باقمىغان، كۆرۈپمۇ باقمىغان نەرسىنى ياراتقان - دە، ئاخىرىنى ئاڭلا! 50 يىلدىن كېيىن تەڭرى جىبرىئىل بىلەن بىللە يەنە كەپتۇ. بۇ قېتىم تەڭرى، بۇرۇنقى لاپاسىنىڭ ئورنىدا بىر يۇرۇش ياغاچ ئۆي سېلىنىپ، بىنەم يەرلەر مېۋىلىك باغقا ئايلانغانلىقىنى، ئېتىزلارنىڭ ئالتۇندەك ساپسېرىق بۇغداي باشاقلىرى بىلەن تولغانلىقىنى، بىرنەچچە ئوغۇل يەر ھەيدەپ، قىزلار بۇغداي يىغىۋاتقانلىقىنى، نەۋرىلەر ئوتلاقتا ئويناۋاتقانلىقىنى كۆرۈپتۇ. بوۋاي بىلەن موماي ئۆيىنىڭ ئالدىدا گاھىدا قىپقىزىل شەپەققە، گاھىدا بىر - بىرىگە مېھىر-مۇھەببەت بىلەن قارىشىپ ئولتۇرۇپتۇ. تەڭرى بۇ بىر جۈپ ئەر-ئايالنىڭ كۆزلىرىدىن تەڭداشسىز گۈزەللىك ۋە تېخىمۇ زور كۈچنى كۆرۈپتۇ، ئۇنىڭ ئىچىدە يەنە بىر خىل يېڭى نەرسىمۇ بار ئىكەن. تەڭرى:

— بۇ نېمە؟ — دەپ سوراپتۇ پەرىشتىدىن.

— ساداقەت — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ پەرىشتە. لېكىن، يەنىلا ئېنىق چۈشەندۈرۈپ بېرەلمەپتۇ. تەڭرى ئاچچىقىنى باسالماي قاپتۇ ھەم: «قېرىشنىڭ تېخى تېز بولماي قالدىما؟ بېشىنى يېگۈر ئادەملەر، ياشايدىغان ۋاقتىنىڭ ئۇزاق قالمىدى. مەن يەنە كېلىمەن، سىبنىڭ مۇھەببىتىڭ يەنە قانداق ئۆزگىرىدىكىن، كۆرۈمەنغۇ!» دەپتۇ.

ئۈچ يىلدىن كېيىن تەڭرى چولڭ پەرىشتە جىبرىئىلنى ئېلىپ، بۇ يەرگە يەنە كەپتۇ. قارىسا، بىر ئەركىشى كىچىك بىر توپا دۆۋىسى يېنىدا ئولتۇرغۇدەك، ئۇنىڭ كۆزلىرى قايغۇ - ھەسرەتكە تولغان، لېكىن ئۇنىڭ كۆزلىرىدە يەنە كىشى چۈشەنمەيدىغان بىر خىل گۈزەللىك ۋە بۇرۇنقىغا ئوخشاش ھېلىقىدەك كۈچ چاقناپ تۇرغۇدەك. بۇ پەقەت مۇھەببەت ۋە ساداقەتلا بولۇپ قالماستىن، يەنە ئۇنىڭدا باشقا نەرسىمۇ بار ئىكەن.

— بۇ يەنە نېمە ئىش؟ — دەپ سوراپتۇ تەڭرى پەرىشتىدىن.



www.uyghurkitap.com

— قەلبىنىڭ سېغىنىشى، — دەپتۇ پەرىشتە.

تەگرى ساقىلىنى سىلاپ، توپا دۆۋىسى يېنىدا ئولتۇرغان بوۋاي-دىن نېرى كېتىپتۇ. بېشىنى كۆتۈرۈپ بۇغدايلىقلارغا، چوغدەك قىزارغان شەپەق نۇرىغا قاراپتۇ؛ ئالتۇن رەڭ بۇغداي باشاقلىرى ئارىسىدا نۇرغۇن يىگىت - قىزلار يۈرگۈدەك، ئۇلار گاھى چوغدەك قىزارغان ئاسمانغا قارىسا، گاھىدا بىر - بىرىگە قارىشىپ، مېھىر-مۇھەببەت ئىزھار قىلىشىۋاتقۇدەك... تەگرى ئۇلارغا قاراپ بىر ھازا تۇرۇپ كېتىپتۇ. كېيىن، چوڭقۇر خىيالغا چۆكۈپ، بۇ يەردىن كېتىپتۇ. ئاشۇ ۋاقىتتىن باشلاپ، ئادەم زېمىنىنىڭ خوجايىنىغا ئايلىنىپتۇ.

— مۇھەببەت دېگەن مۇشۇ، نەۋرەم. مۇھەببەت تەگرىدىنمۇ يۈك-سەك تۇرىدۇ. بۇ ئىنسانلاردىكى مەڭگۈلۈك گۈزەللىك ۋە كۈچ - قۇدرەتتۇر. كىشىلەر دەۋر بىلەن تەڭ ئالمىشىپ تۇرىدۇ، ھەممىمىز بىر ئوچۇم توپىغا ئايلىنىپ كېتىمىز، لېكىن مۇھەببەت ئىنسان ئىرقىنىڭ ھاياتىي كۈچىدىكى مەڭگۈلۈك ئۇزۇلمەس رىشتە.

مۇھەببەت دېگەن مۇشۇ، سۆيۈملۈك قىزىم. مەۋجۇداتلارنىڭ ھەممىسى ياشايدۇ، كۆپىيىدۇ، ئەۋلاد قالدۇرىدۇ، لېكىن پەقەت ئادەملا سۆيەلەيدۇ. شۇنداقلا، ئادەمنىڭ ئۆزىنى ئىبلىپ ئېيتساق، پەقەت ئادىمىيلىك بىلەن سۆيەلىگەن ئادەملا ھەقىقىي ئادەم بولالايدۇ. ئەگەر مۇھەببەتكە ياخشى مۇئامىلە قىلىنمىسا، ئىنسانىي گۈزەللىك يۈكسەكلىككە كۆتۈرۈلەلمەيدۇ، يەنى ئۇنداق ئادەم پەقەتلا شەكلەن ئادەم بولالىغان، لېكىن ھەقىقىي ئادەم بولالمىغان بىر خىل جانلىق-تىن ئىبارەت بولۇپ قالىدۇ، خالاس.

## مۇھاكىمە ۋە مەشىق

1. موماي ئېيتقان چۆچەكتە تەگرى ئادەمنى ياراتقاندىن كېيىن،

ئىنسانلار ئارىسىغا ئۈچ قېتىم كەلگەنلىكى تىلغا ئېلىنغان ، ئۇ ئادەمنىڭ كۆزىدىن قايسى ئۈچ خىل ئوخشىمايدىغان نەرسىنى كۆردى ؟ ئويلاپ بېقىڭلار ، بۇ ئۈچ نەرسىنىڭ ئارىسىدا نېمە مۇناسىۋەت بار ؟ نېمە ئۈچۈن ئۇلارنى بىللە قويۇپ تۇرۇپ «مۇھەببەت» چۈشەندۈرۈلگەن ؟

2 . تېكىستكە باغلاپ ، تۆۋەندىكى ئۈچ جۈملە سۆزنىڭ چوڭقۇر مەنىسىنى مۇھاكىمە قىلىڭلار .

1) پەقەت سەن ئەقىل ـ پاراسەتلىك ئادەم بولالىغان ۋاقتىڭدىلا ، بىر بەختلىك ئادەم بولالايسەن .

2) تەڭرى بىر ھازا تۇرۇپ كېتىپتۇ . كېيىن ، چوڭقۇر خىيالغا چۆكۈپ ، بۇ يەردىن كېتىپتۇ . ئاشۇ ۋاقىتتىن باشلاپ ، ئادەم زېمىننىڭ خوجايىنىغا ئايلىنىپتۇ .

3) ئادەمنىڭ ئۆزىنى ئېلىپ ئېيتساق ، پەقەت ئادىمىيلىك بىلەن سۆيەلىگەن ئادەملا ، ھەقىقىي ئادەم بولالايدۇ .

3 . ئاپتور قىزىغا يازغان يەنە بىر پارچە خېتىدە ئۆزىنىڭ مۇھەببەتكە بولغان تونۇشىنى سۆزلەپ : «ئادەمنىڭ مۇھەببىتى گۈزەل ، سەمىمىي ، چىن بولۇپلا قالماستىن ، يەنە ئاقىلانە ۋە ئېھتىياتچان ، سەگەك ۋە جىددىي بولۇشى كېرەك ، پەقەت مۇشۇنداق مۇھەببەتلا خوشاللىق ۋە بەخت بېغىشلايدۇ» دېگەنىدى . بۇ سۆزنىڭ مەنىسىنى چوڭقۇر چۈشىنىۋېلىپ ، بىر ئابزاس سۆز يېزىپ چىقىڭ .

4 . «ئۇنىڭ قاپقارا كۆزلىرىدىن چوڭقۇر خىيال ۋە ئەنسىزلىك ئەكس ئەتتى» دېگەن جۈملىدىكى سۆزلەرنىڭ قايسى سۆز تۈركۈمىگە كىرىدىغانلىقىنى ۋە ئۇلارنىڭ قانداق جۈملە بۆلىكى بولۇپ كەلگەنلىكىنى ئېيتىپ بېرىڭ .

www.uyghurkitap.com

# ئۇنىۋېرسال ئۆگىنىش ۋە ئىزدىنىش

## نۇتۇق : تۇرمۇشقا كۈلۈپ قارايلى

ھىيوگو : «تەبەسسۇم دېمەك ، ۋولتېر دېمەكتۇر» ، «سۇكۇنات بۇ پەيلاسوپنىڭ ئۇلۇغ بىر تەرىپى ، تەمكىن روھىي ھالەت ۋولتېرنىڭ ۋۇجۇدىدا ئاخىرى قايتىدىن مۇئەييەنلەشتى . مەيلى ئۇنىڭ ھەققانىي غەزىپى قانچىلىك زور بولۇشىدىن قەتئىينەزەر ، ئۇ ھامان ئۆتۈپ كېتىدۇ ، ئىزادىن غەزەپلەنگەن ۋولتېر ھامان تەمكىن ۋولتېرغا ئورۇن بېرىدۇ . شۇنىڭ بىلەن بۇ چوڭقۇر ئورا كۆزلەردىن تەبەسسۇم چاقنايدۇ» دېگەنىدى . تەبەسسۇم ئۆزىگە بولغان ئىشەنچ ، ئالىيجانابلىق ۋە كەڭ قورساقلىقنىڭ ئىپادىسى ، ئۇ بىر خىل كەڭ قورساقلىق ، بىر خىل مەنىۋى كامالەت . تۇرمۇشقا كۈلۈپ باققان كىشىلەر ئۆزىنىڭ باش قېتىنچىلىقىنى يوقىتىش بىلەن بىللە ، يەنە پۈتكۈل دۇنياغا ئىگە بولىدۇ .

تۆۋەندىكى نۇتۇق سۆزلەش پائالىيەتلىرىدىن بىرەرنى تاللاپ ئۆتكۈزۈڭلار .

### 1 . مەغلۇبىيەتكە كۈلۈپ تۇرۇپ مۇئامىلە قىلىش

ئاتاقلىق ئەدەبىيات ـ سەنئەت ئوبزورچىسى خۇ لېيىنىڭ «خۇ لېيىنىڭ ئائىلە مەكتۇپلىرى» دېگەن كىتابىدا «ئادەم بىر ئۆمۈر يۇقىرى دولقۇن بىلەن پەس دولقۇن ئوتتۇرىسىدا لەيلەپ يۈرىدۇ ، پەقەت

چاكىنا ، دىتسىز ئادەملەرنىڭ تۇرمۇشىلا ئۆلۈك سۇدەك ئۆتىدۇ» ،
«پەقەت يۇقىرى دولقۇن ھەددىدىن ئېشىپ سېنى جىددىيلەشتۈرمى-
سىلا ، پەس دولقۇن ھەددىدىن ئېشىپ ، سېنى چۈشكۈنلەشتۈرۈ-
ۋەتمىسىلا بولغىنى» ، «بىز پەقەت پسىخىكىلىق تەڭپۇڭلۇقنىلا ئىنتى-
لىمىز» دېيىلگەن . ئېينىشتېيننىڭ ھاياتىدا نۇرغۇن مۇھىم نەرسى-
لەرنى بايقىغانلىقى كىشىلەرگە مەلۇم ، لېكىن ئۇنىڭ يەنە قانچىلىك
مۇشەققەت چەككەنلىكىنى ، ئوڭۇشسىزلىققا ئۇچرىغانلىقىنى ، ھەتتا
مەغلۇپ بولغىنىنى كىم بىلىدۇ؟ ئۇ كىچىك ۋاقتىدا دۆت دەپ قارال-
غان ، كېيىن ناھايىتى ئۇزاق ۋاقىتلارغىچە ئۇنىڭ ۋۇجۇدىدا تۇغما
تالانتىنىڭ سايىسى بارلىقىنى ھېچكىم بايقىمىغان ، ئۇ ساناقسىز ئو-
ڭۇشسىزلىق ۋە مەغلۇبىيەتنى باشتىن كەچۈرۈپ ، ئاندىن كاتتا ئالىم
بولغان . كىشىلىك ھاياتتا ئوڭۇشسىزلىققا ، زەربىگە ئۇچراشتىن ساق-
لانغىلى بولمايدۇ ، گەپ مەغلۇبىيەتنى غەلىبىنىڭ ئۇلىغا ئايلاندۇرۇش-
قا باغلىق . مۇشۇنداق ئاڭ ۋە روھىي ھالەت بولغاندا ، بىز مەغلۇبىيەت-
تىن ھۇزۇر ئېلىپ ، مەغلۇبىيەتكە رەھمەت ئېيتىپ ، ئىشەنچ تۇرغۇ-
زۇپ ، مۇۋەپپەقىيەتنى كۈتۈۋېلىشىمىز كېرەك . «مەغلۇبىيەتكە كۈ-
لۈپ قاراش» دېگەن تېمىدا بىر قېتىم نۇتۇق سۆزلەڭلار .

## 2 . كىشىلەرگە ياخشى مۇئامىلە قىلىشنى ئۆگىنىۋالايلى

قەدىمدىن ھازىرغىچە ، جۇڭگودىن چەت ئەلگىچە چوڭ ئىشلارنى
ۋۇجۇدقا چىقارغان كىشىلەر كۆكسى - قارنى كەڭ ، روھلۇق كىشى-
لەردۇر . ئۇلار ئەتراپىدىكى ھەممە ئادەمگە ، جۈملىدىن خاتالىق ئۆت-
كۈزگەن ، ئۆزىگە زىيان يەتكۈزگەن ئادەملەرگىمۇ ياخشى مۇئامىلە
قىلىدۇ . مۇنداق بىر ھېكايە بار . گېرمانىيىلىك بۈيۈك ئەدىب گيۆتى
بىر قېتىم سىرتتا سەيلە قىلىپ كېتىۋاتقاندا ، يالغۇز ئاياغ يولدا
ئىلگىرى ئۆزىنىڭ ئەسەرلىرىنى قاتتىق تەنقىد قىلغان بىر ئەدەبىيات
تەنقىدچىسى بىلەن يۈزمۇيۈز ئۇچرىشىپ قاپتۇ . بۇ تەنقىدچى چوڭچە-

لمىق بىلەن گېيۇتىغا : «مەن ئەزەلدىن كالۋاغا يول بەرمەيمەن !» دەپتۇ ، گېيۇتى بولسا : «مەن ئۇنىڭ ئەكسىچە قىلىمەن !» دەپ جاۋاب بېرىپ ، ئۇچۇق چىراي بىلەن ئۇنىڭغا يول بېرىپتۇ . گېيۇتىنىڭ سەۋرچانلىقى ، چېچەنلىكى ۋە يۇمۇرلۇقلۇقى ئۆزىنىڭ ئىناۋىتىنى ساقلاپلا قالماستىن ، بەلكى بىر مەيدان ئورۇنسىز جېدەلدىن ساقلاپ قاپتۇ . ساۋاقداشلار ئارا زىددىيەت تۇغۇلۇپ قالسا ، ئادەتتە ئەرزىمەيدىغان كىچىك ئىشلار سەۋەبىدىن بولىدۇ ، بىز نېمىشقا كەڭ قورساقراق بولمايمىز ؟ «باشقىلارغا ياخشى مۇئامىلە قىلايلى» دېگەن تېمىدا بىر قېتىم نۇتۇق سۆزلەڭلار .



## 3 . ھەمكارلىششقا ماھىر بولايلى

خەلقئارا 21 ـ ئەسىر مائارىپ كومىتېتى ب د ت نىڭ مائارىپ ، ئىلىم ـ پەن ، مەدەنىيەت تەشكىلاتىغا سۇنغان دوكلاتىدا مۇنداق دېيىلـگەن : «رىقابەت كۈندىلىك تۇرمۇشنىڭ ھەرقايسى ساھەسىدە يوق يېرى

بولمىغان ھادىسىگە ئايلىنىپ قالغاچقا، ئىتتىپاقلىق، ئۆزئارا ياردەم بېرىش ئىنتايىن مۇھىم بولۇپ قالدى.» ئۇلارنىڭ قارىشىچە، ھازىرقى جەمئىيەت ھەمكارلىق روھىغا تېخىمۇ ئېھتىياجلىق بولۇپ قالغان.

ئېلىمىزدە ئەزەلدىن ھەمكارلىق تەكىتلىنىپ كەلگەن، «كۆللى ئىنسان قېرىنداش» دېگەن سۆز ئۇزاقتىن بېرى تارقىلىپ كېلىۋاتقان قەدىمكى تەلىم؛ «ئۆزئارا غەمخورلۇق قىلىش، ئۆزئارا كۆيۈنۈش، ئۆزئارا ياردەم بېرىش» تېخىمۇ دەۋرنىڭ كەيپىياتىغا ئايلاندى. لېكىن، يەنە شۇنى كۆرۈۋېلىشىمىز كېرەككى، بەزى يەرلەردە شەخسىي كۆرەش قىلىش ھەددىدىن ئارتۇق تەكىتلىنىپ، قانداق قىلىپ باشقىلار بىلەن ھەمكارلىشىپ، مۇۋەپپەقىيەت قازىنىشقا سەل قارىلىپ كەلدى، رىقابەت جەريانىدا قانداق قىلىپ باشقىلارغا زىيان يەتكۈزمەسلىككە تېخىمۇ سەل قارىلىپ كەلدى. ھازىر بەزى ئادەملەر ئارىسىدا «ئورمان پەلسەپىسى» قىممەت قارىشى تارقىلىپ يۈرىدۇ، يەنى كۈچلۈكلەر ئاجىزلارنى يەۋېتىش، غالىبلار ناچارلارنى شاللىۋېتىش كېرەك، دېيىشىۋاتىدۇ. شەخسىي مەقسەتكە يېتىش ئۈچۈن، ۋاستە تاللىمايدۇ. شەكسىزكى، بۇنى قوبۇل قىلىشقا بولمايدۇ. بىلىش كېرەككى، رىقابەت باشقىلارغا زىيان سالماسلىقنى ئالدىنقى شەرت قىلىشى، رىقابەت ئورتاق يۈكسىلىشنى پرىنسىپ قىلىشى كېرەك. رىقابەت ھەمكارلىقنى چەتكە قاقمايدۇ، ياخشى ھەمكارلىق رىقابەتنى ئىلگىرى سۈرىدۇ.

ئېلىمىزنىڭ ئىقتىسادىي تۇرمۇشىدا «تاشپاقا بىلەن توشقان تەڭ يېڭىش نەزەرىيىسى» بار. تاشپاقا بىلەن توشقان كۆپ قېتىم مۇسابىقە قىلىپ ئۆزئارا يېڭىپ - يېڭىلگەن. كېيىن، تاشپاقا بىلەن توشقان ھەمكارلىشىپ، توشقان تاشپاقىنى دەريا بويىغىچە دۈمبىسىدە يۈدۈپ بارىدۇ، ئاندىن كېيىن، تاشپاقا توشقاننى يۈدۈپ دەريادىن ئۈزۈپ ئۆتىدۇ. «ئىككىسى تەڭ يېڭىش» دېگەن مانا شۇ، رىقابەتتىكى رەقىبلەرمۇ ھەمكارلىشىپ، بۇرادەر بولالىشى مۇمكىن. كونىلاردا: «بىر-

گە بولسا ئۈچ كىشى ، ئوڭغا تارتقاي ئىش - كۈشى » دېگەن سۆز بار . بىز چوڭ ئىشتا مۇۋەپپەقىيەت قازانماقچى بولىدىكەنمىز ، كۆپچىلىكـ نىڭ ئورتاق تىرىشىشىغا تايىنىشىمىز كېرەك . قەدىمدىن ھازىرغىچە جۇڭگودىن چەت ئەلگىچە نەزەر سالساق ، كەسىپتە مۇۋەپپەقىيەت قازانغانلارنىڭ ھەممىسى ھەمكارلىشىشقا ماھىر بولۇشنىڭ ئۈلگىلىرى ئەمەسمۇ ؟

«رىقابەت ۋە ھەمكارلىق» دېگەن تېمىدا بىر قېتىم نۇتۇق سۆزـ لەڭلار .

## نۇتۇق ئۆرىگىنالىنى ياخشى يېزىڭ

بىرىنچى ، نۇتۇق ئۆرىگىنالىنى يازغاندا ، ئالدى بىلەن سۆز تېمىسىنى ياخشى تاللاش كېرەك . تېما ھەم كۆپچىلىك قىزىقىدىغان ، ھەم ئۆزىڭىز پىششىق بىلىدىغان بولسۇن . نۇتقىڭىزدا دېگۈدەك گېپىڭىز ، مۇستەقىل قارىشىڭىز ، ھەقىقىي ھېسسىياتىڭىز بولۇشى كېرەك . باشقىلار نېمە دېسە شۇنى دەپ قويـ ماسلىق ياكى يالغان ، قۇرۇق گەپ قىلماسلىق كېرەك .

ئىككىنچى ، نۇتۇق ئۆرىگىنالدا كۆزقاراش ئېنىق بولۇـ شى ، ئىككى بىسلىق بولۇپ قالماسلىقى كېرەك . شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا ، تەرتىپى ئېنىق ، مەنتىقىلىقى كۈچلۈك ، مىساللار تىپىك بولۇشى ، قايىل قىلارلىق بولۇشى كېرەك .

ئۈچىنچى ، ئىپادىلەش ماھارىتىنى قوللىنىشقا دىققەت قىـ لىش كېرەك . سۆز - جۈملىلەر ئىخچام ، توغرا بولۇشى ، كىشىنى چوڭقۇر ئويلاندۇرىدىغان مەسىلىلەر قويۇلۇشى ، جانـ لىق ، ئوبرازلىق ئىستىلىستىكىلىق ۋاستىلەر قوللىنىلىشى كېرەك . پاكىتلارنى ئادەمنى تەسىرلەندۈرگۈدەك بايان قىلىش ، ھېسسىياتنى كىشىنى مەپتۇن قىلغۇدەك ئىپادىلەش لازىم .

# شېئىرلار

تەبىئەتنى كۈيلەش شېئىرنىڭ مەڭگۈلۈك تېمىسى، شائىر تەبىئەتتىن زوق ۋە ئىلھام ئېلىپ، گۈزەل مىسرالار ئارقىلىق قەلب سادالىرى ۋە ھېسسىياتىنى ئىپادىلەيدۇ. بۇنداق شېئىرلارنى ئوقۇغىنىمىزدا، بىزدە مول تەسەۋۋۇر ۋە ھېسسىيات پەيدا بولۇپ، تەبىئەتنىڭ گۈزەللىكى ۋە ھاياتنىڭ مەنىسىنى ھېس قىلىپ يېتىمىز.

بۇ شېئىرلارنى ئوقۇغاندا، تەكرار دېكلاماتسىيە ئاساسىدا تەسەۋۋۇر ۋە باغلانما تەسەۋۋۇرلىرىمىزنى قاناتلاندۇرۇپ، شېئىردىكى تەبىئەت گۈزەللىكىنى، شائىرنىڭ ئىدىيىۋى ھېسسىياتىنى ھېس قىلىشىمىز، مەنىلىك، تاۋلانغان، نەپىس شېئىرىي تىللارنىڭ تېگىگە يېتىشىمىز لازىم.



ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ بېكىتى ئادرېسى

# 5 . ياز تۈنى

## ئابدۇخالىق ئۇيغۇر①

ياز كۈنى كۈندۈز قىزىق ، بولغاي ھاۋا ئىسسىق ۋە تار ،
ھەر كۈنى ئاخشامنى كۆپ جان خالىغاي بىئىختىيار .

كېچە ھەركىم ئۆگزىسىدە تاغ شامالىغا قاراپ ،
«كەل ، جېنىمنىڭ راھىتى» دەپ تەلمۈرەر بەك ئىنتىزار .

كۆك يۈزى ساپ ، ئاندا يوق تاپ ، بارچە يۇلتۇزلار يېقىن ،
شۇل يىراقتىن خوپ يېقىنلاشقانغا ئوخشاش پارقىرار .

ھەر كىشى بۇ خۇش ھاۋا ئاستىدا خۇشھاللىق ئىلە ،
گەپلىشىپ ياندا يولداشى بىلەن كۆڭلىن ئاچار .

بار مەگەر شائىر غېرىب ، يالغۇز ياتۇر كۆككە قاراپ ،
كۆكتە يۇلتۇزلار يانار ، يەردە پەقەت شائىر يانار ...

① ئابدۇخالىق ئۇيغۇر (1901 — 1933) تۇرپاندا تۇغۇلغان . شائىر ، ئۇيغۇر ھازىرقى زامان شېئىرىيىتىنىڭ ئاساس سالغۇچىسى . ئۇنىڭ ۋەتەنپەرۋەر روھى ۋە چاقىرىق كۈچىگە باي ئېسىل شېئىرلىرى ئەدەبىيات تارىخىمىزدىكى ئۆچمەس مەڭگۈ بايلىق . ئۇنىڭ «باردۇر» ، «ئويغان» ، «ئاچىل» ، «غەزەپ ۋە زار» قاتارلىق شېئىر - غەزەللىرى مەشھۇر . بۇ شېئىر ئۇنىڭ شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 2000 - يىلى نەشر قىلغان «ئابدۇخالىق ئۇيغۇر شېئىرلىرى» ناملىق توپلىمىدىن ئېلىندى .

uyghurkitap.com

## مۇھاكىمە ۋە مەشىق

1. شائىر ياز كېچىسى كىشىلەرنىڭ ئۆگزىسىدە سالقىن تاغ شامىلىنى ئىنتىزارلىق بىلەن كۈتكەچ يولداشلىرى بىلەن مۇڭدىشىپ ئاخشامنى كۆڭۈللۈك ئۆتكۈزۈۋاتقانلىقىنى، پەقەت ئۆزىنىڭلا غېرىبىسىنىپ، تەنھالىق تۇيغۇسىغا چۆمۈپ، كۆكتىكى يۇلتۇزلار بىلەن سىردىشىپ، قەلبى يېلىنجاۋاتقانلىقىنى يازغان. سىز ئابدۇخالىق ئۇيغۇرنىڭ مەنىۋى دۇنياسى ئۈستىدە ئىزدىنىپ تۆۋەندىكى سوئاللارغا بولغان قارىشىڭلارنى سۆزلەپ بېقىڭ.

1) سىزنىڭچە شائىرنىڭ غېرىبسىنىشىنى قانداق چۈشىنىش كېرەك؟

2) نېمە ئۈچۈن شائىر «كۆكتە يۇلتۇزلار يانار، يەردە پەقەت شائىر يانار …» دەپ يازىدۇ؟

2. شېئىرنى قايتا ـ قايتا دېكلاماتسىيە قىلىپ، شېئىردا ھېسسىيات بىلەن مەنزىرىنىڭ قانداق يۇغۇرۇلغانلىقىنى سۆزلەپ بېقىڭ. شېئىرنى يادلىۋېلىشنى ئۇنتۇماڭ.

3. تېكستتىن سۈپەت ۋە رەۋىشلەردىن بىرقانچىنى تېپىپ، ئۇلارنىڭ تۈرىنى ئېيتىپ بېرىڭ.

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى

# 6 . باھار تەسىراتى

دۇ فۇ①

ئەل خاراب قىلىنىدىيۇ ، تاغ ـ سۇ ئامان ،
ئوت ـ گىياھلار قەلئەنى تەل قاپلىغان .

گۈل ـ چېچەكلەرمۇ بېغىشلار مۇڭ ـ ئەلەم ،
قۇش ناۋاسىدىن كېلەر ھەسرەت ـ پىغان .

ئۈچ ئاي ئۆتتى ئەرزىيدۇ مىڭ تىللاغىمۇ ،
ئۆيدىن بولغاچقا جەڭ ئۆچ ئاي ھامان .

توختىماس بولدى بېشىمدا سانجىغۇچ ،
ئاق چېچىمنى تۆكتى بۇ دەردلىك زامان .

**مۇھاكىمە ۋە مەشق**

1 . «گۈل ـ چېچەكلەرمۇ بېغىشلار مۇڭ ـ ئەلەم ،
قۇش ناۋاسىدىن كېلەر ھەسرەت ـ پىغان»
دېگەن بۇ ئىككى مىسرادىكى ھېسسىياتنى قانداق چۈشىنىش كېرەك ؟

---

① دۇ فۇ (712 — 770) — تاڭ سۇلالىسى دەۋرىدە ئۆتكەن داڭلىق رېئالىست شائىر . خېنەن ئۆلكىسىنىڭ گۇڭشيەن ناھىيىسىدە تۇغۇلغان . ئۇ شېئىرلىرىدا ئەينى دەۋردىكى تارىخىي ۋەقەلەرنى چىنلىق بىلەن ئەكس ئەتتۈرگەچكە ئۇنىڭ شېئىرلىرى «شېئىرىي تارىخ» دەپ ئۇلۇغلىنىدۇ .

ئادەتتە گۈل - چېچەكلەر كىشىنى زوقلاندۇرۇپ، قۇشلارنىڭ سايراش-لىرى كىشىنىڭ ئىچ پۇشۇقىنى چىقىرىدىغان تۇرسا، شائىر نېمە ئۈچۈن «مۇڭ - ئەلەم»، «ھەسرەت - پىغان»نى تىلغا ئالىدۇ؟

2. بۇ شېئىردىكى بەدىئىي ئالاھىدىلىكلەرنى تەھلىل قىلىڭلار.

3. بۇ شېئىرنى يادلىۋېلىڭلار.

4. شېئىردىكى «تاغ - سۇ»، «ئوت - گىياھلار»، «گۈل - چېچەكلەرمۇ»، «ھەسرەت - پىغان» دېگەن سۆزلەرنىڭ قانداق ۋەزىپىدە قانداق بۆلەك بولۇپ كەلگەنلىكىنى ئېيتىپ بېرىڭلار.

## 7. شۇنداق ئورۇنلاردا ①

【ئەسلىيسى】

ئالقۇزۇ تۇرۇر قات ـ قات تاغدا
ئامىل ئاغلاق ئارانياتانتا
ئارتۇچ سۆگۈت ئالتىنتا
ئاقار سۇۋلۇقتا
ئامرانچىغىن ئۇچداچى قۇشقىئالار
تىرىنلىك قۇۋراغلىقتا
ئاتقاغسىزىن مەڭى تەگىنگۈلۈگ ئول،
ئانى تەگ ئورۇنلارتا.

ئىچ تەرىلگ قات بۇك تاغدا
ئىركەكى سۆكى ئارانياتانتا
ئىدىز تىكىن قايالىق باسقۇقلۇغ ئەرىپ
ئىدى تىكىسىزدە
ئىمرت چوغۇرت سۆگۈت ئاراسىنتا
ئىنچكە كىئە سۇۋ قىدىغىنتا

① بۇ قەدىمكي شېئىر قوچۇ ئۇيغۇر خانلىقى دەۋرى (تەخمىنەن 850 ـ 1250 ـ يىللىرى) دە قوچۇ ئۇيغۇرلىرى بۇددا دىنىغا ئېتىقاد قىلىدىغان زاماندا يېزىلغان. بۇ شېئىرنى ئەنگلىيىلىك ئېكسپېدىتسىيىچى ئاۋرېل ستەيىن دۇنخۇاڭدىن قولغا چۈشۈرگەن بولۇپ، ھازىر ئەنگلىيىدىكى ئۇلۇغ برىتانىيە مۇزېيىدا ساقلىنىۋاتىدۇ. بۇ شېئىرنى مەشھۇر ئۇيغۇرشۇناس ئالىم گىلاك شىمىن ئېپەندى بىلەن پروفېسسور تۇرسۇن ئايۇپ «بۇلاق» مەجمۇئەسىنىڭ 1981 ـ يىللىق 2 ـ سانىدا ئېلان قىلغان. دەرسلىككە پروفېسسور تۇرسۇن ئايۇپنىڭ «قەدىمكى ئۇيغۇر تىلى ئوقۇشلۇقى» دېگەن كىتابىدىن ئېلىندى. بۇ شېئىردا بۇددا راھىبلىرىنىڭ كۆڭۈلدىكىدەك ئىستىقامەتگاھ تاللاش ئارزۇسى ئەكس ئەتتۈرۈلگەن. بۇنىڭدىن بىز دىيارىمىزدىكى مىڭئۆيلەرنىڭ نېمە ئۈچۈن ئالدى قويۇق ئورمانلار بىلەن قاپلانغان، سۇلار شارقىراپ ئېقىپ تۇرىدىغان تاغ ـ جىلغىلارغا سېلىنغانلىقىنى چۈشىنىۋالالايمىز.

www.uyghurkitap.com

ئىلىنمەكسىزىن ديان ئۇلۇرغۇلۇق ئول
ئانى تەگ ئورۇنلارتا

سەلىڭ بۇلۇڭ تەرىڭ تاغدا
سەۋىگلىگ ئارانياتانتا
سەۋرەلىپ ئاقار سۇۋلۇغ ئەرىپ
سەپ سەم ئاغلاقتا
سەكىز تورلۇگ يىللەر ئۆزە تەپرەمەدىن
سەرىلىپ ئانتا
سەرە يالڭۇزىن نوم مەڭىسىن تەگىنگۈلۈگ ئول
ئانى تەگ ئورۇنلارتا

كۆكەرىپ تورۇر كۆركلۈگ تاغدا
كۆڭۈل ياراشى ئاغلاق ئورۇنتا
كۆپ يىگى تەلىم سۆگۈتلۈگ ئەرىپ
كۆكىرىپ تورۇر كۆلمەن سۇۋلۇقتا
كۆز باشلاپ قاچىغلارىن يىغىنىپ
كۆزۈنمىش بىلىلمىشچە ئورۇنلارتا
كۆسەنچىگسىزىن مەڭى تەگىنگۈلۈگ ئول
ئانى تەگ ئورۇنلارتا

【يەشمىسى】
ئاشۇ قاتمۇقات كەتكەن تاغلاردا،
تىنچ خىلۋەت ئارانياتان[1] دا

① ئارانياتان — سانسكرىت (ئەنەتكەك) تىلىدىن كىرگەن سۆز بولۇپ، ئورمانلىق، ئورمان دېگەن مەنىدە.

ئارتۇچ سۆگۈت[1] ئاستىدا،
(شارقىراپ) ئاققان سۇ بويىدا،
شادلىق بىلەن ئۇچقۇچى قۇشلار
يىغىلىدىغان جايدا،
ھېچ نەرسىگە پەرۋا قىلماي ھۇزۇرلىنىدىغان
ئەنە شۇنداق ئورۇنلاردا.

قاتمۇقات كەتكەن بۇك تاغلاردا،
قەدىمي ئارانياتاندا،
ئېگىز، تىك قىيا ئاستىدا،
(ھەممە يېرى) جىمجىتلىقتا چۆككەن،
ئىرماش - چىرماش ئورمانلىقتا،
ئىنچىكىگىنە سۇ قىرىدا،
تىنچ، خاتىرجەم ئولتۇراقلىشىشقا لايىق
ئەنە شۇنداق ئورۇنلاردا.

يىراق جىلغا، ئىچكىرى تاغدا،
سۆيۈملۈك ئارانياتاندا،
زۇمرەت سۇلۇق ئارىسىدا،
جىمجىت بوز يەردە،
ھەرقانداق شامال تەگمەيدىغان
سۇرلۇك جايدا،
تەنھا ئولتۇرۇپ پەيزى سۇرىدىغان
ئەنە شۇنداق ئورۇنلاردا.

---

① ئارتۇچ سۆگۈت — قارا قارچا دەرىخىنى كۆرسىتىدۇ.

كۆكىرىپ تۇرىدىغان كۆركەم تاغلاردا ،
كۆڭۈلنىڭ زوقىنى قوزغايدىغان جايدا ،
بۇك ـ باراقسان ئورمانلىقتا ،
سۈيى ئۆركەشلەپ ئاقىدىغان جىلغىلىقتا ،
كۆز باشچىلىقىدىكى ئۈغرى[①]لاردىن خالىي بولۇپ ،
(ھەممە نەرسە ) كۆرۈنىدىغان ، بىلىنىدىغان ئورۇنلاردا ،
ھېچقانداق ھەۋەسكە بېرىلمەستىن ھۇزۇرلىنىدىغان
ئەنە شۇنداق ئورۇنلاردا .

## مۇھاكىمە ۋە ئىزدىنىش

1 . قوچۇ ئۇيغۇر خانلىقى شېئىرلىرىنىڭ نەمۇنىسى بولغان بۇ شېئىردا قانداق ئارزۇ ئەكس ئەتكەن ؟ نېمە ئۈچۈن ئاشۇنداق ئورۇنلار شۇنچە كۈچلۈك ئارزۇلىنىدۇ ؟

2 . بۇ شېئىرنىڭ ئەسلىيسىنىڭ تىل ئالاھىدىلىكىنى ھېس قىلىش ئۈچۈن ئۈنلۈك دېكلاماتسىيە قىلىڭلار . ئىككى ئوقۇغۇچى ئەسلىيسى بىلەن يەشمىسىنى نۆۋەتلىشىپ دېكلاماتسىيە قىلساڭلار تېخىمۇ ياخشى .

3 . تۆۋەندىكى سۆپەتلەرنىڭ تۈزۈلۈش جەھەتتىن قانداق سۆپەت ئىكەنلىكىنى ۋە ئۇلارنىڭ قانداق ياسالغانلىقىنى چۈشەندۈرۈڭ :

ئىرماش ـ چىرماش ، سۆيۈملۈك ، سۇرلۇك ، كۆركەم ، بۇك ـ باراقسان ، قەدىمكى ، سۇلۇق ، خاتىرجەم .

---

① ئۈغرى ، يەنى قاچىغ بۇددا دىنى ئەقىدىسىدىكى خلىس ئاتالغۇ بولۇپ ، ئالتە ئۈغرىنى كۆرسىتىدۇ . بۇ ئالتە ئۈغرى ئادەمدىكى كۆز ، قۇلاق ، تىل ، بەدەن ، ۋە كۆڭۈلنى كۆرسىتىدۇ .

# 8. چەت ئەل شېئىرلىرىدىن ئىككى پارچە

تەبىئەتكە كەلگەندە شائىرلارنىڭ ناخشىسى تۈگىمەستۇر. ئەنگلىيە رومانتىزم شائىرى كېتس ئىنتايىن ئاددىي بولغان ئىككى ھاشاراتنىڭ ئاۋازىنى سەزگۈرلۈك بىلەن چىڭ تۇتۇپ، «ئۆكسىمەيدۇ زېمىننىڭ كۈيى» دەپ خىتاب قىلىدۇ. روسىيىنىڭ سەھرا شائىرى يېسېنىننىڭ قەلىمى ئاستىدا كېچە شۇقەدەر تىنچ، گۈزەل بولۇپ، كىشىدە چەكسىز خىياللارنى ئويغىتىدۇ.

## تومۇزغا بىلەن چېكەتكە

جون كېتس[1]

ئۆكسىمەيدۇ زېمىننىڭ كۈيى:
ئەۋجىگەندە تومۇز ئاپتىپى،
قۇشلار قاچتى سالقىن ئورمانغا.
پەقەت بىر ئۈن قاشانى بويلاپ،
ئېگىزلىقتا ئۇچار ھەر يانغا.

① جون كېتس (1795 — 1821) ئەنگلىيىنىڭ رومانتىزم شائىرى. بۇ شېئىر خەنزۇچە «دۇنيادىكى ھەرقايسى ئېقىم شېئىرلىرى» دېگەن كىتابتىن ئېلىندى. ئابدۇقادىر جالالىدىن تەرجىمىسى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

ناخشىسى ئۇ تومۇزغىلارنىڭ
ياز پەيزىگە بولغان شۇنچە زار .
نېمە ھاجەت يېپىشكە ۋايىم
بۇ خۇشاللىق تۈگىمەس زىنھار .
ھاردۇق يەتسە كۆيلەپ
مۇبادا
چىمەنلەردە ئالىدۇ ئارام .
توختىمايدۇ زېمىننىڭ كۆيى
ناخشا مەڭگۈ قىلىدۇ داۋام :
سۈكۈناتقا ئايلىنار قىرو
كەلسە تىمتاس قىشنىڭ ئاخشىمى
يانلىرىدا ئىسسىق ئوچاقنىڭ
چېكەتكىلەر باشلار ناخشىنى .
ئاستا ـ ئاستا ئۆرلەپ ھارارەت ،
ئادەملەرنى سۆيلەر ئۇيقۇغا .
سايرىغاندەك تۈيۈلار شۇ ئان
تومۇزغىلار مەخمەل تاغ ئارا .

# كېچە

## سېرگى يېسېنىن ①

شۇڭغۇماقتا چۆشلەرگە دەريا ،
جىمىپ كەتتى خىلۋەت ئارچىزار .
غايىب بولدى بۇلبۇلنىڭ ئۈنى ،

① سېرگى يېسېنىن (1895 — 1925) روسىيە شائىرى . بۇ شېئىر «مەشھۇر چەت ئەل شېئىرلىدىن 300 پارچە» (بېيجىڭ نەشرىياتى ، 2000 ـ يىل نەشرى . خەنزۇچە )دىن تاللاندى . ئابدۇقادىر جالالىدىن تەرجىمىسى .

ئۇنىڭمەيدۇ چوپان قوش زىنھار .

كۆكۈم چۈشتى ، ھەممە ياق تىمتاس ،
ئېرىق سۈيى ئاقار شىرىلداپ .
كۈمۈش رەڭدە تۇرار يېيىلىپ
ئاي نۇرىغا چۆمۈلگەن ئەتراپ .

يالتىرايدۇ دەريادا يۇلتۇز
ئېقىنلاردا كۈمۈش رەڭ جۇلا .
ئۇسا بولغان دالىدا ئوتلار
چاقنىتىدۇ كۈمۈش رەڭ زىيا .

كۆكۈم چۈشتى ، ھەممە ياق تىمتاس
چۈشەكەيدۇ تەبىئەت ئانا .
ئاي سېپىدۇ ئاپئاق نۇرىنى
ھەممە ياقتا كۈمۈش رەڭ جۇلا .

## مۇھاكىمە ۋە مەشىق

1 . «تومۇزغا بىلەن چېكەتكە» دېگەن شېئىردا شائىر يازدىكى تومۇزغىنىڭ «كۈيى» بىلەن قىشتىكى چېكەتكىنىڭ «ناخشىسى»نى «زېمىننىڭ كۈيى» دەپ سۈپەتلىگەن ، سىز بۇنى قانداق چۈشىنىسىز ؟

2 . «كېچە» دېگەن شېئىرنى قايتا ـ قايتا ئوقۇپ ، تۆۋەندىكى تەلەپلەرنى ئورۇنداڭ :

1) شېئىردىكى كېچە مەنزىرىسىنى ئۆز تىلىڭىزغا ئايلاندۇرۇپ تەسۋىرلەپ چىقىڭ .

2) شېئىردا شائىرنىڭ قايسى خىل روھىي ھالىتى ئىپادىلەنگەن ؟
3) بۇ شېئىردا ئىپادىلەنگەن ھېسسىيات ئابدۇخالىق ئۇيغۇرنىڭ «ياز تۈنى» دېگەن شېئىرىدا ئىپادىلەنگەن ھېسسىيات بىلەن قانداق پەرقلىنىدۇ ؟

3 . تۆۋەندىكى ئىككى تېمىدىن بىرىنى ئىشلەڭ :

1) «تەبىئەتنىڭ ئۆلمەس كۈيى» دېگەن تېمىدا لىرىك پارچە يېزىپ چىقىڭ .
2) كېچە مەنزىرىسىنى ئۆز كۆزىڭىز بىلەن كۆزىتىپ لىرىك پارچە ياكى بىرقانچە مىسرا شېئىر يېزىڭ .

4 . تۆۋەندىكى مىسرالار ئىچىدىن چىرمىشىش مۇناسىۋىتىدە كەلگەن قۇرۇلمىلارنى تېپىڭ :

1) ئۆكسىمەيدۇ زېمىننىڭ كۈيى :
ئەۋجىگەندە تومۇز ئاپتىپى ،

2) ناخشىسى ئۇ تومۇزغىلارنىڭ
ياز پەيزىگە بولغان شۇنچە زار .

3) كەلسە تىمتاس قىشنىڭ ئاخشىمى
يانلىرىدا ئىسسىق ئوچاقنىڭ
چېكەتكىلەر باشلار ناخشىنى .

# ئۆنىۋېرسال ئۆگىنىش ۋە ئىزدىنىش

## يامغۇرنىڭ بايانى

مەن خۇشال ھەم تىنچ يامغۇر. مەن شادىيانە شەپەم بىلەن ئاسماندىن چۈشىمەن، گۈل - گىياھلار مەستخۇش كۈلىدۇ، مەن تەبىئەتنىڭ سۈزۈك ھاۋاسى بىللە، ئىللىق باغرىمنى تۇپراققا يېقىپ سىڭىپ كېتىمەن. «مەن كەلدىم، كەلگەن ئىكەنمەن قايتمايمەن.» مەن تېتىك ئاۋازىم بىلەن، ئۆزگىچە شەكلىم بىلەن، يارقىن قەلبىم بىلەن سۆزلەيمەن، چۈشەندىڭمىكىن يامغۇرنىڭ قەلبىنى، بۇنى ئۇقمايمەن.

1. شەپەمگە قۇلاق سېلىڭ

سىز ئاڭلىغان يامغۇر شەپىسى ئەمەلىيەتتە ھاياتىم بىلەن دۇنيانى چېكىشىمدۇر، مەن ئۆگزىلەردىكى كاھىشلارنىڭ ئاراچلىرىغا، دەل - دەرەخلەر ئارىسىغا، دەريا ۋە كۆللەرگە چۈشىمەن. تۈرلۈك ئاۋازلار بىرلىشىپ، ھېسسىياتلىق شېئىرنى پەيدا قىلىدۇ. بۇ شېئىر سىزگە تونۇش بولۇشى ناتايىن، چۈنكى سىز تەبىئەتنى تىڭشاشقا ماھىر قۇلاقنى تېخى يېتىلدۈرمىگەن بولۇشىڭىز، تەبىئەتنىڭ شېئىرلىرىنى قەلبىڭىز بىلەن ئوقۇشقا ئادەتلەنمىگەن بولۇشىڭىز مۇمكىن. تىنچلىنىڭ، كۆزىڭىزنى يۇمۇڭ، يازنىڭ چۈشتىن كېيىنلىرىدە، سالقىن كۈز كېچىلىرىدە، قويۇق ئۆسكەن ئورمانلىقتا، خىيابان[1] كوچىلاردا مېنىڭ نازۇك ئاۋازىمغا قۇلاق سېلىڭ، ئېغىر تىنىقلىرىمغا دىققەت

---

① خىيابان — ئىككى يېنىغا قاتار دەرەخلەر تىكىلگەن، يان ۋە ئۈستى گۈل - گىياھلار بىلەن پۈركەلگەن، كارىدور شەكىللىك يول.

قىلىڭ ... ئاندىن سىزگە تەسىر قىلغان يامغۇر ئاۋازىنى باشقىلارغا تەسۋىرلەپ بېرىڭ ، ئۇلارغا قانداق مۇھىت ۋە روھىي ھالەتتە تىڭشىغانلىقىڭىزنى ئېيتىپ بېرىڭ . مېنىڭ ھەر خىل ئاۋازىمنى ئۇنئالغۇغا ئېلىۋېلىپ ، بىر تەرەپتىن ئۇنى تىڭشىغاچ تەسۋىرلىسىڭىزمۇ بولىدۇ .



### 2 . تۆھپەم ۋە زىيىنىمنى بايان قىلىڭ

كىشىلەر مەن ھەققىدە توختالغاندا ، ئۇلارنىڭ كەيپى ئەزەلدىن بېرى مۇرەككەپ بولۇپ كەلدى . ھۆل - يېغىنسىز قۇرغاق چاغلاردا مەن كىشىلەر ئارزۇ قىلغان پەرىشتىگە ئايلىنىمەن ، كىشىلەر دەل ۋاقتىدا يېتىپ كېلىشىمنى كۈتىدۇ . زېرىكەرلىك دەرىجىدە توختىماي ياغقاندا ، كەلكۈن پەيدا قىلغان چاغلىرىمدا گۇناھكارغا ئايلىنىمەن . كىشىلەر مېنىڭ يامراپ كۆۋرۈك ۋە ئېتىزلارنى يالماپ كېتىشىمدىن ئەندىشە قىلىپ تۇغانلارنى سالىدۇ . سىز ئارخىپلارنى ئاختۇرۇپ مېنىڭ بىرقانچە «گۇناھىم»نى يېزىپ چىقىڭ ، ئۇنىڭ سەۋەبلىرىنى مەن قايىل بولۇپ ، كەمچىلىكىمنى تۈزەتكۈدەك دەرىجىدە بايان قىلىڭ .

### 3 . خۇلقىمنى چۈشىنىڭ

«مەن دېڭىزنىڭ نادامىتى ، پەلەكنىڭ يېشى ، دالىلارنىڭ كۈلكىسى» . مەن مايسىلارنى سۇغىرىپ ، توزاڭلارنى تازىلاپلا قالماستىن ، ئەدىبلەرنىڭ ھېسسىياتلىق قەلبىنىمۇ نەمدەپ كەلدىم . شۇڭا ، مېنىڭ ئوبرازىم ھەر خىل ئەدەبىي ئەسەرلەردە تەكرار ئۇچرايدۇ . گەرچە بۇ ئەسەرلەرنىڭ تۈسى ئوخشاش بولمىسىمۇ ، يازغۇچىلار مېنى كەيپىياتنى گەۋدىلەندۈرۈش ، ھېسسىياتنى ئىزھار قىلىشتىكى ياردەمچىگە ئايلاندۇردى .

سىلەر يامغۇر تەسۋىرلەنگەن ياخشى ئەسەرلەرنى تېپىپ ، سىنىپتا مۇزىكىلىق شېئىر ، نەسر ئوقۇش پائالىيىتى ئۆتكۈزۈڭلار (شارائىتى يار بەرگەنلەر رەسىم ۋە تېلېۋىزور كۆرۈنۈشلىرىدىن پايدىلانسا بولىدۇ) . ئاندىن ئەدىبلەرنىڭ مەن ئارقىلىق قانداق ھېسسىياتلارنى ئىپادىلىگەنلىكىنى يەكۈنلەپ بېقىڭلار . سىز قايسى خىل ھېسسىياتقا ئورتاق بولدىڭىز ؟ سىز مۇشۇنداق سوئاللارغا جاۋاب بېرەلىگەندىلا يامغۇرنىڭ قەلبىنى چۈشەنگەن بولىسىز .

*مەن تۈرلۈك پەسىللەردە تۈرلۈك كەيپىيات قوزغايمەن ، سىز مەلۇم بىر پەسىلدىكى مېنى تەسۋىرلەش ئوبيېكتى قىلىپ ، ئالاھىدە بىر تۇيغۇڭىزنى تۇتقا قىلىپ ، لىرىك ئەسەر يېزىپ چىقىڭ .*



# مەخسۇس تېما

# مېتېئورولوگىيە فېنولوگىيىسى

## ئوقۇش ۋە پايدىلىنىش

### 1. بۇلۇتقا قاراپ، ھاۋا رايىنى بىلىش

جۇ يۇڭيى[①]

ئاسماندىكى بۇلۇتلارنىڭ قىياپىتى تۈمەن مىڭ خىل بولىدۇ، دائىم ئۆزگىرىپ تۇرىدۇ. ئۇلارنىڭ بەزىلىرى پەيگە ئوخشاش ئاسماندا يېنىك لەيلەپ يۈرىدۇ؛ بەزىلىرى بېلىق قاسىرىقىدەك پارچە - پارچە بولۇپ، رەتلىك تىزىلىپ يۈرىدۇ؛ بەزىلىرى قوي پادىسىدەك ئۇياق-بۇياققا مېڭىپ يۈرىدۇ؛ بەزىلىرى بىر پارچە چوڭ تور پاختىدەك، ئاسماننى ھەممە يېپىۋالىدۇ؛ يەنە بەزىلىرى دۆمچەك - دۆمچەك تاغلارغا، دەريا- غوللارغا، شىرغا، چاپچىپ تۇرغان ئاتقا ئوخشايدۇ ...ئۇلار بەزىدە ئاسماننى ناھايىتى چىرايلىق بېزەۋېتىدۇ، بەزىدە يەنە ئاسماننى قاپلاپ قاپقاراڭغۇ قىلىۋېتىدۇ. ھېلىلا ئاپئاق بۇلۇتلار لەيلەپ، قۇياش نۇرى پارلاپ تۇرغان بولسا، بىردەمدىلا قارا بۇلۇتلار

① جۇ يۇڭيى — مەشھۇر تىل - ئەدەبىيات ئالىمى، ئوقۇتقۇچىسى.

ئاسماننى قاپلاپ، شارىلداپ يامغۇر قۇيۇۋېتىدۇ. بۇلۇت خۇددى ھاۋا رايىنىڭ «ۋۇئۇسكىسى»غا ئوخشايدۇ، ئاسماندا قانداق بۇلۇت پەيدا بولسا، شۇنداق ھاۋا رايى كۆرۈلىدۇ.

تەجرىبىلەردىن مەلۇمكى، ئاسماندىكى نېپىز بۇلۇتلار ئوچۇق ھاۋانىڭ بەلگىسى؛ پەس، قېلىن، زىچ بۇلۇت قاتلىمى دائىم دېگۈدەك يامغۇر، قار - بورانىنىڭ بېشارىتى بولىدۇ.

ئەڭ يېنىك، ئەڭ ئېگىزدە تۇرغان بۇلۇت بۇجغۇر بۇلۇت دېيىلىدۇ. بۇنداق بۇلۇت ناھايىتى نېپىز بولىدۇ، قۇياش نۇرى بۇلۇتنىڭ قېتىدىن ئۆتۈپ زېمىنغا چۈشەلەيدۇ، ئۆي ۋە دەل - دەرەخلەرنىڭ سايىسى ناھايىتى ئېنىق كۆرۈنىدۇ. بۇجغۇر بۇلۇت مەشۇت پارچىلىرىدەك لەيلەپ يۈرىدۇ، بەزىدە بىر پارچە ئاق پەيگە ئوخشاپ قالىدۇ، بەزىدە بىر پارچە ئاپئاق مەشۇت يىپقا ئوخشاپ قالىدۇ. ئەگەر بۇجغۇر بۇلۇت ئاسماندا توپ - توپ بولۇپ، رەت - رەت تىزىلىپ كەتسە، خۇددى مەيىن شامال يەلپۈپ ئۆتكەن سۇ يۈزىدىكى دولقۇنغا ئوخشاش، بۇجغۇر توپ بۇلۇتنى ھاسىل قىلىدۇ. بۇجغۇر بۇلۇت ۋە بۇجغۇر توپ بۇلۇتنىڭ ئورنى ناھايىتى ئېگىزدە بولۇپ، ئۇلاردا سۇ دانچىلىرى ئاز بولىدۇ، ئادەتتە يامغۇر، قار ياغمايدۇ. يەنە بىر خىل پاختا پارچىلىرىغا ئوخشايدىغان ئاق بۇلۇتلار بولۇپ، بۇلۇت توپى دەپ ئاتىلىدۇ. ئۇلار ئادەتتە 2000 مېتىر ئەتراپىدىكى ئاسمان بوشلۇقىدا توپ - توپ بولۇپ تارقىلىپ، ئىللىق قۇياش نۇرىدا جۇلالىنىپ تۇرىدۇ، بۇلۇتنىڭ ئەتراپىغا ئالتۇن رەڭ نۇرلار چېچىلىدۇ. بۇلۇت توپى چۈشتىن بۇرۇن پەيدا بولۇشقا باشلايدۇ، چۈشتىن كېيىن ئەڭ كۆپىيىدۇ، كەچقۇرۇن ئاستا - ئاستا تارقىلىپ كېتىدۇ. ئوچۇق كۈنلەردە بىز يەنە بىر خىل يۇقىرى توپ بۇلۇتنى كۆرىمىز. بۇ توپ-توپ شارسىمان بۇلۇت پارچىلىرى ناھايىتى رەتلىك تىزىلغان، بۇلۇتلار ئارىسىدىن زەڭگەر ئاسمان كۆرۈنۈپ تۇرىدۇ، يىراقتىن قارىغاندا، ئۇ خۇددى يايلاقتىكى ئاپئاق قوي پادىلىرىغا ئوخشايدۇ. بۇجغۇر بۇلۇت،

بۇجغۇر توپ بۇلۇت، بۇلۇت توپى ۋە يۇقىرى توپ بۇلۇتلار ھەممىسى ناھايىتى چىرايلىق.

كەينى ـ كەينىدىن ئۈزۈلمەي ياغىدىغان يامغۇر، قار يېتىپ كېلىدىغان ۋاقىتتا، بۇجغۇر بۇلۇتلار توپلىنىپ، ئاسماندا ئاستا ـ ئاستا، خۇددى ئاق شايى پەردە يېپىلغاندەك بىر قەۋەت نېپىز بۇلۇت پەيدا بولىدۇ. بۇ خىل بۇلۇت بۇجغۇر قات بۇلۇت دەپ ئاتىلىدۇ. بۇجغۇر قات بۇلۇت ئاستا ـ ئاستا ئالدىغا مېڭىپ، ھاۋا تۇتۇلىدۇ. ئۇنىڭ كەينىدىن بۇلۇت بارغانسېرى پەسلەپ، قېلىنلايدۇ، بۇلۇتلار قېتىدىن قۇياش بىلەن ئايغا قارىساق، خۇددى بىر قەۋەت گۈڭگا ئەينەك بىلەن توسۇپ قويۇلغاندەك تۇتۇق كۆرۈنىدۇ. بۇ چاغدىكى بۇجغۇر قات بۇلۇتنىڭ نامى ئۆزگىرىپ، يۇقىرى قات بۇلۇت دەپ ئاتىلىدۇ. يۇقىرى قات بۇلۇت پەيدا بولسا، دائىم بىرنەچچە سائەت ئىچىدىلا يامغۇر ياكى قار ياغىدۇ. ئاخىرىدا بۇلۇت تېخىمۇ پەسلەپ، تېخىمۇ قېلىنلاپ، قۇياش بىلەن ئاي يوشۇرۇنۇۋالىدۇ، ئاسمان تۇتۇق كۈل رەڭ بۇلۇتلار بىلەن قاتمۇقات قاپلىنىپ كېتىدۇ. بۇ خىل يېڭى بۇلۇت يامغۇرلۇق قات بۇلۇت دەپ ئاتىلىدۇ. يامغۇرلۇق قات بۇلۇت شەكىللىنىشى بىلەنلا ئۈزۈلمەي يامغۇر ياكى قار يېغىشقا باشلايدۇ.

ياز كۈنى، گۈلدۈرمامىلىق يامغۇر يېغىشتىن ئىلگىرى، ئاسماندا بۇلۇت توپى پەيدا بولىدۇ. بۇلۇت توپى ئەگەر تېز دۈۋىلىنىپ، يوغان بۇلۇت تېغىنى ھاسىل قىلسا، ئۇنىڭ ئاجايىپ ـ غارايىپ چوققىلىرى كۆككە تاقاشسا، ئۇ يامغۇرلۇق توپ بۇلۇتقا ئايلىنىدۇ. يامغۇرلۇق توپ بۇلۇت بارغانسېرى قېلىنلاپ، بۇلۇتنىڭ ئاستى تەرىپى ئاستا ـ ئاستا تارىيىپ كېتىدۇ، بۇلۇت چوققىسى بارا ـ بارا تۇتۇقلىشىدۇ، كۆپ ئۆتمەي، پۈتكۈل بۇلۇت تېغى گۈمۈرۈلۈپ، ئاسماننى تۇمان قاپلايدۇ، ھەش ـ پەش دېگۈچە ۋالىلداپ چاقماق چېقىپ، گۈلدۈرماما گۈلدۈرلەپ، شارىلداپ قاتتىق يامغۇر قۇيۇۋېتىدۇ. بەزىدە تەڭلا مۆل ـ دۈر چۈشىدۇ ياكى قۇيۇن چىقىپ كېتىدۇ.

بىز يەنە بۇلۇتتىكى نۇرنىڭ رېڭىگە قاراپ ، هاۋا رايى ئەھۋالىنى
پەرەز قىلالايمىز . قۇياش بىلەن ئاينىڭ ئەتراپىدا بەزىدە بىر خىل
گۈزەل رەڭدار چەمبىرەك هاسىل بولۇپ ، ئىچكى قەۋىتى قىزىل ،
تاشقى قەۋىتى بىنەپشە رەڭگە كىرىدۇ . بۇ نۇر چەمبىرىكى قوتانلىشىش
(گەردىش ) دەپ ئاتىلىدۇ . كۈن گەردىشى ۋە ئاي گەردىشى دائىم
بۇجغۇر قات بۇلۇت ئۈستىدە پەيدا بولىدۇ . بۇجغۇر قات بۇلۇتنىڭ
كەينى تەرىپىدە بىر چوڭ پارچە ئېگىز يۇقىرى قات بۇلۇت ۋە يامغۇر-
لۇق قات بۇلۇت پەيدا بولغاندا ، قاتتىق بورانلىق يامغۇردىن بېشارەت
بېرىدۇ . شۇنىڭ ئۈچۈن «كۈن قوتانلىسا يېرىم كېچىدە يامغۇر ياغى-
دۇ ، ئاي قوتانلىسا چۈشتە بوران چىقىدۇ» دېگەن گەپ چىققان . بۇ ،
بۇجغۇر قات بۇلۇت پەيدا بولسا هەم گەردىشلىك بولسا ، هاۋا بۇزۇلى-
دىغانلىقىنى چۈشەندۈرىدۇ . ئۇنىڭدىن باشقا يەنە بىر خىل گەردىشتىن
كىچىك رەڭلىك چەمبىرەك بار ، ئۇ كورونا دەپ ئاتىلىدۇ . ئۇنىڭ
ئىچى تەرىپى بىنەپشە رەڭ ، سىرتى تەرىپى قىزىل بولۇپ ، گەردىشى-
نىڭ ئەكسىچە بولىدۇ . كۈن كوروناسى بىلەن ئاي كوروناسى كۆپرەك
يۇقىرى توپ بۇلۇتنىڭ چېتىدە پەيدا بولىدۇ . كورونا هالقىسى كىچىك-
تىن چوڭايسا ، هاۋا ئېچىلىدۇ . كورونا هالقىسى كىچىكلىسە هاۋا
تۇتۇلۇپ ، يامغۇر يېغىشى مۇمكىن . يازدا يامغۇردىن كېيىن هاۋا
ئېچىلغاندا ، قۇياشنىڭ ئۇدۇلىدىكى بۇلۇت پەردىسىدە دائىم بىر رەڭ-
دار ياي پەيدا بولىدۇ ، بۇنى هەسەن ـ هۈسەن دەپ ئاتىشىدۇ .
كىشىلەر دائىم : «شەرق تەرەپتە هەسەن ـ هۈسەن چىقسا هاۋا گۈل-
دۈرلەيدۇ ، غەرب تەرەپتە هەسەن ـ هۈسەن چىقسا يامغۇر ياغىدۇ»
دېيىشىدۇ . بۇنىڭ مەنىسى ، هەسەن ـ هۈسەن شەرق تەرەپتە بولسا ،
هاۋا گۈلدۈرلەپ ، يامغۇر ياغمايدۇ ؛ هەسەن ـ هۈسەن غەرب تەرەپتە
بولسا ، قاتتىق يامغۇر ياغىدۇ ، دېگەندىن ئىبارەت . قۇياش ئاسماننى
يورۇتسا ، بۇلۇت قىزىل رەڭگە كىرىدۇ . بۇ خىل رەڭدار بۇلۇت شەپەق
دەپ ئاتىلىدۇ . شەپەق سەھەردە پەيدا بولسا ، هاۋا تۇتۇلۇپ ، يامغۇر

ياغىدىغانلىقىنى چۈشەندۈرىدۇ؛ كەچقۇرۇنى شەپەق پەيدا بولسا، يېقىنقى بىرنەچچە كۈندە ھاۋا ئوچۇق بولىدىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن «سەھەر شەپىقىدە ئىشىكتىن چىقما، كەچكى شەپەقتە يۈز يۈز مىڭ چاقىرىم» دېگەن تەمسىل چىققان.

بۇلۇت بىزنىڭ ھاۋانىڭ تۇتۇق - ئوچۇق، بورانلىق، يامغۇرلۇق بولىدىغانلىقىنى بىلىشىمىزگە، ھاۋا رايىنىڭ ئۆزگىرىشىدىن ئالدىن خەۋەردار بولۇشىمىزغا ياردەم بېرىدۇ، بۇ سانائەت، يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىشى ۋە كۈندىلىك تۇرمۇشىمىزدا ئىنتايىن مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە، بىز بۇلۇتقا قاراپ ھاۋا رايىنى بىلىشنى ئۆگىنىش ئۈچۈن، تەجرىبىلىك ئادەملەردىن كەمتەرلىك بىلەن ئۆگىنىپ، بۇلۇتنىڭ ئۆزگىرىشىنى كۆڭۈل قويۇپ كۆزىتىشىمىز، قايتا - قايتا ئەمەلىيەتتىن ئۆتكۈزۈپ، ئۇلارنىڭ قانۇنىيىتىنى ئىگىلىۋېلىشىمىز كېرەك. لېكىن، ھاۋا رايىنىڭ ئۆزگىرىشى ئىنتايىن مۇرەككەپ، بۇلۇتقا قاراپ ھاۋا رايىنى بىلىش تەبىئىيكى، مەلۇم چەكلىمىگە ئىگە. بىز ھاۋا رايىنىڭ ئۆزگىرىش ئەھۋالىنى توغرا ئىگىلىمەكچى بولىدىكەنمىز، يەنىلا ئىلمىي ئاساستىكى ھاۋا رايىدىن ئالدىن مەلۇماتقا تايىنىشىمىز لازىم.

## 2. تەبىئەت دۇنياسىنىڭ تىلى

جوكېجىن

باش باھار ئۆتۈپ كەتكەندىن كېيىن، زېمىن قاتتىق ئۇيقۇدىن ئاستا - ئاستا ئويغىنىشقا باشلىدى. قار - مۇزلار ئېرىپ، گۈل - گىياھلار بىخ سۈردى، ھەر خىل گۈللەر كەينى - كەينىدىن ئېچىلىشقا باشلىدى. يەنە ئىككى ئاي ئۆتسە، قارلىغاچلار قايتىپ كېلىدۇ. ئۆزاق ئۆتمەي كاككۇكلار كېلىدۇ. شۇنىڭ بىلەن تومۇز ئىسسىق ياز پەسلى كىرىدۇ، بۇ ۋاقىت ئۆسۈملۈكلەر «ھامىلىدار» بولۇپ مېۋىلەي-

دىغان پەسىل . كۈز كەلگەندە مېۋىلەر پىشىدۇ ، ئۆسۈملۈكلەرنىڭ
يوپۇرمىقى تەدرىجىي سارغىيىپ ، كۈز شامىلىدا بەرگىدىن ئايرىلىپ
چۈشىدۇ . شىمالدىكى تۇرنىلار جەنۇبقا قاراپ ئۇچىدۇ ، ئېتىز -
ئېرىقلاردا چېپىشىپ يۈرگەن قۇرت - قوڭغۇزلارمۇ پىنھان بولۇشى-
دۇ . ھەممە يەردە غازاڭلار ئۇچۇپ يۈرگەن مەنزىرە پەيدا بولىدۇ ،
قار - بوران قاپلىغان قىش پەسلىنى كۈتۈۋېلىش تەييارلىقى باشلىنى-
دۇ . يەر شارىنىڭ مۆتىدىل بەلۋاغ ۋە سۇبتروپىك بەلۋاغ رايونلىرىدا
ھەر يىلى مۇشۇنداق ئايلىنىپ تۇرىدۇ .

نەچچە مىڭ يىلدىن بۇيان ، ئەمگەكچى خەلق گىياھلارنىڭ ياشى-
رىشى ، قۇرۇشى ، پەسىل قۇشلىرىنىڭ كېلىپ - كېتىشى قاتارلىق
تەبىئەت ھادىسىلىرىنىڭ ھاۋا كىلىماتى بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىگە
دىققەت قىلىپ ، دېھقانچىلىق ئىشلىرىنى شۇنىڭغا ئاساسەن ئورۇنلاش-
تۇرۇپ كەلگەن . ئۆرۈكنىڭ چېچەكلىشى خۇددى تەبىئەتنىڭ يەرلەرنى
چاپسان ئاغدۇرۇڭلار ، دەپ پىچىرلىشىغا ؛ شاپتۇلنىڭ چېچەكلىشى
چاپسان ئورۇق سېلىڭلار ، دەپ بېشارەت بەرگىنىگە ئوخشايدۇ . كاك-
كۇك سايرىسا ، ئەمگەكچى خەلق ئۇنىڭ : «دېھقان ئاكا ئورماڭنى ئور ،
شال مايساڭنى كۆچۈر» دەۋاتقانلىقىنى چۈشىنىدۇ . مۇشۇنىڭدىن قارى-
غاندا گۈللەر ئېچىلىپ ، قۇشلارنىڭ سايرىشى ، ئوتلار ئۈنۈپ ، سوپە-
سوپىياڭنىڭ ئۇچۇشى ھەممىسىلا تەبىئەتنىڭ تىلى ئوخشىمامدۇ ؟ !

بۇ تەبىئەت ھادىسىلىرىنى مېتېئورولوگىيە ئىلمىدە فېنولوگىيە
دەپ ئاتايدۇ . فېنولوگىيە بىلىملىرى ناھايىتى بالدۇر باشلانغان .
قەدىمكى زاماندىن تارقىلىپ كەلگەن دېھقانچىلىققا ئائىت نۇرغۇن
ماقال - تەمسىللەرگە مول فېنولوگىيە بىلىملىرى سىڭگەن . يېقىنقى
زامانغا كەلگەندە فېنولوگىيە بىلىملىرىدىن پايدىلىنىپ ، يېزا ئىگىلىك
ئىشلەپچىقىرىشىنى تەتقىق قىلىش تەرەققىي قىلىپ بىر پەنگە —
فېنولوگىيە پېنىگە ئايلاندى . فېنولوگىيە پېنىدە ئۆسۈملۈكنىڭ ئۆ-
سۈشى ، ئايىنىشى ، قۇرۇشى ، ھايۋانلارنى بېقىش مۇناسىۋىتى خاتىرى-

لەنگەن. مەسىلەن، شاپتۇلنىڭ چېچەكلىشى، قارىلغاچنىڭ كېلىشى قاتارلىق تەبىئەت ھادىسىلىرىدىن مەزگىلنىڭ ئۆتۈشى بىلەن كېلىماتتا بولىدىغان ئۆزگىرىشلەر ۋە بۇ خىل ئۆزگىرىشلەرنىڭ ھايۋانات ۋە ئۆسۈملۈكلەرگە كۆرسىتىدىغان تەسىرىنى بىلگىلى بولىدۇ.

فېنولوگىيە «تىرىك ئەسۋاب»، بۇ ئۇنىڭ تىرىك جانلىقلارنى كۆزىتىپ، قوللىنىلىشىغا قارىتىلغان. ئۇ مېتېئورولوگىيە ئەسۋابلىرىدىن كۆپ مۇرەككەپ، كۆپ سەزگۈر. فېنولوگىيىلىك كۆزىتىشنىڭ سانلىق مەلۇماتلىرى تېمپېراتۇرا، نەملىك قاتارلىق كېلىمات شارائىتلىرىنىڭ ئۇنىۋېرسال ئەھۋالىنى ئەكس ئەتتۈرىدۇ ھەم كېلىمات شارائىتىنىڭ جانلىقلارغا كۆرسىتىدىغان تەسىرىنى ئەكس ئەتتۈرىدۇ. ئۇ ئاددىي بولغاچقا دېھقانچىلىق ئىشلىرىدا دائىم قوللانغىلى ۋە ئاسان ئىگىلىگىلى بولىدۇ. فېنولوگىيىنىڭ يېزا ئىگىلىكىدىكى مۇھىم رولى مانا مۇشۇ يەردە. مىسال:

بېيجىڭنىڭ فېنولوگىيىلىك خاتىرىسى، 1962 ـ يىلى شاپتۇل، ئۆرۈك چېچىكى، ئالما، قارىياغاچ يوپۇرماقلىق مېيخۇا، غەرب تاشئالمىسى، قەلەمپۇر، ئاق ئاكاتسىيىلەرنىڭ چېچەك مەزگىلى 1961ـ يىلىدىكىدىن ئون كۈن ئەتراپىدا كېچىكتى، 1960 ـ يىلىدىكىدىن 5 — 6 كۈن كېچىكتى. مۇشۇ فېنولوگىيىلىك كۆزىتىش ماتېرىياللىرىغا ئاساسەن، بېيجىڭ رايونىدا 1962 ـ يىلى دېھقانچىلىق پەسلىنىڭ كېچىكىپرەك كېلىدىغانلىقىغا ھۆكۈم قىلىشقا بولىدۇ. شۇ يىلى باش باھاردا تېرىلىدىغان خاسىڭ قاتارلىق زىرائەتلەر ئىلگىرىكى يىللاردىكى مەزگىل بويىچە تېرىلغانلىقتىن، تۆۋەن تېمپېراتۇرىنىڭ زىيىنىغا ئۇچرىدى. ئەگەر فېنولوگىيىلىك پەسلىنىڭ كېچىكىدىغانلىقىغا دىققەت قىلىپ، مۇۋاپىق تېرىقچىلىق مەزگىلىنى تاللىغان بولسا، بۇنداق زىياندىن ساقلانغىلى بولاتتى.

فېنولوگىيىلىك ھادىسىلەرنىڭ كېلىشىنى قايسى ئامىللار بەلگىلەيدۇ؟

جۇڭگونىڭ شىمالىغا بارغانچە شاپتۇل كېچىكىپ چېچەكلەيدۇ، پەسىل قوشلىرىمۇ كېچىكىپ كېلىدۇ. شۇنى كۆرسىتىپ ئۆتۈشكە ئەرزىيدۇكى، فېنولوگىيىلىك ھادىسىلەرنىڭ شىمال بىلەن جەنۇبتىكى كۆن پەرقى پەسىلنىڭ پەرقى سەۋەبىدىن ئوخشىمايدۇ. ئېلىمىزدە چوڭ قۇرۇقلۇق خاراكتېرىدىكى كىلىمات روشەن بولۇپ، قىشتا سوغۇق، يازدا ئىسسىق بولىدۇ. قىش پەسلىدە جەنۇب بىلەن شىمالنىڭ كىلىمات پەرقى چوڭ، ياز پەسلىدە بولسا چوڭ پەرقلىنىپ كەتمەيدۇ. ئەتىيازدا باش باھار بىلەن كەچ باھار ئوخشىمايدۇ. مەسىلەن، باش باھاردىكى 3 ـ، 4 ـ ئايلاردا نەنجىڭدە شاپتۇل بېيجىڭدىكىدىن 20 كۈن بالدۇر چېچەكلەيدۇ. لېكىن، كەچ باھاردىكى 5 ـ ئاينىڭ بېشىدا نەنجىڭدا ئاق ئاكاتسىيە بېيجىڭدىكىدىن ئون كۈنلا بالدۇر چېچەكلەيدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن شىمالىي جۇڭگودا ئەتىياز قىسقىدەك، قىش ئاخىرلىشىشى بىلەنلا ياز كېلىپ قالىدىغاندەك بىلىنىدۇ.

مېرىدىئان پەرقى فېنولوگىيىگە تەسىر كۆرسىتىدىغان ئىككىنچى ئامىل ھېسابلىنىدۇ. مېرىدىئاننىڭ تەسىرى دېڭىز ـ ئوكيانغا يىراق-يېقىن بولۇشى بىلەن مۇناسىۋەتلىك. دېڭىزغا يېقىن بولغانلىكى جاي-لاردا ئوخشاش پاراللېلدىكى ئىچكى قۇرۇقلۇقتا، قىش كۈنلىرى ئىلىلىق، ئەكسىچە ئەتىياز سوغۇق بولىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن دېڭىز بويىدىكى رايونلاردا ئەتىياز ئىچكى قۇرۇقلۇقتىكىدىن بىرقانچە كۈن كېچىكىپ كېلىدۇ. مەسىلەن، دالىيەن پاراللېلدا بېيجىڭنىڭ بىر گرادۇس جەنۇبىغا توغرا كېلىدۇ، لېكىن دالىيەندە خورىستىيە دەرىخى بىلەن قارىياغاچ يوپۇرماقلىق مېيخۇا بېيجىڭدىكىدىن بىر ھەپتە كېچىكىپ چېچەكلەيدۇ. يەنە مەسىلەن، جىنەندە ئالما 4 ـ ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرىدا ياكى يامغۇر پەسلىدە چېچەكلەيدۇ، يەنتەيدە بولسا باش يازدا چېچەكلەيدۇ. بۇ ئىككى جاينىڭ پاراللېلدىكى ئورنى ئانچە پەرقلىنىپ كەتمەيدۇ، لېكىن يەنتەي دېڭىزغا يېقىن بولغاچقا، ئەتىياز كېچىكىپ كېلىدۇ.

فېنولوگىيىگە تەسىر كۆرسىتىدىغان ئۈچىنچى ئامىل ئورۇننىڭ ئېگىز - پەسلىك پەرقىدىن ئىبارەت. ئۆسۈملۈكنىڭ كۆكلەپ، چېچەكلىشى قاتارلىق فېنولوگىيىلىك ھادىسە ئەتىياز، ياز پەسلىدە ئورنى قانچە ئېگىز بولغانسېرى شۇنچە كېچىكىدۇ، كۈزدە ياغاچ غوللۇق ئۆسۈملۈكلەرنىڭ غازاڭ تاشلىشى ئورنى قانچە ئېگىز بولغانسېرى شۇنچە بالدۇر بولىدۇ. ئەمما، بۇ ئامىلنى تەتقىق قىلغاندا، ئالاھىدە ئەھۋاللارنى نەزەردە تۇتۇش كېرەك. مەسىلەن، كۈز بىلەن قىش ئالمىشىدىغان پەيتتە ھاۋا ئوچۇق بولغاندا، مەلۇم ئېگىزلىكتىكى تېمپېراتۇرا پەس جايغا قارىغاندا يۇقىرى بولىدۇ. بۇ تەتۈر تېمپېراتۇرا قاتلىمى دەپ ئاتىلىدۇ. سوغۇق ھاۋا ئېغىرراق بولغاچقا، شامالسىز كېچىدە، سوغۇق ھاۋا پەس تەرەپكە ئاقىدۇ. بۇ خىل ھادىسە تاغلىق جايلاردا كۈز، قىش پەسىللىرىدە، بولۇپمۇ بۇ ئىككى پەسىلنىڭ ئەتىگەنلىرى ئىنتايىن روشەن بىلىنىدۇ، دائىم تاغ ئېتىكىدە قىرو تۇرغىنىنى، ئەمما تاغ بېلىدە قىرو يوقلۇقىنى بايقايمىز. جەنۇبىي جۇڭگونىڭ ئېدىرلىق رايونلىرىدا ئىسسىق بەلۋاغ زىرائەتلىرىنى تاغنىڭ بېلىگە تېرىسا ناھايىتى مۇۋەپپەقىيەتلىك بولىدۇ، تاغ ئېتىكى بۇنىڭ ئەكسىچە ماس كەلمەيدۇ، بۇنىڭ ئاساسى ئەنە شۇ.

ئۇنىڭدىن باشقا، فېنولوگىيە ھادىسىسىنىڭ كېچىكىش ياكى بالدۇر كېلىشىدە يەنە قەدىم بىلەن بۈگۈننىڭ پەرقى بار. ئەنگلىيىنىڭ جەنۇبىي قىسمىدىكى بىر خىل فېنولوگىيىنىڭ ئۇزاق مەزگىللىك خاتىرىسىگە ئاساسلانغاندا، 1741 - يىلدىن 1750 - يىلغىچە بولغان ئون يىل بىلەن 1921 - يىلدىن 1930 - يىلغىچە بولغان ئون يىلدىكى ئەتىيازنىڭ بېشىدا يەتتە خىل غوللۇق دەرەخنىڭ كۆكىرىش ۋە چېچەكلەش ئوتتۇرىچە مەزگىلىنى سېلىشتۇرغاندا، كېيىنكىسىنىڭ ئالدىنقىسىدىن توققۇز كۈن بالدۇر بولغىنىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ. يەنى، ئەتىياز توققۇز كۈن بالدۇر كەلگەن.

فېنولوگىيە ئىلمىدىن ئىبارەت بۇ پەن فېنولوگىيە ئىلمىدىكى

ئېكولوگىيە ئىلمى بىلەن مېتېئورولوگىيە ئىلمىدىكى يېزا ئىگىلىك مېتېئورولوگىيىسىگە يېقىنلىشىدۇ.

فېنولوگىيە ئىلمى ئالدى بىلەن دېھقانچىلىق مەزگىلىنى ئالدىن مەلۇم قىلىش، تېرىقچىلىق مەزگىلىنى تاللاش ئۈچۈن تەتقىق قىلىنىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا، يەنە كۆپ تەرەپلىمە ئەھمىيەتكە ئىگە. فېنولوگىيە ماتېرىياللىرى دېھقانچىلىق زىرائەتلىرىنى رايونلاشتۇرۇپ ئورۇنلاشتۇرۇشتا، ئورمان بەرپا قىلىش ۋە دەرەخ ئۇرۇقلىرىنى يىغىش ۋاقتىنى بەلگىلەشتە پايدىلىنىش قىممىتىگە ئىگە. يەنە ئۇنىڭدىن پايدىلىنىپ ئۆسۈملۈكلەرنى فېنولوگىيىلىك شارائىتى ئوخشايدىغان رايونلارغا ئايرىپ تېرىشقا، يەنە ئۇنىڭدىن پايدىلىنىپ زىيانلىق ھاشاراتلارنىڭ زىيىنىدىن ساقلىنىشقا بولىدىغان ناھايىتى زور كۆلەملىك تاغلىق يەرلەر بار، ئەمما تاغلىق رايونلارنىڭ كىلىماتى، تۇپرىقىنىڭ دېھقانچىلىق زىرائەتلىرىگە ماس كېلىش ئەھۋالىنى ناھايىتى كۆپ يەرلەردە تېخى تەكشۈرۈشكە توغرا كېلىدۇ. تاغلىق رايوننىڭ يېزا ئىگىلىكىنىڭ تەرەققىياتىغا قولايلىق يارىتىش ئۈچۈن، تاغلىق رايوندا فېنولوگىيىلىك كۆزىتىشنى قانات يايدۇرۇش زۆرۈر.

فېنولوگىيە ئىلمى يېزا ئىگىلىكىدە مول ھوسۇل ئېلىشقا مۇناسىۋەتلىك يەن، فېنولوگىيىلىك كۆزىتىشنى تېخىمۇ كۈچەيتىپ، تەبىئەتنىڭ تىلىنى چۈشىنىشىمىز، يېزا ئىگىلىكىدە تېخىمۇ زور مول ھوسۇل ئېلىشىمىز كېرەك.

## پايدىلىنىش ماتېرىيالى

### 1. سۈنئىي ھەمراھ ئارقىلىق ھاۋا رايىنى ئۆلچەش

«بۇلۇت ھاۋا رايىنىڭ ۋۇۋىسكىسى». بۇرۇن بۇلۇتقا يەردە تو-
رۇپ قارايتتۇق، كۆرۈش دائىرىسىمۇ چوڭ ئەمەس ئىدى، شۇنداقلا

ھەر قېتىم ئاسماننىڭ تۆۋەن تەرىپىگە قارا بۇلۇت توپلىنىپ كەتسە، ئۈستى تەرەپتىكى بۇلۇت قاتلىمىنىڭ ئەھۋالىنى كۆزەتكىلى بولمايدۇ. ئادەتتىكى كۆز بىلەن بۇلۇتقا قاراپ، ھاۋا رايىنى بىلىشتە ناھايىتى زور چەكلىمىگە ئۇچرايتتۇق. ھاۋا رايىنى قانداق قىلىپ توغرا ئالدىن ئۆلچىگىلى بولىدۇ؟ كىشىلەر دەسلەپتە لەگلەك بىلەن، كېيىن شار، راكېتا، ھاۋا رايى ئايروپىلانى قاتارلىقلار بىلەن ئۆلچەش ئەسۋابىنى ئاسمانغا چىقىرىپ، ئاتموسفېرا ھادىسىسىنى تەكشۈرۈپ، ئالاقىدار سانلىق مەلۇماتلارنى توپلاپ، ھاۋا رايىدىن ئالدىن مەلۇمات بېرىش سەۋىيىسىنى ئۈزلۈكسىز يۇقىرى كۆتۈردى. 20 ـ ئەسىرنىڭ 60 ـ يىللىرى ھاۋا رايى سۈنئىي ھەمراھىنىڭ بارلىققا كېلىشى، ھاۋا رايىنى ئالدىن ئۆلچەش ۋە ئالدىن مەلۇمات بېرىشنىڭ يېڭى ئېراسىنى ئاچتى.

ھاۋا رايى سۈنئىي ھەمراھى يەر شارى سۈنئىي ھەمراھى ئائىلىسىنىڭ مۇھىم ئەزاسى. ئۇ ئېگىز ئاسماندا ئايلىنىپ يۈرۈپ، يۇقىرىدىن تۆۋەنگىچە ناھايىتى كەڭ دائىرىدىكى بۇلۇت ئەھۋالىنى ۋە باشقا ھاۋا رايى ھادىسىلىرىنى كۆزىتىپ، يەر شارىنىڭ ئۈستىدىكى شامال، بۇلۇتلارنىڭ ئۆزگىرىشىنى ھەقىقىي كۆرۈپ، ئاندىن نازۇك سىگنال يەتكۈزۈش سىستېمىسى ئارقىلىق ئېنىق، توغرا سۈرەتنى يەر يۈزىگە ئەۋەتىپ بېرىدۇ. ھاۋا رايى تېخنىكلىرى سۈنئىي ھەمراھ ئارقىلىق تارتىلغان سۈرەت بىلەن يەر يۈزىدە كۆزەتكەن ماتېرىيالنى بىرلەشتۈرۈپ تەتقىق، ئانالىز قىلىپ، خېلى توغرا ھاۋا رايى ئالدىن مەلۇماتىنى ئىشلەپ چىقىدۇ. ھاۋا رايى سۈنئىي ھەمراھى ئىنسانلارغا شامال چىقىرىپ، يامغۇر ياغدۇرۇپ بېرەلمىسىمۇ، لېكىن كىشىلەر سۈنئىي ھەمراھ تارتقان سۈرەتكە تايىنىپ، ھۆل ـ يېغىندىن خەۋەر بېرەلەيدۇ.

ھاۋا رايى سۈنئىي ھەمراھى قانداق خىزمەت قىلىدۇ؟ ھاۋا رايى سۈنئىي ھەمراھى ئاسماننى تەكشۈرۈش شارى بىلەن ھاۋا رايى راكېتاسىغا ئوخشىمايدۇ، ھاۋا رايى ئەسۋابلىرىنى ئىشلىتىپ، بىۋاستە

تەكشۈرمەيدۇ، ئۇ ئالەم يىراقتىن سىزىش تېخنىكىسىنى قوللىنىدۇ. هاۋا رايى سۈنئىي ھەمراھى ئېگىز ئاسماندا سىنزور ئارقىلىق تەكشۈرۈلگۈچى جىسىم تارقاتقان ياكى قايتۇرغان ئېلېكتر ماگنىتلىق دولقۇن ئۇچۇرىنى قوبۇل قىلىپ، ئۇنى پىششىقلاپ بىر تەرەپ قىلىپ، ئۇنى تونۇغىلى بولىدىغان سۈرەتكە ياكى كومپيۇتېردا ئىشلىتىلىدىغان خاتىرىلەش ماگنىتلىق لېنتىسىغا ئايلاندۇرۇپ، تەكشۈرۈلگەن جىسىمنىڭ خاراكتېرى، شەكلى ۋە ئۆزگىرىش ئەھۋالىنى ئېچىپ بېرىدۇ. هاۋا رايى سۈنئىي ھەمراھى كۈندۈزى ئىشلەپلا قالماستىن، قاراڭغۇ كېچىدىمۇ ئىنفرا قىزىل نۇرنى تارقىتىپ تەكشۈرەلەيدۇ. ئۇنىڭ ئىككى نادىر ئەسىرى بار، ئۇلار «كۆرگىلى بولىدىغان نۇر سۈرىتى» ۋە «ئىنفرا قىزىل نۇر سۈرىتى» دەپ ئاتىلىدۇ. هازىر دۇنيادىكى 120 نەچچە دۆلەتنىڭ 1000 دىن ئارتۇق ئاپتوماتىك سۈرەت قوبۇل قىلىش پونكىتى، 80 نەچچە يۇقىرى پەرقلەندۈرۈش ئۇنۇمىگە ئىگە سۈرەت قوبۇل قىلىش پونكىتلىرى هاۋا رايى سۈنئىي ھەمراھى ئەۋەتكەن سۈرەتلىك سانلىق مەلۇماتلارنى ۋە تارقاتقان يىراقتىن ئۆلچىگەن سانلىق مەلۇماتلار ئۇچۇرىنى توختىماي قوبۇل قىلىپ، ماگنىتلىق لېنتىغا خاتىرىلەپ، يەر يۈزىدىكى يىراقتىن سەزگۈچى سانلىق مەلۇماتلارنى بىر تەرەپ قىلىش مەركىزىنىڭ پىششىقلاپ، بىر تەرەپ قىلىشىغا يوللاپ بېرىدۇ. بىز هەر كۈنى مەركىزي تېلېۋىزيە ئىستانسىسىنىڭ هاۋا رايى ئالدىن مەلۇماتى پروگراممىسىدىن كۆرىدىغان سۈنئىي ھەمراھ ئارقىلىق تارتىلغان سۈرەتلەر يۇقىرىدا بايان قىلىنغان ئىككى خىل ئەسلىي سۈرەتتىن كومپيۇتېردا پىششىقلاپ بىر تەرەپ قىلىپ ئىشلەپچىقىرىلغان.

ئىلىم ئۈستىدە ئىزدىنىش ساھەسىدە ئىنسانلار مەڭگۈ قانائەتلەنمەيدۇ. هاۋا رايى سۈنئىي ھەمراھىنىڭ رولىنى تېخىمۇ ياخشى جارى قىلدۇرۇپ، هاۋا رايى ۋە كىلىماتنىڭ ئۆزگىرىشىنى تېخىمۇ توغرا ئالدىن ئۆلچەش ئۈچۈن، بىر قىسىم مېتېئورولوگىيە ئالىملىرى ۋە

ئالەم تېخنىكىسى مۇتەخەسسىسلىرى ھەمكارلىشىپ تەتقىق قىلىپ، تېخىمۇ ئىلغار ھاۋا رايى ئۆلچەش سىستېمىسىنى تەسەۋۋۇر قىلىشماقتا.

ھاۋا رايى سۈنئىي ھەمراھىدىن ئىبارەت مۇشۇنداق يۇقىرى پەن-تېخنىكا تەكشۈرۈش قورالىغا تايىنىپ، ئىنسانلار قەدىمدىن تارقىلىپ كېلىۋاتقان «تەقدىرنىڭ ئويۇنىنى بىلىپ بولمايدۇ» دېگەننى «تەقدىرنىڭ ئويۇنىنى بىلگىلى بولىدۇ» دەپ ئۆزگەرتمەكتە.

## 2. فېنولوگىيە ۋە فېنولوگىيە ئىلمى

فېنولوگىيە دېگىنىمىز ھايۋانات، ئۆسۈملۈكلەر ياكى جانسىز نەرسىلەرنىڭ كىلىمات ۋە تاشقى مۇھىت ئامىلىنىڭ تەسىرىدە كېلىپ چىققان پەسىللىك ئۆزگىرىش ھادىسىلىرىنى كۆرسىتىدۇ. مەسىلەن، ئۆسۈملۈكلەرنىڭ بىخلىنىشى، چېچەكلىشى، مېۋە بېرىشى؛ ھايۋانلارنىڭ ئۇچەككە كىرىشى، ئويغىنىشى، كۆپىيىشى، كۆچۈشى قاتارلىقلار. غەيرىي جانلىق ھادىسىلەر، مەسىلەن، قىرو چۈشۈش، قار چۈشۈش، دەسلەپكى مۇز توڭلاش، توڭ ئېرىش قاتارلىقلار.

فېنولوگىيە ئىلمى ئاساسلىق تەبىئەت دۇنياسىدىكى ئۆسۈملۈكلەر (جۈملىدىن، دېھقانچىلىق زىرائەتلىرى)، ھايۋاناتلار ۋە مۇھىت شارائىتى (كىلىمات، گىدرولوگىيە، تۇپراق شارائىتى)نىڭ دەۋرىيلىك ئۆزگىرىشى ئارىسىدىكى ئۆزئارا مۇناسىۋەتنى تەتقىق قىلىدىغان پەن. ئۇنىڭ مەقسىتى تەبىئەتنىڭ پەسىل ھادىسىلىرىنىڭ ئۆزگىرىش قانۇنىيىتىنى تونۇپ، ئۇنى يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىشى ۋە پەن تەتقىقاتىغا خىزمەت قىلدۇرۇشتىن ئىبارەت.

## 3. شېئىر - قوشاقلاردىكى فېنولوگىيە

بەزى شائىرلار خەلقنىڭ ھال - دەردىگە كۆڭۈل بۆلۈپ، ھەر قايسى جايلاردىن نۇرغۇن ماقال - تەمسىل، قوشاقلارنى توپلىغان؛ ئۇلار تەبىئەتنى سۆيۈپ، قۇشلار ۋە گۈل - گىياھلارنىڭ بېشارىتىنى

بىلىشكە ماھىر بولغان ، بۇنداق خەلق قوشاقلىرى ، ماقال - تەمسىللەرنى دوراپ شېئىرلارنى يازغان . بۇنىڭ ئىچىدە نۇرغۇن شېئىرلاردا قانۇنىيەتلىك ئەقلىيە سۆزلىرى بولغاچقا ، كەڭ تارقىلىپ كەلگەن ؛ شائىر دۇنيادىكى ھەممە پاكلىقنى شېئىرغا مۇجەسسەم قىلغان بولىدۇ . ئاي ، شەبنەم ، شامال ، بۇلۇت ، گۈل ، قۇشلارنى ئۆزىگە ئىلھامچى قىلىدۇ ، ئاشۇ مەنزىرىلەر بىلەن ھېسسىياتى ھەرگىز ئايرىلمايدۇ . كىشىلەر دائىم ئاي ، شەبنەم ، شامال ، بۇلۇت ، گۈل ، قۇشلارنى مەدھىيىلىشىدۇ ، ئەگەر ھېسسىيات بولمىسا ، ھەرقانچە سۈرەتلىگەن بىلەنمۇ ، ئۇلار يېقىملىق كۆرۈنمىگەن بولاتتى . گەپنى باشقىچە قىلساق ، ئاي ، شەبنەم ، شامال ، بۇلۇت ، گۈل ، قۇشلارنىڭ ھەممىسى تەبىئەتنىڭ سۆزىنى يەتكۈزەلەيدۇ ، بۇ خىل تىلدىن تەبىئەتنىڭ ماھىيىتىنى ، يەنى قانۇنىيىتىنى بىلگىلى بولىدۇ ، كاتتا شائىرلار بۇ خىل تىلنىڭ مەنىسىنى ئىگىلىيەلەيدۇ ، شۇنىڭ ئۈچۈن ، ئۇنى شېئىر قىلىپ يېزىپ چىقىپ ، ئەۋلادلارغا يەتكۈزۈپ بېرەلەيدۇ . فېنولوگىيە بىر يىل ئىچىدە ئاي ، شەبنەم ، شامال ، بۇلۇت ، گۈل ، قۇشلارنىڭ ئۆزگىرىش ، يۆتكىلىش جەريانى ھەققىدە سۆزلەيدۇ ، فېنولوگىيە ھەققىدە شېئىر يېزىشتا بىر قىسىم كاتتا شائىرلار ھەقىقەتەن مۇۋەپپەقىيەت قازانغان .

## ئويلىنىش . گۇمانلىنىش

1 . «بۇلۇتقا قاراپ ، ھاۋا رايىنى بىلىش» دېگەن ماقالىدە «بۇلۇت بىزنىڭ ھاۋانىڭ تۇتۇق - ئوچۇق بولۇشىنى ، شامال چىقىپ يامغۇر ياغىدىغانلىقىنى بىلىشىمىزگە ، ھاۋانىڭ ئۆزگىرىشىنى ئالدىن بىلىشىمىزگە ياردەم بېرىدۇ» دېيىلگەن ، ئەگەر گەردىش ، قوتانلىشىش ، ھەسەن - ھۈسەن ، شەپەقنىڭ ئورنىغا ، رېڭىگە ، شەكلىگە قاراپ ھاۋا رايى ئەھۋالىنى كۆزەتكەندە ، سىزچە تەجرىبىگە تايىنىپ ،

هاۋا رايىنى كۆزىتىشنىڭ بۇ خىل ئۇسۇلىنىڭ قىممىتى بولامدۇ ـ يوق؟ نېمە ئۈچۈن؟

2. «تەبىئەت دۇنياسىنىڭ تىلى» دېگەن ماقالىدە ئاددىي چۈشەندۈرۈش بىلەن جانلىق چۈشەندۈرۈشتىن ئىبارەت ئىككى خىل ئۇسۇل ئارقىلىق تەبىئەتتىكى چەكسىز مول فېنولوگىيە ھادىسىلىرى چۈشەندۈرۈلگەن. بۇ ماقالىنىڭ بىرىنچى ئابزاسىنى ئوقۇغاندىن كېيىن، ئويلاپ بېقىڭلار، مېتېئورولوگىيىنىڭ فېنولوگىيىلىك ھادىسىلىرىنى بىلىش بىلەن يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىشىنىڭ قانداق مۇناسىۋىتى بار؟ تەبىئەت ھادىسىلىرىنى قانداق قىلىپ ئىلمىي نەزەر بىلەن كۆزىتىش كېرەك؟

## مۇھاكىمە ۋە تەتقىقات

1. تۇراقلىق ئىبارىلەر، ماقال ـ تەمسىللەر ئىچىدە بىر قىسمى مېتېئورولوگىيە فېنولوگىيىسىنى ئەكس ئەتتۈرىدۇ. «بۇلۇتقا قاراپ، ھاۋا رايىنى بىلىش» ۋە «تەبىئەت دۇنياسىنىڭ تىلى»دا خېلى كۆپ نەقىل ئېلىنغان، خەلق ئارىسىدا تارقىلىپ يۈرگىنى تېخىمۇ كۆپ.

سىلەر بىرلىكتە مۇشۇنداق تۇراقلىق ئىبارە ۋە ماقال ـ تەمسىللەرنى توپلاڭلار. ئەگەر كۆپ توپلىيالىساڭلار، تۈرگە ئايرىپ، رەتكە تىزىپ چىقىڭلار، مەسىلەن، قۇشلار توغرىسىدا (قارلىغاچ، تۇرنا، قۇشقاچ، قاغا قاتارلىق)، ئۆسۈملۈكلەر توغرىسىدا (تېرەك، سۆگەت، شاپتۇل، ئۆرۈك، نەشپۈت قاتارلىق). ئەگەر سىلەر توپلىغان تۇراقلىق ئىبارە، ماقال ـ تەمسىللەردە ئەكس ئەتتۈرۈلگەن مېتېئورولوگىيە فېنولوگىيىسى سىلەر كۆزەتكەن ئەمەلىي ئەھۋالغا ئۇيغۇن كەلمىسە، سەۋەبىنى تەھلىل قىلىڭلار.

2. بۇ مەخسۇس تېمىدىكى ماقالىلەرنى ئوقۇغاندىن كېيىن،



www.uyghurkitap.com

سىزنىڭمۇ ئېھتىمال تەبىئەتنىڭ تىلىنى ئاڭلاپ باققۇڭىز، تەبىئەتنىڭ سىرى ئۈستىدە ئىزدەنگۈڭىز كەلگەندۇ. ئالاقىدار ئوقۇتقۇچىنىڭ ياردىمىدە، سىنىپتا «مېتېئورولوگىيە فېنولوگىيىسىنى كۆزىتىش گۇرۇپپىسى» قۇرۇڭلار. بىر قىسىم پايدىلىنىش ماتېرىياللىرىنى ئوقۇپ، كۆزىتىش نۇقتىسىنى بەلگىلەپ، كۆزىتىش خاتىرىسى جەدۋىلىنى لايىھەلەپ چىقىڭلار. كۆزىتىشنىڭ ئۇدا داۋاملىشىشىغا قولايلىق بولۇشى ئۈچۈن، تۆۋەن يىللىقتىكى ساۋاقداشلارنىمۇ قاتناشتۇرساڭلار بولىدۇ.

3. ماتېرىيال توپلاپ، تېما تاللاپ، فېنولوگىيە بىلەن ھاۋا رايىنىڭ مۇناسىۋىتى ھەققىدە ئاددىي بىر تەتقىقات دوكلاتى يېزىپ چىقىڭلار.

4. بۇلۇتقا قاراپ، ھاۋا رايىنى بىلىشتىن، سۈنئىي ھەمراھ ئارقىلىق ھاۋا رايىنى ئۆلچەشكە يەتكەنلىكىمىز زامانىۋى پەن - تېخنىكا ئارقىلىق ھاۋا رايىنى كۆزىتىش دەۋرىگە قەدەم قويغانلىقىمىزنى چۈشەندۈرىدۇ. مۇزاكىرە قىلىپ بېقىڭلار: يۇقىرى، يېڭى تېخنىكا ئارقىلىق ھاۋا رايىنى ئۆلچەيدىغان بولغاندا، كىشىلەرنىڭ تەجرىبىسىگە تايىنىپ ھاۋا رايىنى كۆزىتىشنىڭ يەنە زۆرۈرىيىتى بارمۇ؟

بەزىلەر: «ھاۋا رايىدا كۈتۈلمىگەن ئۆزگىرىش بولۇپ تۇرىدۇ» دەيدۇ، يەنە بەزىلەر: «ھاۋا رايىدىكى ئۆزگىرىشلەرنى بىلگىلى بولىدۇ» دەيدۇ، سىز قايسى خىل قاراشقا قوشۇلىسىز؟ نېمە ئۈچۈن؟ سىزنىڭ تەھلىلىڭىزچە، كەلگۈسىدە ھاۋا رايىنى كۆزىتىشتە قانداق تەرەققىيات ۋە ئۆزگىرىشلەر بولىدۇ؟ تەسەۋۋۇرىڭىزنى ئىشقا سېلىپ، دەرستىن سىرتقى پەننى ئومۇملاشتۇرۇش ئوقۇشلۇقى ياكى توردىن مېتېئورولوگىيە ئىلمىگە دائىر ماتېرىياللارنى توپلاپ، «كەلگۈسىدىكى ھاۋا رايىنى كۆزىتىش» ياكى «×× يىلىدىن كېيىنكى ھاۋا رايىدىن ئالدىن مەلۇمات» دېگەن تېمىدا ئىلمىي فانتازىيىلىك ئەسەر يېزىڭلار. تەسەۋۋۇرۇڭلار مول ھەم مۇۋاپىق بولسۇن.

www.uyghurkitap.com



# ھېكايىلەر

ئەدەبىي ئەسەر ئىجتىمائىي تۇرمۇشنىڭ ئىنكاسى. ئۇنىڭدىكى پېرسوناژلارنىڭ قايغۇسى، خۇشاللىقى، ئايرىلىشى، جەم بولۇشى، گۈللىنىشى، خاراب بولۇشى، ئار - نومۇسى دەۋرنىڭ قىياپىتى، روھىي ھالىتىنى ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرىدۇ. بىز ئەدەبىي ئەسەرلەردىن تەلىم ۋە ئىلھام ئېلىپلا قالماستىن، بەدىئىي زوقمۇ ئالىمىز.

بىز بۇ بۆلەكتە، سۈژىتنى ئىگىلەش شەرتى ئاستىدا، پېرسوناژ خاراكتېرىنى ئىگىلەش، پېرسوناژلار ئوبرازىدىن ھوزۇرلىنىش، خاراكتېر يارىتىش ۋاستىلىرىنى چۈشىنىشنى مەقسەت قىلىمىز.



ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

# 9 . يۇرتۇم

لۇشۈن[①]

مەن قاتتىق سوغۇقتا قارىماي 2000 چاقىرىمدىن ئۇشۇقراق يول يۈرۈپ، ئايرىلغىلى 20 نەچچە يىل بولغان يۇرتۇمغا قايتىپ كەلدىم. قاتتىق قىش ۋاقتى، يۇرتۇمغا يېقىنلاشقانسېرى ھاۋا تېخىمۇ تۇمانلاشماقتا، كېمە بۆلمىگە كىرىۋاتقان سوغۇق شامال مۇڭلۇق گۇركىرىمەكتە. بامبۇكتىن ياسالغان لەمپىنىڭ يوچۇقلىرىدىن سارغۇچ سۇر ئاسمان ۋە قىرغاق بويلاپ ئۇ يەر - بۇ يەرگە جايلاشقان، لېكىن ھېچقانداق ھاياتلىق بەلگىسى يوق چۆلدەرەپ قالغان يېزىلار كۆرۈنۈپ تۇراتتى. ئۆيلەرگە قاراپ مېنىڭ كۆڭلۈم تەشۋىشلىنىشكە باشلىدى.

ھەي! بۇ مېنىڭ 20 يىلدىن بېرى ئېسىمدە ساقلاپ كەلگەن يۇرتۇم ئەمەسقۇ؟ مېنىڭ ئېسىمدە ساقلاپ كەلگەن يۇرتۇم بۇنىڭغا تامام ئوخشىمايتتى. ئەينى چاغدىكى يۇرتۇم ماڭا خېلى ياخشى كۆرۈنەتتى. لېكىن، مەن يىراق يەرلەردە يۈرۈپ، ئۇنىڭ گۈزەللىكىنى ئەسلىگىنىمدە ياكى ئۇنىڭ چىرايلىق جايلىرىنى ئېيتىپ بېرىشكە ئۇرۇنغىنىمدا خاتىرەمدە ھېچ نەرسە قالمىغاندەك بولاتتى. ئۇ توغرۇلۇق ئېيتقۇدەك ھېچقانداق سۆزمۇ تاپالمايتتىم.

ئېنىقىنى ئېيتسام، مېنىڭ يۇرتۇم ئاۋۋالقىدەكلا بولۇپ، گەرچە ھېچقانداق ئۆزگەرمىگەن بولسىمۇ، لېكىن مەن ئويلىغاندەك كۆڭۈل-

① لۇشۈن (1881 — 1936) — جۇڭگونىڭ ھازىرقى زامانىدىكى مەشھۇر يازغۇچىسى، جۇڭگو يېڭى مەدەنىيەت ھەرىكىتىنىڭ بايراقدارى، ئۇ جېجياڭنىڭ شاۋشىڭ دېگەن يېرىدە تۇغۇلغان. ئۇنىڭ ھەممە ئەسەرلىرى دېگۈدەك تەرجىمەشۇناس توختى باقى ئارتىشى تەرىپىدىن ئۇيغۇر تىلىغا تەرجىمە قىلىنغان.

سىزمۇ ئەمەس ئىدى. بۇ پەقەت مېنىڭ ئۆز كەيپىمنىڭلا ئۆزگىرىشى ئىدى. چۈنكى، مېنىڭ ئۈچۈن بۇ قېتىمقى يۇرتۇمغا قايتىش ھېچقانداق كۆڭۈللۈك سەپەر ئەمەس ئىدى.

مەن بۇ قېتىم يۇرتۇمغا پەقەت مەڭگۈ خوشلاشقىلىلا كېتىۋاتاتتىم. بىز ئاتا - بوۋىلىرىمىز بىلەن ئۇزاق يىللاردىن بېرى بىرلىكتە ياشاپ كەلگەن كونا ئۆي - جايلىرىمىزنى يات ئادەملەرگە سېتىۋەتكەندۇق. ئۆينى تاپشۇرۇپ بېرىش ۋاقتى مۇشۇ يىل بولغانلىقى ئۈچۈن، يانۋار ئېيىغىچە تۇغۇلۇپ ئۆسكەن كونا ئۆي - جايلىرىمىز ۋە يۇرتىمىز بىلەن مەڭگۈ خوشلىشىشقا، ئائىلە بويىچە مەن خىزمەت قىلىۋاتقان يىراق يات يەرگە كۆچۈپ كېتىشكە توغرا كېلەتتى.

ئىككىنچى كۈنى سەھەردە تۇغۇلغان ئۆيۈمنىڭ ئالدىغا كەلدىم. ئۆگزىلەردىكى قۇرۇپ كەتكەن ئوت - چۆپلەرنىڭ خادا شاخلىرى شامالدا سىلكىنمەكتە، ئۆي ئۆزىنىڭ بارلىق بىسەرەمجانلىقى بىلەن خوجايىنلىرىنى ئالماشتۇرۇش مەزگىلى يەتتى، دېگەندەك قىلىپ تۇراتتى. بىز بىلەن بىللە تۇرىدىغان بىرنەچچە ئۆيلۈك تۇغقانلار ئاللىقاچان كۆچۈپ كەتكەنىدى. شۇڭلاشقىمۇ، بۇ يەردە ئاجايىپ جىمجىتلىق ھۆكۈم سۈرەتتى.

ئانام بىلەن سەككىز ياشلىق ئۇكام خۇڭ ئەر مېنىڭ كېلىشىمنى بالدۇرلا كۈتۈپ تۇرۇشقانىكەن. خۇڭ ئەر مېنى كۆرۈپ ئۇچقاندەك ئالدىمغا چىقتى. ئانام مېنىڭ كەلگىنىمگە ناھايىتى خۇشال بولسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭ يۈزىدىن يەنە چوڭقۇر قايغۇ - ھەسرەت بەلگىلىرى چىقىپ تۇراتتى. ئۇ مېنى ئولتۇرغۇزدى ۋە ھاردۇق چېيىنىمۇ قويدى. لېكىن، مەن كۆچۈش توغرۇلۇق ھېچقانداق سۆز ئېچىشقا پېتىنالمىدىم. خۇڭ ئەرنىڭ مېنى بىرىنچى قېتىم كۆرۈشى ئىدى. شۇڭلاشقىمۇ، ئۇ ئۇدۇلۇمدا مەندىن يىراق تۇرۇپ دىققەت بىلەن تىكىلىپ قاراپ قوياتتى.

بىز ئاخىر كۆچۈش ھەققىدە سۆزلىشىشكە باشلىدۇق. مەن ئۆي

ئىجارىگە ئالغانلىقىمنى سۆزلەپ بەردىم ھەم بۇ يەردىكى ئېغىر جابدۇق-لارنىڭ ھەممىسىنى سېتىۋېتىپ، ئۇ يەردىن يېڭى جابدۇقلارنى ئېلىشقا توغرا كېلىدىغانلىقىنى ئېيتتۇيدىم، ئانامىمۇ ماقۇللىدى، ئۇزۇننىڭ بەزىبىر ئېلىپ يۈرۈشكە ئەپسىز ئېغىر جابدۇقلارنى سېتىۋەتكەنلىكىنى، لېكىن ئاقچىسىنى شۇ كەمگىچە يىغىۋالالمىغانلىقىنى ئېيتتى.

— سەن بىر - ئىككى كۈن دەم ئالغىن، — دېدى ئانام، — ئۇرۇق - تۇغقانلارنى يوقلا، ئاندىن يولغا چىقارمىز.

— خوپ، — دەپ جاۋاب بەردىم.

— ھە راست، تېخى رۇلىڭ تۇ بار، ئۇ ھەر كەلگىنىدە سېنى سورايدۇ. سېنىڭ بىلەن كۆرۈشۈشنى ئارزۇ قىلىدۇ. مەن ئۇنىڭغا سېنىڭ پات - يېقىندا كېلىدىغانلىقىڭنى ئېيتىپ خەۋەر قىلغانىدىم. بەلكى بىردەمگىچە كېلىپمۇ قالار، — دېدى.

بۇنى ئاڭلىغان ھامانلا مېنىڭ كۆز ئالدىمدا «لىپ» قىلىپ ئاجايىپ بىر كۆرۈنۈش پەيدا بولدى: كۆپكۆك ئاسماندا ئالتۇن تاۋاق-تەك تولۇن ئاي، دېڭىزنىڭ قۇملۇق ساھىلىنى بويلاپ تېرىلغان كۆپكۆك تاۋۇزلۇقنىڭ مەنزىرىسى كۆرۈنەتتى. بويىنغا كۈمۈش مونچاق ئاسقان 11 — 12 ياشلاردىكى بىر بالا قولىدا تۆمۈر ئارا تۇتقان ھالدا تاۋۇزلۇقتا بار كۈچى بىلەن سېسىقكۈزەننى سانجىماقتا. سېسىقكۈزەن شۇڭغۇپ بېرىپ بالىنىڭ چاترىقىدىن ئۆتۈپ قاچماقتا...

بۇ بالا، ئەنە شۇ رۇلىڭ تۇ ئىدى. مەن ئۇنىڭ بىلەن تونۇشقان چاغدا، ئۇ تېخى 11 ياشلاردا بولىدىغان، بىزنىڭ ئايرىلىپ كەتكىنىمىزگە ھازىر 30 يىل بولدى. ئۇ ۋاقىتلاردا دادامىمۇ ھايات، ئۆي ئەھۋالىمىزمۇ ئوبدان بولۇپ، مېنىڭ تازا بايۋەچچىلەردەك ئۆسۈۋاتقان چاغلىرىم ئىدى. شۇ يىلى بىزنىڭ ئائىلىمىز ئاتا - بوۋىلىرىمىزنىڭ روھىغا ئاتاپ چوڭ نەزىر - چىراغ بېرىشكە تېگىشلىك ئىدى. بۇنداق نەزىر - چىراغ ھەربىر ئائىلىدە 30 يىلدا بىر قېتىم ئايلىنىپ كېلىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن بۇ مۇراسىم ناھايىتى تەنتەنىلىك ئۆتكۈزۈلەت-

www.uyghurkitap.com

تى . يانۋار ئېيىدا ھەر خىل ئېسىل تاماقلارنى ئەڭ ياخشى قاچىلارغا سېلىپ ، ئاتا - بوۋىلارنىڭ سۈرىتى ئالدىغا ئېلىپ كېلىپ نەزىر قىلىشاتتى . نەزىرگە كېلىدىغانلار كۆپ ئىدى ، ھەتتا ئۇلارنىڭ قاچا - قۇچىلارنى ئوغرىلاپ كېتىشىدىن ساقلىنىشقا توغرا كېلەتتى . بىزدە پەقەت بىرلا ئايلىنقچى مەدىكار[1] بار ئىدى . ئۇ ، ھەممە ئىشقا يېتىشەلمەيدىغان بولغانلىقتىن ، دادام نەزىردە قاچىلارنى ساقلاش ئۈچۈن ئۇنىڭغا ئوغلى رۇڭ تۇنى ئېلىپ كېلىشكە رۇخسەت قىلدى . مەن ناھايىتى خۇشال بولدۇم ، چۈنكى رۇڭ تۇ توغرۇلۇق خېلىدىن بېرى ئاڭلاپ يۈرەتتىم ۋە ئىككىمىزنىڭ بىر دېمەتلىك ئىكەنلىكىنىمۇ بىلەتتىم . ئۇ ، كەبىسە يىلى تۇغۇلغان . ئۇنىڭ تەقدىرىنى كۆزلەپ كىتاب ئاچقاندا يۇلتۇزىدا بەش ئاناسىر[2] دىن پەقەت تۇپراقلا كەم ئىكەن . شۇڭلاشقا ، ئاتىسى ئۇنىڭغا رۇڭ تۇ دەپ ئات قويغانىكەن . رۇڭ تۇ قىلتاق قويۇپ قۇشقاچ تۇتۇشنى بىلەتتى .

مەن يېڭى يىلنى تاقەتسىزلىك بىلەن كۈتەتتىم . چۈنكى ، رۇڭ تۇ شۇ كۈنى كېلەتتى . مانا ، يىلنىڭ ئاخىرىمۇ يېتىپ كەلدى . بىر كۈنى ئانام ماڭا رۇڭ تۇنىڭ كەلگەنلىكىنى ئېيتتى . مەن ئۇچقاندەك ئاشخانىغا يۈگۈردۇم ، رۇڭ تۇ ئاشخانىدا ئولتۇرغانىكەن . ئۇ ، بۇغداي ئۆڭلۈك ، يۈزى دۇپدۇگىلەك بالا بولۇپ ، بېشىغا كىگىز مالىخاي كىيىۋالغان ، بوينىغا پارقىراق كۈمۈش مونچاق ئېسىلغانىدى . بۇنىڭغا قارىغاندا ئاتىسى ئۇنى ناھايىتى ياخشى كۆرگەنلىكىدىن ، ئۇنىڭ ئۆلۈپ كەتمەسلىكى ئۈچۈن خۇدايى نەزىر قىلىپ مۇشۇ چەمبەرگە ئوخشاش

---

① بىزدە مەدىكار ئۈچ تۈرلۈك بولىدۇ : يىل بويى ئىشلەپ بېرىدىغانلار يىللىقچى مەدىكار دېيىلىدۇ ؛ كۈنلۈك ئىشلەپ بېرىدىغانلار كۈنلۈكچى مەدىكار دېيىلىدۇ ؛ ئۆزىمۇ يەر تېرىيدىغان ، پەقەت ھېيت - ئايەم كۈنلىرى ياكى ئورما ۋاقىتلىرىدىلا كېلىپ ياردەم قىلىدىغانلار ئايلىقچى مەدىكار دېيىلىدۇ — ئاپتوردىن .

② بەش ئاناسىر — بۇ بىر پەلسەپىۋى ئاتالغۇ بولۇپ ، جۇڭگو پەلسەپىسىدە بەش ئاناسىر ، ئوتتۇرا ئاسىيا پەلسەپە تارىخىدا تۆت ئاناسىر چۈشەنچىسى بويىچە قوللىنىلىدۇ . ئاناسىر خېمىرتۇرۇچ دېگەنلىك بولۇپ ، ئالەمنىڭ يارىلىشىدىكى ماددىي ئاساسلار كۆزدە تۇتۇلىدۇ . بەش ئاناسىر مەدەن ، ياغاچ ، سۇ ، ئوت ، تۇپراقنى كۆرسىتىدۇ . جۇڭگودا بۇرۇنقى چاغلاردا بەش ئاناسىرغا مۇناسىۋەتلىك بىر خۇراپىي ئەقىدە بار ئىدى : ئەگەر بەش ئاناسىرنىڭ ھەممىسى تولۇق بولسا ، ياخشىلىقنىڭ ئالامىتى دەپ قارىلاتتى . تۇپراق كەم بولۇپ قالسا ، يامانلىقنىڭ بېشارىتى دەپ قارىلاتتى . رۇڭ تۇنىڭ دادىسى ئوغلىنىڭ ئۆمرى كوتا بولۇپ قېلىشىدىن ئەنسىرەپ ، تۇپراقنى بىلدۈرىدىغان «土» نى بالىسىغا ئىسىم قىلىپ قويۇپ ، كۆڭلى تەسەللىي تاپقان .

مونچاقنى ئاسقان بولسا كېرەك . رۇڭ تۇ مەندىن باشقا ھەممىسىدىن تارتىناتتى ، بىز ئىككىمىز يالغۇز قالغاندىن كېيىن سۆھبەتلىشىپ كەتتۇق ۋە يېرىم كۈن ئۆتمەيلا دوستلىشىپمۇ قالدۇق .

ئۇ چاغدا بىزنىڭ نېمە توغرۇلۇق پاراڭلاشقانلىقىمىز ئېسىمدە يوق . پەقەت رۇڭ تۇنىڭ ئۆزىنىڭ شەھەرگە بارغانلىقىنى ۋە ئۇ يەردە ئىلگىرى ھېچ كۆرۈپ باقمىغان نەرسىلەرنى كۆرگەنلىكىنى خۇشخۇيلۇق بىلەن ھېكايە قىلىپ بەرگىنى يادىمدا .

ئەتىسى مەن ئۇنى قۇشقاچ تۇتۇش ئۈچۈن بىللە بېرىشقا تەكلىپ قىلدىم .

— ھازىر مۇمكىن ئەمەس ، — دەپ ئېيتتى ئۇ ، — ئۇنى پەقەت قېلىن قار چۈشكەندىلا تۇتقىلى بولىدۇ . بىزنىڭ قۇملۇق يەرلەرگە قومۇش سېۋەت قويىمەن ، ئۇنىڭ ئالدى تەرىپىگە ئۇزۇن يىپ باغلاپ ، تىرەك قويۇپ ، ئاستىغا سامان چېچىپ قويىمەن . ئۆزۈم بولسام يىراقتىن پايلاپ تۇرىمەن . قۇشقاچلار كېلىپ دانلاشقا باشلىغاندا تىرەككە باغلانغان يىپنى سىلكىپ تارتىمەن ، سېۋەت كۆمتۈرۈلىدۇ ، ئۇنىڭغا ھەر خىل قۇشلار : بۆدۈنە ، تورغاي ، قۇشقاچ ۋە پاختەكلەر چۈشۈپ قالىدۇ...

مەن شۇ چاغدىلا قېلىن قارنىڭ چۈشۈشىنى تىلىدىم . رۇڭ تۇ سۆزىنى داۋام قىلىپ :

— ھازىر ناھايىتى سوغۇق . سەن يازدا بىزنىڭكىگە بارغىن ، بىز كۈندۈزى بېرىپ دېڭىز ياقىسىدىن دېڭىز قۇلۇللىرىنىڭ قىزىل ، يېشىل ۋە ھەر خىل رەڭدىكى قاپلىرىنى يىغىمىز . ئۇلارنىڭ ئىچىدە «جىن چاپلاشتۇرمايدىغان قۇلۇلە» ، «كۆز مونچاق» دەيدىغانلىرىمۇ ئۇچرايدۇ ، كېچىلىرى دادام بىلەن تاۋۇزلۇقنى كۆزەتكىلى بارىمىز ، شۇ چاغدا سەنمۇ بارسەن .

— ئوغرىلارنى كۆزىتىش ئۈچۈنمۇ ؟

— ياق ، ئۇسساپ كەتكەن بىرەر يولۇچى كېلىپ بىرەر تاۋۇزنى

ئۇزۇپ يېسە ئۇنى بىز ئۇغرى ھېسابلىمايمىز. تاۋۇزلارنى پەقەت هايۋانلاردىن: بورسۇق، كىرپە، سېسىقكۆزەنلەردىن ساقلاش كېرەك. ئايدىڭدا كىسىر - كىسىر قىلغان ئاۋازنى ئاڭلىساڭ، سېسىقكۆزەنلەر تاۋۇزنى غاجىلاۋېتىپتۇ دەيسەن، دەل شۇ چاغدا پولات ئارىنى ئالسەندە، ئاستا ماراپ يېقىنلاپ بارسەن...

ئۇ چاغدا مەن سېسىقكۆزەن دېگەن قانداق جانىۋار ئىكەنلىكىنى بىلمەيتتىم، ئۇنى دېسە هازىرمۇ بىلمەيمەن. پەقەت ئۇ چاغدا مەن نېمىشقىدۇر ئۇنىڭ قىياپىتىنى كۈچۈككە ئوخشىتىپ پەرەز قىلاتتىم ۋە كۆز ئالدىمغا ناهايىتى ۋەھشىي قىياپەتتە كەلتۈرەتتىم.

— ئۇ چىشلىمەمدۇ؟

— ماراپ تۇرسەندە، پولات ئارا بىلەن راسا كەلتۈرۈپ سانجىيسەن! لېكىن ئۇ ناهايىتى قۇۋ، ئېھتىيات قىلمىساڭ توپتوغرا ئۈزۈڭگە ئېتىلىدۇ - دە، چاترىقىڭدىن ئۆتۈپ كېتىدۇ، ئۇنىڭ يۇڭى خۇددى ياغلاپ قويغاندەك سىلىق بولىدۇ.

مەن يەر يۈزىدە بۇنداق قىزىق نەرسىلەرنىڭ، دېڭىز بويلىرىدا ھەر خىل قۇلۇلە قاپلىرىنىڭ بولىدىغانلىقىنى، تاۋۇزلۇقلاردا بۇنداق خەتەرلىك ۋەقەلەرنىڭ بولۇپ تۇرىدىغانلىقىنى پەقەت ئويلىمىغانىدىم. تاۋۇزنىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى پەقەت باققال دۇكانلىرىدىنلا بىلەتتىم.

— بىز تەرەپتە، كەلكۈن كەلگەن چاغلاردا قىرغاقتىكى قۇملارنىڭ ئۈستىدە سانسىز ئۇچىدىغان بېلىقلار سەكرىشىپ يۈرۈشىدۇ. ئۇلارنىڭ پۇتلىرى پاقىنىڭ پۇتلىرىغا ئوخشايدۇ.

پاھ، پاھ! رۇلق تۇ مەن ۋە ئاغىنىلىرىم بىلمەيدىغان ئاجايىپ - ئاجايىپ ھەيران قالغۇدەك نەرسىلەرنى بىلىدىكەن - ھە! رۇلق تۇ دېڭىز ياقىسىدا هايات كەچۈرەتتى. بىز بولساق هويلىدىكى تۆت تامنىڭ ئىچىدە ياشاپ پەقەت ئاسماننىڭ بىر ئاز بۇلۇڭىدىن باشقا هېچ نەرسىنى كۆرمەيتتۇق. ۋاي ئېسىت، يانۋارمۇ ئۆتۈپ كەتتى. ئەمدى رۇلق تۇ ئۆيىگە قايتماقچى بولۇپ قالدى. كۆڭلۈم يېرىم بولۇپ قاتتىق



www.uyghurkitap.com

يىغلىدىم ، رۇلۇك تومۇ ئاشخانىغا يوشۇرۇنۇۋېلىپ يىغلىدى . ئۇنىڭمۇ بىزنىڭكىدىن كەتكۈسى كەلمەيتتى ، ئامال قانچە ، ئاخىر دادىسى ئۇنى ئېلىپ كەتتى .

كېيىن ، ئۇ دادىسى ئارقىلىق ماڭا تۈرلۈك رەڭدىكى قۇلۇلە قاپلىرىنى ۋە قۇشلارنىڭ چىرايلىق پەي ـ قاناتلىرىنى ئەۋەتتى . مەنمۇ ئۇنىڭغا بىر ـ ئىككى قېتىم ھەدىيە ئەۋەتتىم . لېكىن ، شۇنىڭدىن كېيىن بىز كۆرۈشەلمىدۇق...

ئاپام ھازىر رۇلۇك تو توغرۇلۇق پاراڭ قىلغاندا ، مېنىڭ كۆز ئالدىمدىن بالىلىق چاغلاردىكى ئەنە شۇ خاتىرىلىرىم «لىپ» قىلىپ چاقماقتەك ئۆتۈپ كەتتى . شۇ تاپتا مەن توغۇلۇپ ئۆسكەن ئاشۇ گۈزەل يۇرتۇمنى كۆرگەندەك بولدۇم .

— ئۇنىڭ كەلگىنى ياخشى ، ئۆزى قانداقراق ؟ — دەپ سورىدىم ئۈنلۈك ئاۋاز بىلەن .

— ئۇنىڭمۇ ؟ نېمىسىنى سورايسەن ، ئەھۋالى ئېغىر ، — دېدى ئانام ۋە دېرىزىگە قاراپ ، — يەنە كېلىشىۋاتىدۇ ... ياغاچ جابدۇقلارنى ئالىمىز دەپ كېلىشىدۇ ـ دە ، قوللىرىغا چىققان نەرسىنى ئېلىپ كېتىشىدۇ ، چىقىپ قاراپ تۇراي .

ئاپام ئورنىدىن تۇردى ـ دە ، تالاغا چىقىپ كەتتى . ئىشىك ئالدىدا بىرقانچە ئايالنىڭ ئاۋازى ئاڭلاندى . مەن خۇلۇك ئەرنى يېنىمغا چاقىرتىۋېلىپ ، خەت يازالامسەن ، سەپەرگە چىقىشنى خالامسەن؟ دەپ ئۇنى ـ بۇنى سوراشقا باشلىدىم .

— بىز پويىز بىلەن كېتىمىزمۇ ؟

— پويىز بىلەن كېتىمىز .

— كېمە بىلەنچۇ ؟

— ئاۋۋال كېمە بىلەن .

«ھە ! مانا ئۇ ، قانداق ، قاراڭلار ئۇنىڭ بورۇتلىرىنى !» دېگەن كىمنىڭدۇر تۇيۇقسىزلا بىر تۈرلۈك ئاجايىپ قاتتىق ئاۋازى ئاڭلاندى .

مەن چۆچۈپ بېشىمنى كۆتۈردۈم . كۆزۈمگە مەڭز سۆڭەكلىرى تومپىيىپ تۇرغان ، كالپۇكلىرى نېپىز ، 50 ياشلارغا كىرگەن بىر ئايال كۆرۈندى . ئۇ ئالدىمدا قوللىرىنى بېلىگە تىرىگىنىچە تۇراتتى ، ئۇنىڭ ئىشتان كىيگەن ئىنچىكە پاچاقلىرى گويا كەڭ ئېچىلغان سىركۇلدەك كېرىلىپ تۇراتتى .

مەن مەڭدەپ تۇرۇپ قالدىم .

— تونۇمايۋاتامسەن ؟ ! مەن تېخى سېنى كۆتۈرۈپ چوڭ قىلغانغۇ !

مەن تېخىمۇ مەڭدەپ كەتتىم . تەلىيىمگە ئاپام كىرىپ كەلدى-دە ، سۆزگە ئارىلاشتى .

— بۇ سەپەر قىلىپ كەتكىلى ئۇزۇن بولدى ئەمەسمۇ؟ ئۇنتۇپ قالسا كېرەك ، لېكىن سەن ئەلۋەتتە بىلىسەن ، — دېدى ئۇنىڭغا ۋە ئاندىن ماڭا قاراپ ، — بۇ بىزنىڭ ئۇدۇلىمىزدىكى قوشنىمىز ياڭ ئەرساۋ... ھېلىقى دۇمبۇ ساتىدىغان ، — دېدى .

شۇ چاغدىلا ئېسىمگە ئالدىم . ئۇ چاغلاردا مەن تېخى كىچىك بالا ئىدىم . ياڭ ئەرساۋ ئەتىدىن كەچ كىرگىچە ئۇدۇلىمىزدىكى دۇمبۇ دۇكىنىدا ئولتۇراتتى . ھەممە ئادەم ئۇنى «دۇمبۇچى مەلىكە» دېيىشەتتى . لېكىن ، ئۇ ۋاقىتلاردا ئۇنىڭ يۈزلىرىگە ئۇپا سۈركەلمىگەن ، مەڭز سۆڭەكلىرى بۇنداق چىقىپ كەتمىگەن ۋە كالپۇكلىرىمۇ مۇنداق نېپىز ئەمەس ئىدى . ئۇ ، كۈن بويى دۇكاندا ئولتۇراتتى . شۇڭلاشقىمۇ ، مەن ئۇنىڭ بۇنداق «سىركۇل»غا ئوخشاش قىياپىتىنى كۆرمىگەنىكەنمەن .

ئۇ چاغلاردا ھەممە ئادەملەر «ئاشۇ ئايال بولغاچقا بۇ دۇكاننىڭ سودا - سېتىق ئىشلىرى ئوبدان ماڭىدۇ» دېيىشەتتى . لېكىن ، ئۇ چاغدا مەن ئىش بىلمەيدىغان كىچىك بالا ئىدىم ، ئۇ مېنىڭدە ھېچقانداق تەسىر قالدۇرمىغاچقا ئۇنتۇپ قاپتىمەن .

«سىركۇل» ناھايىتى ئەنسىز تۇراتتى . ئۇنىڭ مەندىن رەنجىۋات-

قانلىقى ئاشكارا كۆرۈنۈپ تۇراتتى ۋە ماڭا غەزەپ بىلەن قارايتتى . ئۇ خۇددى فرانسۇز تۇرۇپ ناپولېئوننى بىلمەيدىغان ، ئامېرىكىدا تۇرۇپ ۋاشىنگتوننى بىلمەيدىغان ئادەملەرنى مازاق قىلىپ ھىجايغاندەك سوغۇققىنە كۈلۈمسىرەپ :

— ئۇنتۇپ قاپسەندە؟ راست ، كاتتا ئادەملەرنىڭ نەزىرىمۇ ئۈستۈن بولىدۇ ـ دە ، — دېدى .

— ياق !… ئۇنداق ئەمەس … مەن … — دېگىنىمچە ھودۇقۇپ ئورنۇمدىن تۇرۇپ كەتتىم .

— ئۇنداق بولسا ، مېنىڭ دېمەكچى بولغىنىم ، شۇن غوجام ، سەن باي بولۇپ كەتكەن تۇرۇقلۇق ، يۈك ـ تاقلىرىڭنى ئېغىرلاشتۇرۇپ بۇ ئەسكى ـ تۈسكىلەرنى نېمە قىلاتتىڭ ، ماڭا قالدۇرۇپ كەت ، بىزگە ئوخشاش كەمبەغەللەر پايدىلانسۇن .

— بېيىپ كەتكىنىم يوق ، بۇ نەرسىلەرنى سېتىۋېتىپ ، ئۇنىڭ ئورنىغا …

— ۋاي ـ ۋۇي ، سەن بىر ۋىلايەتكە «دوتەي» بوپسەنۇ ، يەنە تېخى باي ئەمەسمەن دەيسەنا ؟ ھازىر سېنىڭ ئۈچ خوتۇنۇڭ بار ئىكەن ، سېنى ئۇياق ـ بۇياققا توشۇپ يۈرىدىغان سەككىز كىشى كۆتۈرىدىغان تەخترىۋاننىڭ بار ئىكەن . يەنە تېخى باي ئەمەسمۇ ؟ بولدىلا … مەندىن ھېچ نەرسىنى يوشۇرالمايسەن .

ئەمدى ئۇنىڭ بىلەن تاقارىشىپ گەپ قىلىۋېرىشنىڭ ھاجىتى يوق ئىكەنلىكىنى بىلدىمدە ، لام ـ جىم دېمەستىن قاراپ تۇرۇۋەردىم .

— ۋاي ! ۋاي ! ئادەم پۇلى قانچە كۆپەيگەنسېرى شۇنچە پىششىق بولىدۇ ، پىششىق بولغانسېرى شۇنچە بېيىيدۇ ، دېگەن سۆز زادى توغرا گەپ ئىكەن .

«سىركۇل» زەردە بىلەن كەينىگە بۇرۇلدى ۋە كوتۇلدىغان پېتى ئىشىككە قاراپ كەتتى . ئۇ چىقىپ كېتىۋېتىپ ئاپامنىڭ پەلىيىنى يانچۇقىغا تىقىۋالدى .

كېيىن ، ئەتراپتىكى ئۇرۇق ـ تۇغقان ، ئەل ـ ئاغىنىلەر كېلىش-
كە باشلىدى . مەن يۈك ـ تاقلىرىمنى سەرەمجانلاشتۇرۇش ئۈچۈن
ئارانلا بوش ۋاقىت تاپتىم . شۇنداق ئەھۋالدا ئۈچ ـ تۆت كۈن ئۆتۈپ
كەتتى .

سوغۇق كۈنلەرنىڭ بىرىدە ، چۈشلۈك غىزادىن كېيىن چاي ئە-
چىپ ئولتۇراتتىم ، قانداقتۇر سىرتتىن بىر كىشى كىرگەندەك بول-
دى . بىر قاراپلا ناھايىتى ھەيرانلىقتا ئىختىيارسىز ئورنۇمدىن تۇرۇپ
كەتتىم ۋە دەرھال ئۇنىڭ ئالدىغا چىقتىم .

بۇ رۇڭ تۇ ئىدى . مەن ئۇنى بىر قاراشتا تونۇغان بولسامۇ ،
لېكىن ئۇ مېنىڭ خاتىرەمدىكى رۇڭ تۇغا زادىلا ئوخشىمايتتى . ئۇ ،
ئاۋۋالقىغا قارىغاندا بىر ھەسسە ئېگىز ئىدى . بۇغداي ئۆڭلۈك ، دۈگ-
لەك يۈزى ئۆزگىرىپ ئاللىقانداق سېرىققا ئايلانغان ۋە يۈزىنى چوڭقۇر
قورۇقلار باسقان ، كۆزلىرىمۇ خۇددى دادىسىنىڭكىدەكلا قىزىرىپ ،
قاپاقلىرى ئىششىپ كەتكەنىدى . ھەقىقەتەن دېڭىزدىن دائىم شامال
ئۇرۇپ تۇرغاچقا ، دېڭىز ياقىسىدا ياشىغۇچى كۆپچىلىك دېھقانلارنىڭ
مۇشۇنداق بولاتتى . رۇڭ تۇنىڭ بېشىدا يېڭى كىگىز مالىخاي ، ئۇس-
تىدە پاختىلىق نېپىز پەشمەت بار ئىدى . ئۇ سوغۇقتىن شۈمشەيگىنى-
چە ، قەغەزگە ئورالغان بىر بولاق نەرسىنى ۋە ئۇزۇن غاڭزىسىنى
تۇتۇپ تۇراتتى . قاچاندۇر بىر ۋاقىتلاردا ئۇنىڭ بۇ قوللىرى دىقماققى-
نە ، كۈچلۈك ئىدى . ھازىر بولسا قوپال ۋە يېرىلىپ كەتكەن بولۇپ ،
خۇددى قارىغاينىڭ قوۋزاقلىرىغا ئوخشايتتى .

رۇڭ تۇنىڭ كەلگىنىگە ناھايىتى خۇشال بولدۇم . لېكىن ، سۆز-
نى نەدىن باشلاشنى بىلەلمىدىم . پەقەت :

— رۇڭ تۇ ئاكا ، كېلىڭ ··· — دېدىم .

كېيىن ، خىيالىمغا نۇرغۇن سۆزلەر كەلدى : پاختەكلەر ، ئۇچە-
دىغان بېلىقلار ، قۇلۇلە قاپلىرى ، سېسىقكوزەن ··· مانا بۇ سۆزلەر-
نىڭ ھەممىسى خۇددى يىپى ئۈزۈلگەن مارجانغا ئوخشاش بىرىنىڭ

كەينىدىن بىرى تۈكۈلىدىغاندەك سېزىلەتتى ... لېكىن ، قانداقتۇر بىرنەرسە ، بۇ سۆزلىرىمنى ئېيتىشقا توسقۇنلۇق قىلىۋاتقاندەك ، مې-ڭەمنىڭ ئىچىدىلا ئەگىپ تاشقىرىغا چىقالمايتتى .

رۇلۇ تۇ ئالدىمدىلا تۇراتتى . چىرايىدىن خۇشاللىق ھەم پەرىشان-لىق ئەكس ئېتىپ تۇراتتى . ئۇ لەۋلىرىنى مىدىرلىتاتتى ، لېكىن ھېچ نەرسە دېمەيتتى . ئاخىر ئۇنىڭ چىرايى ھۆرمەت تۇسىنى ئالدى ـ دە ، ئېنىق قىلىپ :

— غوجام ، ... — دېدى .

مەن بەدىنىمگە مۇز ياققاندەك ئەندىكىپ كەتتىم . مەن ئەمدى ئىككىمىزنىڭ ئارىسىدا ئېگىز تام پەيدا بولغانلىقىنى بىلدىم ۋە غەم-كىن ھالدا ھېچ نەرسە دېيەلمەستىن جىمجىت تۇرۇپ قالدىم .

ئۇ كەينىگە بۇرۇلۇپ كىمگىدۇر بىرنىگە :

— شۈي شىڭ ، جانابلىرىغا سالام قىل ، — دەپ كەينىگە يوشۇ-رۇنۇپ تۇرغان بالىنى تارتتى . بۇ بالا خۇددى بۇنىڭدىن 20 يىل ئاۋۋالقى رۇلۇ تۇنىڭ ئۆزىلا ئىدى . پەقەت ئۇنىڭ يۈزى سېرىقراق ، ئورۇقراق ۋە بوينىدا كۈمۈش مونچىقى يوق ئىدى .

— بۇ مېنىڭ بەشىنچى بالام ... بۇ تېخى ھېچ يەرگە چىقىپ باقمىغان ، يېتىرقاۋاتىدۇ ...

ئەتىمالىم بىزنىڭ ئاۋازىمىزنى ئاڭلاپ قالغان بولسا كېرەك ، ئانام بىلەن خۇڭ ئەرمۇ بالىخانىدىن چۈشۈشتى .

— چوڭ ئانا ، سىزنىڭ خېتىڭىزنى ئالغىنىمغا خېلى بولدى ، غوجامنىڭ كېلىۋاتقانلىقىنى ئاڭلاپ ناھايىتى خۇرسەن بولدۇم ، — دېدى رۇلۇ تۇ .

— نېمانچە سىپايە بولۇپ كەتتىڭ ، ئىلگىرى بىر ـ بىرىڭلارنى ئاكا ـ ئۇكا دېيىشەتتىڭلارغۇ ، ھازىرمۇ ئاۋۋالقىدەكلا شۇن ئۇكام دېگىن ... — دېدى ئانام خۇشال بولۇپ .

— ياق ، چوڭ ئانا ، نېمىدېگەنلىرى ... ئۇنداق دېسەم قامىلىشام-



دۇ؟! بىز ئۇ چاغلاردا بالا ئىدۇق. ھېچ نەرسىنى ئۇقمايتتۇق.
رۇلىڭ تۇ شۇي شىڭنى يەنە سالام قىلىشقا بۇيرۇدى، لېكىن ئۇ تارتىنىپ كەينىگە يوشۇرۇنۇۋالدى.
— بۇ، شۇي شىڭ، بەشىنچىسىمۇ؟ ئۇ ئىزا تارتىۋاتىدۇ. لېكىن بۇ، ئەجەبلەنگۈدەك ئىش ئەمەس، چۈنكى بۇ يەردىكىلەرنىڭ ھەممىسى ئۇنىڭغا ناتونۇش. خۇڭ ئەر بىلەن ئويناپ كەلسۇن، — دېدى ئاپام.
بۇنى ئاڭلاپ خۇڭ ئەرمۇ شۇي شىڭنى چاقىردى، شۇي شىڭمۇ يېنىكلەشكەندەك بولۇپ، خۇڭ ئەر بىلەن خۇشال چىقىپ كەتتى. ئاپام رۇلىڭ تۇنى ئولتۇرۇشقا تەكلىپ قىلدى. ئۇ ئەيمىنىپ بىرىپ ئولتۇردى ۋە ئۆزۈن غاڭزىسىنى ئۈستەلگە قويۇپ، ماڭا قەغەز بولاقنى سۇندى.
— بۇنىڭدا ئاززاق كۆك پۇرچاق بار، ئۆزىمىز قۇرۇتقان. مەرھەمەت قىلىسىز. قىشلىقى بۇنىڭدىن باشقا ھېچ نەرسە يوق.
مەن ئۇنىڭ تۇرمۇش ئەھۋالىنى سورىدىم. ئۇ بېشىنى چايقاپ:
— ئەھۋال ئېغىر، ئالتىنچى بالامۇ چوڭ بولۇپ ياردەملىشىشكە ياراپ قالدى. لېكىن، شۇ، تاماق يېتىشمەيدۇ... ئومۇمەن، ئەنسىزلىك، ... نەگىلا بارسا پۇل كېرەك، قانۇن يوق، ھوسۇل ئوسال!...
ئۇنى - بۇنى يىغىشتۇرۇپ ساتقۇدەك بولساق، سېلىق ئۈستىگە سېلىق، زىيىنىغا سېتىشتىن باشقا چارە يوق. ساتمىساڭ سېسىپ كېتىدۇ.
ئۇنىڭ قورۇق باسقان يۈزى خۇددى تاشتىن ياسىغان ھەيكەلدەك ھەرىكەتسىز كۆرۈنەتتى. ئۇنىڭ كۆپ قىيىنچىلىقلارنى تارتقانلىقى كۆرۈنۈپ تۇراتتى. لېكىن، ھەممىسىنى ئېيتالمايتتى. ئۇ، ئۇنچىمۇ ماي بىرئاز ئولتۇرغاندىن كېيىن ئۆزۈن غاڭزىسىنى ئېلىپ تاماكا چېكىشكە باشلىدى. ئاپامنىڭ سوئاللىرىغا بەرگەن جاۋابىغا قاراپ مەن ئۇنىڭ ئۆيىدە ئىشى كۆپلۈكىنى، ئەتە سۆزسىز قايتىپ كېتىدىغانلىقىنى بىلدىم. ئاپام ئۇنىڭ چۈشلۈك غىزا يېمىگەنلىكىنى بىلىپ، ئۇنىڭ ئاشخانىغا كىرىپ ئۆزىگە غىزا ئېتىپ يېيىشنى تەكلىپ قىلدى.

ئۇ چىقىپ كەتتى ، ئاپام ئىككىمىز ئۇنىڭ ئەھۋالىغا ئېچىندۇق ، بالىلىرىنىڭ كۆپلۈكى ، ئاچ ـ يالىڭاچلىق ، ئېغىر سېلىقلار ، ئەسكەرلەر ، بۇلاڭ ـ تالاڭچىلار ، ئەمەلدارلار ، بايلار . بۇلارنىڭ ھەممىسى قىيناپ ، ئۇنى خۇددى ياغاچ ھەيكەلگە ئوخشاش قاغجىراتقان . ئاپام بىز ئۆزىمىز بىلەن ئېلىپ كېتەلمەيدىغان نەرسىلەرنىڭ ھەممىسىنى ئۇنىڭغا قالدۇرايلى ، خالىغان نەرسىسىنى تاللىۋالسۇن ، دېگەن پىكىرنى ئېيتتى .

كەچقۇرۇنلۇقى رۇڭ تۇ ئۆزىگە كېرەكلىك نەرسىلەردىن ئىككى ئۇزۇن ئۇستەل ، تۆت ئورۇندۇق ، بىر دانە ئىسرىقدان ، شامدان ۋە بىر جىڭنى تاللىۋالدى . يەنە ئۇ شال پاخىلىدىن چۈشكەن كۈلنىڭ ھەممىسىنى (بىزدە شالنىڭ پاخىلى قالاش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدۇ ، كۈلىنى قۇملۇق يەرلەرگە ئوغۇت قىلىپ ئىشلىتىشكە بولىدۇ ) ئېلىپ كەتمەكچى بولدى . بۇنى ئۇ بىزنىڭ كېتىشىمىز بىلەن كېلىپ قولۋاققا سېلىپ ئېلىپ كەتمەكچى بولدى .

ئاخشىمى بىز ئۇزاق سۆزلەشتۇق ، لېكىن مۇھىم سۆزلەر ئەمەس ئىدى ، رۇڭ تۇ ئەتىسى ئەتىگەندە شۇي شىڭنى ئېلىپ قايتىپ كەتتى .

يەنە توققۇز كۈن ئۆتۈپ كەتتى . بىزنىڭ يولغا چىقىدىغان كۈنىمىزمۇ يېتىپ كەلدى . رۇڭ تۇ ئەتىگەنلىكى يېتىپ كەلدى . بۇ قېتىم ئۇ شۇي شىڭنىڭ ئورنىغا قولۋاققا قاراپ بېرىدىغانغا بەش ياشلىق قىزىنى ئېلىپ كەپتۇ . بىز كۈن بويى يولغا تەييارلاندۇق ، سۆزلىشىشكە ھېچ ئىمكانىيەت بولمىدى . مېھمانلار نۇرغۇن : بۇلارنىڭ بەزىلىرى ئۇزىتىش ئۈچۈن ، بەزىلىرى بىرەر نەرسە ئېلىش ئۈچۈن ۋە بەزىلىرى ھەم ئۇزىتىش ، ھەم بىرنەرسە ئېلىش ئۈچۈن كېلىشكەنىدى .

بىز كەچقۇرۇن كېمىگە ئولتۇرغان چاغدا ئۆيىمىز خۇددى سۈپۈرۈپ تاشلىغاندەكلا يالىڭاچ بولۇپ قالدى . ئۆينىڭ ئىچىدە يا چوڭ ، يا كىچىك ، يا كونا ، يا سۇنغان ھېچ نەرسە قالمىغانىدى .

كېمىمىز ئالغا قاراپ ماڭماقتا؛ گۈگۈم ۋاقتىدا ئىككى قىرغاق-تىكى تاغلار قارامتۇل كۆك كۆرۈنۈپ، گويا ئۆزۈپ كېتىپ بارغاندەك يىراقلاشماقتا ئىدى.

خۇلۇق ئەر ئىككىمىز كېمە دېرىزىسىگە يۆلىنىپ تۇرۇپ گىرىمسەن كۆرۈنۈۋاتقان مەنزىرىگە قاراپ باراتتۇق. خۇلۇق ئەر تۇيۇقسىزلا:

— تاغا، بىز قاچان قايتىپ كېلىمىز؟ — دېدى.

— قاچان قايتىمىز؟ سەن ماڭا - ماڭمايلا قايتىش توغرىسىدا ئويلاۋاتامسەن؟

— شۈي شېڭ مېنى ئۆيىگە ئويناشقا چاقىرغانىدى، — دەپ خۇلۇق ئەر يوغان قارا كۆزلىرىنى پارقىرىتىپ ئويلىنىپ تۇرۇپ قالدى.

ئاپام بىلەن ئىككىمىز رۇلۇ تۇنى ئەسكە ئېلىپ قايغۇردۇق. ئاپام ماڭا بىز يۇك - تاقلارنى يىغىشقا باشلىغان كۈندىن تارتىپ ھەر كۈنى دېگۈدەك كېلىپ تۇرغان ھېلىقى «دۇفۇچى مەلىكە» ياڭ ئەرساۋنىڭ كۆل دۆۋىلىرى ئىچىدىن ئۇنىغا يېقىن چىنە - تەخسە تېپىۋالغانلىقى، كېيىن ئۇلار رۇلۇ تۇ كۆلگە كەلگەندە ئېلىپ كېتىش ئۈچۈن تىقىپ قويغان بولۇشى مۇمكىن، دەپ پەرەز قىلىشقانلىقىنى، ياڭ ئەرساۋ بۇ خەۋەرنى يەتكۈزۈپ چوڭ ئىش قىلغاندەك «ئىتلارنىڭ زىتىغا»① دېگەن توخۇغا دان سالىدىغان ئىدىشنى ئېلىپ، پۇتىنى كىچىك كۆر-سەتمەك ئۈچۈن ئالاھىدە تىكىلگەن تاپىنى قىلىن خەي بىلەن ئۇچقاندەك يۈگۈرۈپ كەتكەنلىكىنى سۆزلەپ بەردى.

مەن كونا ئۆيۈمدىن بارغانسېرى يىراقلاشماقتىمەن. تۇغۇلۇپ ئۆسكەن يۇرتۇمنىڭ تاغ - دەريالىرىمۇ مەندىن ئاستا - ئاستا يىراقلاش-ماقتا. لېكىن، مەن ئۇنىڭغا ھېچقانچە تارتىنىشىپ كەتمىدىم، پەقەت ۋۇجۇدۇمنى كۆرۈنمەس تاملار قاپسىۋالغاندەك، دۇنيادىن ئايرىلىۋات-

① بۇ توخۇ باقىدىغان ياغاچ ئىدىش، ئۇنىڭ ئىچىگە دان چېچىپ، ئىتلار يەپ كەتمەسلىك ئۈچۈن پەنجىرە ياساپ قويۇلىدۇ. توخۇلار بويۇنلىرىنى تىقىپ دانلايدۇ، ئىتلار بولسا ئۇنداق قىلالمايدۇ، پەقەت تېرىكىپ قاراپ تۇرۇشىدۇ.

قاندەك تۇيۇلدى ــ دە ، كۆڭلۈم قانداقتۇر بىر غەمگە تولدى . بويىنىغا كۈمۈش مونچاق تاقالغان كىچىككىنە باتۇرنىڭ تاۋۇزلۇقتا ئىلگىرى شۇنداق يارقىن كۆرۈنگەن قىياپىتى ئەمدى سۇسلىشىپ كەتتى، بۇ هال كۆڭلۈمنى بۇزاتتى .

ئاپام بىلەن خوڭ ئەر ئۇخلاپ كەتتى .

مەن سۇنىڭ شارقىرىغان ئاۋازىنى ئاڭلاپ ئولتۇرۇپ تۇرمۇشتا ئۆز يولۇمنى تاپقانلىقىمنى ئويلىدىم : «رۇڭ تۇ بىلەن ئىككىمىزنىڭ پەرقى ناهايىتى چوڭىيىپ كېتىپتۇ ، لېكىن بالىلىرىمىز يەنە بىللە بولىدۇ ، — دېدىم مەن ئۆز- ئۆزۈمگە ، — خوڭ ئەر هازىر تېخى شۇي شىڭنى ئويلاۋاتاتتىغۇ ؟ مەن ئىشىنىمەنكى ، ئۇلارنى هېچقانداق نەرسە ئايرىۋېتەلمەيدۇ ياكى ئۇلار هېچقاچان ماڭا ئوخشاش تېنەپ ـ تەمتىرەپ يۈرمەيدۇ ۋە ياكى رۇڭ تۇغا ئوخشاش باشنى قاتۇرغۇدەك ئېغىر تۇرمۇش كەچۈرمەيدۇ ، ئۇلارنىڭ كۆڭلىدە باشقىلارنىڭكىگە ئوخشاش ئاچچىق قايغۇ ـ ھەسرەتلەر بولمايدۇ . ئۇلار بىز كۆرمىگەن ، بىز بىلمىگەن يېڭى هايات كەچۈرۈشى كېرەك .»

شۇنداق خىيال سۈرۈۋېتىپ ، تۇيۇقسىزلا مېنىڭدە بىر قورقۇنچ پەيدا بولدى . رۇڭ تۇ ئىسرىقدان بىلەن شامداننى ئالغان چاغدا مەن ئۇنىڭ تېخىچىلا بۇتقا سەجدە قىلىپ يۈرگىنىنى كۆرۈپ ئىچىمدە كۈلۈپ قويغانىدىم . ئەمما ، مېنىڭ بۈگۈنكى كۆڭگىچە ئۈمىد دەپ هېسابلاپ كەلگىنىم — ئۆزۈم ياسىۋالغان تەڭرى ئەمەسمۇ ؟

رۇڭ تۇنىڭ ئۈمىدى پەقەت ئەتىكى كۈن بولسا ، مېنىڭ ئۈمىدىم كېلەچەك ئىدى .

بەرقارارسىز ئولتۇراتتىم ، دېڭىز ساهىلىدىكى قۇملۇق كۆزۈمگە تاشلاندى ، ئۈستۈمدىكى تىنىق كۆك ئاسماندا ئالتۇن رەڭلىك تولۇن ئاي تۇراتتى . ئويلاپ كەتتىم : ئۈمىد دېگەن نەرسىنى بار دېسىمۇ بولىدۇ ، يوق دېسىمۇ بولىدۇ ، ئۇ خۇددى زېمىندىكى يولغا ئوخشايدۇ ، زېمىندا ئەسلىدە يول يوق ئىدى ، ماڭىدىغان كىشىلەر كۆپەيگەچكە ،

يول ھاسىل بولغان .

1921 ـ يىل ، يانۋار

## مۇھاكىمە ۋە مەشىق

1 . «مەن» «2000 چاقىرىمدىن يىراق» ياقا يۇرتتىن «ئايرىلـغىلى 20 نەچچە يىل بولغان يۇرت»نىغا قايتىپ كېلىدۇ ، ئاندىن كېيىن يەنە ئائىلىسى بىلەن بىللە يۇرتىدىن ئايرىلىپ ، ياقا يۇرتلارغا تىرىكچىلىك قىلغىلى كېتىدۇ . «يۇرتنىڭ تاغ ـ دەريالىرى» «ئاسـتا ـ ئاستا يىراقلىشىپ كېتىۋاتقان» ۋاقىتتا ، «مەن ئۇنىڭغا ھېچقانچە تارتىشىپ كەتمىدىم» دەيدۇ . «مەن» راستتىنلا يۇرتىغا تارتىشمىدىـمۇ ؟ نېمىشقا تارتىشمىدى ؟ بۇ ئىككى مەسىلىنى ئويلىنىپ ، تېكىستكە بىرلەشتۇرۇپ «مەن»نىڭ يۇرتىغا بولغان مۇھەببىتىنى ھېس قىلىپ بېقىڭلار .

2 . تۆۋەندىكى پارچىدىكى سۆز ـ جۈملىلەرنى مۇلاھىزە قىلىپ ، سوئالغا جاۋاب بېرىڭلار .

رۇڭ تۇ مېنىڭ ئالدىمدا چىرايىدىن خۇشاللىق ھەم قايغۇ چىققان قىياپەتتە تۇراتتى . ئۇ لەۋلىرىنى مىدىرلىتاتتى ، لېكىن ھېچ نەرسە دېمەيتتى . ئاخىر ئۇنىڭ چىرايى ھۆرمەت تۈسىنى ئالدى ـ دە ، ئېنىق قىلىپ :

— غوجام ... — دېدى .

مەن بەدىنىمگە مۇز ياققاندەك ئەندىكىپ كەتتىم . مەن ئەمدى ئىككىمىزنىڭ ئارىسىدا ئېگىز تام پەيدا بولغانلىقىنى بىلدىم ۋە غەمـكىن ھالدا ھېچ نەرسە دېيەلمەستىن جىمجىت تۇرۇپ قالدىم .

رۇڭ تۇ نېمىدىن «خۇشال» بولدى ؟ نېمىدىن «پەرىشان» بولـ

دى؟ ئۇنىڭ «خوجام» دېگەن گېپى «مەن»نى ئەندىكتۈرۈۋەتتى ھەم سانسىزلىغان ئوقۇرمەنلەرنى ھەسرەتتە قويدى، ئەمما ۋاقىتنىڭ ئۆتۈشى بىلەن كىشىلەر بۇ خىل ھەسرەتنى تېخىمۇ ھېس قىلالايدۇ. نېمە ئۈچۈن شۇنداق بولىدىغانلىقىنى دەپ بېرەلەمسىز؟

3. بۇ ھېكايىدە «مەن»نىڭ يۇرتى، تېخىمۇ ئېنىقراق ئېيتقاندا، ئاپتورنىڭ ئۆز يۇرتى يېزىلغان. ئاپتور ئاساسلىق قىلىپ يۇرتىدىكى كىشىلەرنىڭ ئۆزگىرىشىنى يازغان. سىزنىڭچە ئاپتور ئاساسلىقى قايسى كىشىلەرنىڭ ئۆزگىرىشىنى يازغان؟ ئۇلار قانداق ئۆزگەرگەن؟ يازغۇچى بۇ يەردە قانداق ھېسسىيات پوزىتسىيىسىنى ئىپادىلىگەن؟

4. ھېكايىدە پورترېت تەسۋىرى ئىنتايىن ياخشى بېرىلگەن. رۇڭتۇنىڭ بىرنەچچە جۈملىلىك پورترېت تەسۋىرىنى ئوقۇسا، ئادەمنىڭ ئېسىدىن چىقمايدۇ. ھېكايىنىڭ خاتىمىسىدە «يېڭى يولغا مېڭىش» دېگەن ئېسىل ئوخشىتىش بېرىلىپ، ئاپتورنىڭ يېڭى كىشىلىك ھايات يولى ئۈستىدە ئىزدىنىشى ئىپادىلەنگەن. ھېكايىدىكى رۇڭتۇنىڭ تاشقى قىياپىتى تەسۋىرلەنگەن جۈملىلەرنى ۋە تېكىستنىڭ ئاخىرىدىكى ئابزاسنى يادلىۋېلىڭلار.

5. تۆۋەندىكى جۈملىلەرنىڭ قايسىلىرىنىڭ يىغىق ئاددىي جۈملە، قايسىلىرىنىڭ يېيىق ئاددىي جۈملە ئىكەنلىكىنى ئايرىڭ:

① ئۇ چىشلەرمۇ؟ ② پويىز بىلەن كېتىمىز.

③ ئۈمىد دېگەن نەرسىنى بار دېيىشمۇ بولىدۇ، يوق دېيىشمۇ بولىدۇ.

④ دادىسى ئېلىپ كەتتى.

⑤ مەن بەدىنىمگە مۇز ياققاندەك ئەندىكىپ كەتتىم.

⑥ ئاپام بىلەن خۇڭئەر ئۇخلاپ كەتتى.

www.uyghurkitap.com

# 10 . ئوغلى بىلەن كۆرۈشۈش

چىڭغىز ئايتماتوف[1]

چوردون بوۋاي ئۆيگە ناھايىتى پەرىشان ئەھۋالدا كىرىپ كەلدى . ئۇ بىر نېمىدىن ھاياجانلانغان ، چۆچىگەن ياكى ئۇنىڭ كۆڭلىنى ئېغىر قايغۇ پۈچۈلىغان ئىدى. ئۇنىڭ بۇ ھالىنى ئايالى دەرھال سەزدى : ئۇ بىر نەرسە بولغان ئوخشايدۇ ، دەپ ئويلىدى . ئايالى ئەھۋالنى ئۇققاندىن كېيىن شۇنچىلىك ھەيران بولدىكى ، نېمە قىلارىنى بىلەلمەي ھاڭ - تاڭ بولۇپ قالدى . ئۇنىڭ ئۆي - پىكرىچە، بوۋاينىڭ بۇ قىلىقى قېرىلىقنىڭ ئالامىتى ، ئالجىغانلىق بولۇپ ، ئەس - ھوشى دۇرۇس ئادەمنىڭ ئىشى ئەمەس ئىدى .

بوۋاينىڭ بىر ئوغلى بار ئىدى ، ئۇ بۇنىڭدىن يىگىرمە يىل ئىلگىرى ئۇرۇشتا ۋاپات بولغان . ئۇ ناھايىتى ياش ئۆلۈپ كەتكەنىدى . ئۇنى چوردون بوۋايدىن باشقا ھېچكىم ئەسلىمەيتتى . ھەتتا بىللە تۇرۇۋاتقىنىغا بىر قانچە يىل بولغان كەمپىرىمۇ ئۇ توغرۇلۇق سۆزلىمەيتتى. مانا ، ئەمدى بوۋاي تۇيۇقسىزلا ئوغلى ئۇرۇشتىن ئىلگىرى مۇئەللىم بولۇپ ئىشلىگەن يەرگە بارماقچى بولۇۋاتىدۇ .

— ئۇ ماڭا ھەرقاچان تىرىكتەكلا تۇيۇلىدۇ ، ھەتتا ھازىرمۇ ئۇ شۇ يەردە باردەكلا قىلىۋاتىدۇ . كۆڭلۈم شۇ ياققا تارتىپلا تۇرىدۇ . مېنىڭ ئۇنى كۆرگۈم كېلىۋاتىدۇ ، — دېدى بوۋاي .

---

[1] چىڭغىز ئايتماتوف 1928 - يىلى قىرغىزىستاندا تۇغۇلغان ، دۇنياۋى ئابرۇيغا ئىگە مەشھۇر يازغۇچى . ئۇنىڭ «قىيامەت» ، «ئەسىردىن ئۇزاق بىر كۈن» ، «ئاق پاراخوت» قاتارلىق رومانلىرى؛ «تۇنجى مۇئەللىم» ، «جەمىلە» ، «چىڭگىزخاننىڭ ئاق بۇلۇتى» قاتارلىق پوۋېستلىرى بار .

ئايالى ئۇنىڭغا ئەنسىرىگەن قىياپەتتە قاراپ قويۇپ، «سېنىڭ ئېسىڭ جايىدىمۇ زادى، ئالجىپ قالمىغانسەن؟» دەپ زاڭلىق قىلماقچى بولدىيۇ، لېكىن ئۆزىنى تۇتۇۋالدى. بوۋاينىڭ گەپلىرىدىن يېقىملىق، مۇلايىم قاراشلىرىدىن، خاتىرجەملىك بىلەن راست سۆزلەۋاتقانلىقىدىن ئەس-ھوشىنىڭ جايىدا ئىكەنلىكىنى چۈشەندى. شۇ پەيتتە موماي بوۋاينىڭ قېرىلىقتىن قوڭۇر تۈس ئالغان يۈزىگە، قورۇق باسقان سېخىي كۆزلىرىگە، ئاق كىرگەن ساقىلىغا قاراپ، ئۇنىڭ ئوي-پىكرىنىڭ مەنتىقسىزلىقىنى بىلىپ تۇرسىمۇ، ئۇنى كىچىك بالىنى سىلكىگەندەك قېقىۋېتىش ئازار بولىدىغانلىقىنى چۈشەندى. ئۇنىڭغا ئىچى ئاغرىدى ۋە بۇنداق قىلىشنىڭ بىھۇدە ئىكەنلىكىگە شۇبھى كەلتۈرمەيتتى.

— ئۇنداق بولسا سەن شۇ ياققا نېمىشقا بۇرۇنراق بارمىغان؟ — دەپ ئاستا سورىدى.

— بىلمەيمەن، — دەپ جاۋاب بەردى چوردۇن ئېغىر خورسىنغان ھالدا، — مانا ئەمدى بارغۇم كېلىپ قالدى. كۆزۈمنىڭ ئۇچۇقىدا بىر بېرىپ كېلىشىم كېرەكقۇ ئۇ يەرگە. يۈرىكىم شۇنداق بۇيرۇق قىلىۋاتىدۇ. ئەتە تاڭ ئېتىشى بىلەن مەن يولغا چىقىمەن.

— مەيلى، ئىختىيار ئۆزۈڭدە.

موماي بولسا، بوۋاي يالتىيىپ قالار دەپ ئويلىغانىدى. توغرىسىنى ئېيتقاندا، ئۇياقتا بېرىشىنىڭ نېمە ھاجىتى بار؟ يىراقتىكى ناتونۇش يۇرتتا نېمىنى ئىزدەپ، نېمىنى كۆرىمەن دەپ بارىدۇ؟ لېكىن، ئۇنىڭ كۆڭلىنىدەك بولمىدى. چوردۇننىڭ ئۆز پىكرىدىن قايتىدىغان تۈرى يوق ئىدى.

تاغ باغرىدىكى بۇ يېزا ئۇيقۇغا پاتقان. ھەممە ئۆينىڭ دېرىزىلىرى قاراڭغۇ. پەقەت چوردۇننىڭ ئۆيىدىلا ئارىلاپ-ئارىلاپ يورۇق كۆرۈنۈپ تۇراتتى. بوۋاي زادىلا ئارام تاپالمايۋاتاتتى. ئۇ كېچىچە بىر نەچچە قېتىم ئورنىدىن تۇرۇپ كىيىنىپ، ھويلىغا چىقتى ۋە

ھەر قېتىمدا ئاتىنىڭ ئوقۇرىغا يېرىم باغ بېدە تاشلاپ بەردى . بېدە بولغاندىمۇ ئۇنداق ـ مۇنداقنى ئەمەس ، بىرىنچى ئورۇمنىڭ چوڭ يوپۇرماقلىق ئەلۈك ياخشىسىنى بەردى . ھەتتا ئۇنىڭ ئۇچۇن يازنىڭ ئۆگزىگە دۆۋىلەنگەن بېدىنىڭ ئۈستۈنكى قەۋىتىدىكىلىرىنى ئايماي تاشلاپ بەرگەنىدى . باشقا ۋاقىت بولسا مۇنداق سېخىيلىقتا ئەسلا يول قويمىغان بولار ئىدى . قىش كەلمىگۈچە چۆپكە ھېچكىمنى يېقىن كەلتۈرمەيتتى . ئات ، كالىلارنى ئۆيدىن يىراق ھەيدەيتتى . ئۇلار دالىلاردا ، جىلغىلاردا ، قورايلىقلاردا ، ئېگىزلاردا ئوتلاپ كېلەتتى . ھازىر بولسا ئۇ ھېچنېمىنى ئايىمىدى ، ھەتتا يولدا ئاتقا بېرىش ئۈچۈن خۇرجۇنغا سۇلۇمۇ قاچىلاپ ئالدى .

ئۇ كېچىچە شۇنداق ئاۋارە بولدى ، ئايالىمۇ ئۇخلىمىدى . ئۇ بوۋاينىڭ ئىشلىرىغا كاشىلا بولماسلىق ئۈچۈن ئۇخلىغان بولۇپ يېتىۋالدى . بوۋاي ئۆيدىن تالاغا چىقىپ كەتكەندە چوڭقۇر خورسىنىپ قويدى . چۈنكى ، بوۋاينى بۇ سەپەردىن يالتايتىش مۇمكىن ئەمەس ئىدى . ئۇنىڭ بوۋايغا : «ھەي ، نەگە كېتىپ بارغىنىڭنى ئويلاپ كۆرگىنە ! نېمە ئۈچۈن ؟ كىچىك بالا بولۇپ قالدىڭمۇ ؟ ھوي ، خەققە كۈلكە بولۇشتىن باشقا نېمە ئىش بۇ !» دېگۈسى كېلەتتى . ئەمما ، ئۇنچىقمايتتى . موماي بوۋاينىڭ : «ئەگەر سەن ئۇنىڭ ئۆز ئانىسى بولغىنىڭدا مېنى بارما دەپ يالتايتمايتتىڭ» دېيىشىدىن قورقاتتى . ئۇنىڭ مۇنداق سۆزلەرنى ئاڭلىغۇسى كەلمەيتتى . راست ، ئۇ بوۋاينىڭ ئوغلىنى كۆرمىگەن ، ئۇنىڭ قانداق بالا ئىكەنلىكىنى بىلمەيتتى . چوردوننىڭ مومىيىنىڭ ئۆلگىنىگە ئون يىلچە بولۇپ قالغان ، ئۆزى ئۇنىڭ ئىككىنچى ئايالى ئىدى . ئۇنىڭسىزمۇ ئېرىنىڭ ئالدىدىكى خىجالەتچىلىكى يېتىپ ئاشاتتى . چۈنكى ، بوۋاينىڭ تورمۇشقا چىققان ۋە ئۆز ئائىلىسى بىلەن شەھەردە تورۇۋاتقان ئىككى قىزى بار ئىدى . ئۇلار نېمىشقىدۇ بۇلارنىڭكىگە كەلمەيتتى . ئاندا ـ ساندا چوردوننىڭ ئۆزى شەھەرگە بېرىپ قالغاندا قىزلىرىنىڭ ئۆيىگە كىرىپ ـ چىققى-

نىنى دېمىسە، ئۇلار بىلەن ھېچقانداق بېرىش ـ كېلىش قىلمايتتى. مۇشۇ ۋەجىدىن ئۇ ئۆزىنى ئېرىنىڭ ئالدىدا ئەيىبلىك ھېس قىلاتتى. شۇڭا، موماي ئۇلار توغرۇلۇق ھېچقانداق گەپ قىلمايتتى ۋە سورۇشتۇرمەيتتى. مۇنداق ئەھۋالدا ئۆگەي ئانىنىڭ يىراقراق تۇرغىنى ياخشى، چۈنكى كۆڭۈل تىنچ بولىدۇ. بوۋاينىڭ بۇ غەلىتە قىلىقىغا ئۇنىڭ ئۇنچىقمايۋاتقانلىقىنىڭ سەۋەبىمۇ شۇ. ئۇنىڭدىن كېيىن موماي كۆڭلىدە: «بەلكىم سېغىنغانلىقىنىڭ ئالامىتىدۇ، ئوغلى خىيالىدىن كەتمەيۋاتقاندۇ. مەيلى، بېرىپ ئوغلىنى كۆرۈپ، يۈرەك تەشنالىقىنى قاندۇرۇپ كەلسۇن، كۆڭلى ئارام تېپىپ قالار» دەپ ئۆز پىكرىنى خۇلاسىلىدى.

تاڭ يورۇشى بىلەن چوردون ئورنىدىن تۇردى. ھويلىغا چىقىپ ئاتنى توقۇدى، قايتىپ كىرىپ ئۆزىنىڭ يېڭى چەكمىنىنى كىيدى. قوزۇقتىكى قامچىسىنى ئالدى. ئاندىن گىرىمسەن يورۇق ئۆيدە ئورنىدا ياتقان ئايالىنىڭ قېشىغا كېلىپ:

— ناسىپخان، مەن ماڭدىم، سەن ۋايىم يېمە. مەن ئەتە قاراڭغۇ چۈشكىچىلا قايتىپ كېلىمەن، ئاڭلاۋاتامسەن؟ نېمىشقا ئۇنچىقمايسەن ـ ھە؟ ئۇ مېنىڭ ئوغلۇم ئەمەسمۇ! ھەممىنى بىلىپ تۇرسامىمۇ، كۆڭلۇم شۇ ياققا بىر بېرىپ كېلىشكە تارتىپلا تۇرىدۇ. ئىچىم قايناپ، تېنىمگە سىغمايۋاتىمەن. بۇنى چۈشەنسەڭچۇ!... — دەپ پىچىرلىدى.

ئايالى ئۇنچىقماي ئورنىدىن تۇردى ۋە ئېرىنىڭ بېشىغا نېمە كىيىۋالغانلىقىنى كۆرۈپ، بوۋاينى جىملىدى:

— بېشىڭدىكى قولاقچاڭغا قارىغىنا، قىرىق ياماق! سەن ئوتۇن ئەكەلگىلى ئەمەس، مېھمان بولۇپ كېتىۋاتىسەن! — دېدى ۋە باش تەرەپتىكى ساندۇقنى ئېچىپ، سۆسەر قولاقچىسىنى ئېلىپ بەردى، — مە، بۇنى كىيىۋال. كونا قولاقچىنى كىيىپ بارساڭ سەت ئەمەسمۇ!

چوردون قولاقچىنى ئالماشتۇرۇپ كىيىپ، ئىشىك تەرەپكە ماڭدى.

— توختا! — دېدى ئايالى، — دېرىزىدىكى تۈگۈنى ئېلىپ خورجۇنۇڭغا سال، ئۇنىڭدا تاماق بار. كەچ كىرگىچە يولدا قورسىقىڭ ئېچىپ قالار.

چوردۇننىڭ «رەھمەت» دېگۈسى بولسىمۇ ئۈنچىقمىدى، ئايالىغا «رەھمەت» دېيىش بىر قىسمىلا تۇيۇلدى.

چوردۇن بايتال قېتىلغان ھارۋىسىنى ھەيدەپ، ئۇخلاۋاتقان ئىتلارنى ئويغاتماسلىق ئۈچۈن چەت كوچىلار بىلەن ماڭدى. مەھەللىنىڭ چېتىدىكى چىغىر يولغا چىقىپ، تاغ تەرەپكە يول تۇتقاندا، يېزا تېخى ئۇيقۇدا ئىدى. تۈنۈگۈن چۈشتە چوردۇن مۇشۇ بايتال قېتىلغان غىچىرلاپ كەتكەن كونا ھارۋىسىغا ئوتۇن بېسىپ ئۆيىگە قايتقانىدى. ئۇ قىشلىق ئوتۇن غەملەش ئۈچۈن كىچىك جىلغىغا كىرىپ، چاتقاللارنىڭ قۇرۇق شاخلىرىنى چېپىپ ھارۋىغا ئېگىز باسقانىدى. ئادىتى بويىچە ئېگەردە ئولتۇرۇپ، پۇتلىرىنى ئۈزەڭگىگە تىرەپ، مۈگدەك باسقان ھالدا ئۆز يولى بىلەن كېتىۋاتاتتى. چاقلار ئويمان-چوڭقۇرنى باسقاندا ھارۋا جالاقلاپ، غىچىرلاپ قوياتتى. سېخىي كۈن ھاياتبەخش نۇرى بىلەن يەر يۈزىنى ئىسسىتقانىدى.

كۈزنىڭ شۇنداق كۈنلىرى بولىدۇكى، سوغۇق كۈندىن-كۈنگە يېقىنلاپ كېلىۋاتسىمۇ، لېكىن، يازغا قىيالمىغاندەك مۇشۇنداق ئاجايىپ ئىسسىق ۋە ئوچۇق كۈنلەرمۇ بولۇپ قالىدۇ. شۇ تاپتا تاغ باغرىدىن قارىغاندا ئەتراپ تولىمۇ چىرايلىق كۆرۈنمەكتە. تۈزلەڭلىكتىكى يېزىلارنىڭ قاپقارىڭغۇ، بوك-باراقسان باغلىرى ۋە ئاپئاق ئۆيلىرى، قۇرۇپ سارغايغان تاماكا يوپۇرماقلىرى، يەر ھەيدەۋاتقان تراكتورلار، كۆكتە ئېگىز ئۇچۇپ كېتىۋاتقان كۈمۈش رەڭ ئايروپىلان ۋە ئۇپۇقتىكى شەھەر ئۈستىنى قاپلىۋالغان سارغۇچ ئىس قاپقارا، ئۈنسىز قۇشلارغا ئارىلىشىپ ئۇچۇپ ئۆتمەكتە.

چوردۇن ئۇلارنىڭ قارلىغاچلار ئىكەنلىكىنى بىلەتتى. ئۇ ئەتىگەندە ئوتۇنغا ماڭغاندا قارلىغاچلار تېلېگراف سىملىرىغا توپ-توپى

بىلەن قونۇشۇۋالاتتى. ئۇلار بىر ـ بىرىگە قارىشىپ ئۇزاقتىن ـ ئۇزاق قاتارلىشىپ ئولتۇرۇشاتتى ۋە زادى قىمىرلاشمايتتى. ئۇلارنىڭ ھەممىسىنىڭ قۇيۇپ قويغاندەك ئوخشاش ئاپئاق مەيدىلىرى، يۇمىلاق ئۇچلۇق باشلىرى، پارقىراپ تۇرغان ئاچماق قۇيرۇقلىرىغىچە بىرخىل ئىدى. ئۇلار تىپتىنچ ئولتۇرۇشاتتى. بەزىدە ئاڭلىنار ـ ئاڭلانماس ۋىچىرلىشىپ قوياتتى. ئۇلار قانداقتۇ بىر پەيتتە ئۇچۇپ، يولغا راۋان بولۇشنى كۈتۈپ تۇرغاندەك قىلاتتى. قارلىغاچلار توپىنىڭ ئۆزىگە خاس قانداقتۇ بىر جىددىيلىكى ۋە نەپىسلىكى ئادەمنىڭ ھەۋەسىنى قوزغايتتى. «بۇلار قۇشقاچ ئەمەستە!» دەيتتى چوردون زوقى كېلىپ.

مانا، ئۇنىڭ كۆز ئالدىدىلا قارلىغاچلار ئۇچۇپ كەتتى. ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ بىر يازنى ئۆتكۈزگەن ماكانىنى ئايلىنىپ خوشلاشماقتا. ئۇلار ئاسماندا ئۇنسىز غۇيۇلداپ ئۇچۇپ ئايلانماقتا. ئۇلار، كۈن نۇرىدا ئىمىر-چىمىر قىلىپ، چوڭ بىر قارا توپ بولۇپ پارقىراپ كۆرۈنەتتى.

چوردون ئۇلارنىڭ ئۇچۇشىغا خېلىغىچە ھەۋەسلىنىپ قاراپ تۇردى. مانا، ئۇلار يەنە بىر قېتىم بوش قالغان كۆزلۈك باغلارنى چوڭ بىر چەمبەر ياساپ ئايلىنىپ، دۈر قىلىپ ئايرىلىشىپ كەتتى. ئاندىن قايتىدىن رەت ـ رېتى بىلەن چەكسىز دالا تەرەپكە قاراپ، يىراقلاپ كېتىۋاتقان ناخشا ئاۋازىدەك ئاسمان مەنزىرىسىدە يىراقلىشىشقا باشلىدى ۋە ئاخىرىدا بىر قارا چېكىتكە ئايلىنىپ قالدى. قارلىغاچلار يىراق ـ يىراقلارغا ئۇچۇپ كېتىۋاتماقتا ئىدى. تېخى ئەتىگەنلا ئۇلارنىڭ ۋىچىرلاپ سايراشلىرىدىن زوقلانغانىدى. بىردىنلا قانداقتۇ بىر چۈشىنىكسىز شېرىن خىيال دولقۇنى ئۇنىڭ قەلبىنى ئىگىلەپ، سېغىنىش تۇيغۇسىدىن كۆزلىرىدە ياش ئەگىدى. بوۋاي ھېچنېمىنى كۆرمىسىمۇ، ئاسمانغا قاراشنى داۋاملاشتۇرماقتا. يېقىن ۋە مېھرىبان، چۈشەندۈرۈش قىيىن بىرنەرسە توغرۇلۇق خورسىناتتى ۋە ئۇنى ئەبەدىي يوقاتقاندەك سېزەتتى. ئەگەر ئۇنىڭ ياش ۋاقتى بولسا، ھازىر

ئۇ ئۆزىتىش ناخشىسىنى ئېيتقان بولار ئىدى .

يېقىنلا يەردىن ئاڭلانغان ئاتلارنىڭ ئاياغ تىۋىشى چوردوننى خىيالدىن سەگىتتى . يوغان يورغا ئات مىنگەن بىر كىشى دۆڭدىن كۆتۈرۈلمەكتە . بۇ قوشنا يېزىنىڭ بوۋىيى ساپار ئەلى بولۇپ ، ئۇلار بىر ـ بىرىنى ياخشى چۈشەنمەيتتى . ئارىلاپ توي ـ تۆكۈن ، نەزىر ـ چىراغلاردا ئۇچرىشىپ قويۇشاتتى ، خالاس . قارىغاندا ، ساپار ئەلى قاياققىدۇ مېھمانغا كېتىۋاتقان بولسا كېرەك . ئۇنىڭ ئۇچىسىدا يېڭى چىپەرقۇت چاپان ، پۇتىغا مەسە ـ كالاچ ، بېشىغا يەلپۈنۈپ تۇرغان تۈلكە تۇماق كىيگەن ، قولىدا قىزىل تېۋىلغا ساپلىق قامچا بار ئىدى .

— هەي تۆمۈرچى، نېمانچە خىيالغا چۆكۈپ كەتتىڭ؟ — دەپ دوستانە قىياپەتتە ئۇنىڭغا قاتتىق ۋارقىرىدى ساپار ئەلى ئېتىنىڭ تىزگىنىنى تارتىپ .

راست ، بىر چاغدا چوردون تۆمۈرچى ئىدى .

— قارلىغاچلار ئۇچۇپ كېتىپ بارىدۇ ، — دېدى چوردون كۆڭۈلسىز هالدا جاۋاب بېرىپ .

— نېمە ؟ قېنى قارلىغاچلار ؟

— ئۇچۇپ كېتىشتى .

— مەيلى ، ئۇچسا ئۇچۇۋەرسۇن . ئوتۇن ئەكىلىۋاتامسەن ؟

— هەئە ، قىشقا تەييارلىق . ئۆزۈڭ نەگە ماڭدىڭ ؟

چىرايى ياشلا كۆرۈنىدىغان قىزىل يۈزلۈك ، قارا ساقاللىق ساپار ئەلىنىڭ يۈزىدە مەمنۇنىيەت كۈلكىسى پەيدا بولدى :

— ئوغلۇمنىڭ ئۆيىگە . ئوغلۇم ئۇلۇغ تاغ باغرىدىكى ئاقسايدا سوۋخوز دىرېكتورىغۇ ! — دېدى ـ دە ، قامچىسى بىلەن شۇ تەرەپنى كۆرسەتتى .

— ئاقساي توغرۇلۇق ئاڭلىغىنىم بار ، — دەپ بېشىنى ئىرغىتتى چوردون .

— مانا ، ئەمدى كېتىپ بارىمەن . ئوغلۇم كىشىلەردىن ئېيتقان سالامىدا : «دادام كېلىپ ، بىر ـ ئىككى كۈن تۇرۇپ كەتسۇن» دەپتۇ . ئۇلار ھەرقانچە باشلىق بولغىنى بىلەن بىزسىز ، بوۋايلارسىز قىلغان ئىشلىرى چاغلىق . نەۋرەم ئۆيلىنىدىكەن . مەن ئۆرپ ـ ئادە-تىمىز بويىچە تويىنىڭ تەييارلىقىنى كۆرۈشۈم كېرەك . مېھمانلار كۆپ بولىدۇ . بەيگە ئۆيۈشتۇرۇشنى ئويلاۋاتىمەن ، — دېدى ساپارئەلى ۋە ئوغلىنىڭ سوۋخوزدىكى ئىشلىرى توغرىسىدا سۆزلەشكە باشلىدى : بۇ يىل يۇڭ كۆپ قىرقىلغانلىقى ، چوپانلارنىڭ چوڭ سوۋغىلارنى ئالغانلىقى ، خەلق ئۆز دىرېكتورىدىن رازى ئىكەنلىكى ، ھەتتا ئوغلىنى مۇكاپاتقا تەكلىپ قىلىپتۇ ، دېگەن ياخشى خەۋەرمۇ بار ئىكەن .

بۇلارنىڭ ھەممىسى ياخشى ئىشقۇ . لېكىن ، شۇ تاپتا چوردوننىڭ ئوي ـ خىيالى باشقىچە ئىدى . ئۇ تويۇقسىزلا كۆڭۈل قاتلىمىنىڭ ئەڭ تېگىگە يوشۇرۇنغان بۇرۇنقى سېغىنىشنى ئېسىگە ئالدى . بۇ سېغىنىش مەڭگۈ ھايات ئىدى . بۇ كۈتۈلمىگەن سېغىنىش بايىقى قارلىغاچلارنىڭ ئۇچۇپ كېتىشى بىلەن تەڭ قاتتىق ئېچىنىش ئىچىدە پەيدا بولغان . ھازىر شۇ سېغىنىش يېڭىدىن يالقۇنلاپ ، يۈرەكنى كۆيدۈرمەكتە . ئۇ ئوغلىنى ، ھە ، شۇ خېلى بۇرۇنلا بۇ دۇنيا بىلەن خوشلاشقان ئوغلىنى سېغىنغانىدى . لېكىن ، ئۇمۇ بىر چاغدا ئاقسا-قىنىڭ قېشىدا ئىشلىگەن ، ئۇمۇ ئۆز ۋاقتىدا دادىسىنى كېلىپ تۇرۇپ كەت دەپ چاقىرغان . چوردون نېمە توغرۇلۇق گەپ قىلىدىغانلىقىنى ئويلىمايلا ساپار ئەلىنىڭ گېپىنى بۆلۈۋەتتى :

— مېنىمۇ ئوغلۇم تەكلىپ قىلغان ، — دېدى جۆيلۈگەندەكلا .

— سېنىڭ ئوغلۇڭمۇ شۇ يەردىمۇ ؟

— ھەئە ، — دەپ پىچىرلىدى چوردون تىترەك ئولاشقاندەك غالىلداپ .

— مەن بىلمەيدىكەنمەنا ! — دېدى ساپار ئەلى ۋە ئەھمىيەت بەرمىگەن ھالدا ئىككى مۈرىسىنى چىقىرىپ قويىدى ، — بوپتۇ ئۇنداق

www.uyghurkitap.com

بولسا ، قەيەردىلا بولايلى خۇدا ئامان قىلسۇن . خەير ! — دېدى ـ دە ، ئېتىنى دېۋىتىپ مېڭىپ كەتتى . ئۇ مېڭىپ كېتىشى بىلەنلا چوردون هوشىغا كەلدى . ئەتراپنى قاپلىغان جىمجىتلىق ئۇنىڭغا سۇرلۇك كۆرۈنۈپ ۋەھىمە سالغاندەك تۇيۇلدى . «مەن نېمىلەرنى دەۋەتتىم ؟ نېمىشقا يالغان ئېيتتىم ؟ نېمە ئۇچۇن ؟»

چوردون ئاتتىن سەكرەپ چۈشتى ـ دە ، ساپار ئەلىنىڭ كەينىدىن يۈگۈردى .

— توختا ، ساپار ئەلى ، توختا ! — دەپ ۋارقىرىدى . ئۇ راستىنى ئېيتىپ ، ئۇنىڭدىن كەچۈرۈم سوراش ئۈچۈن يۈگۈرۈپ ماڭدى .

ساپار ئەلى ئېتىنىڭ بېشىنى ئارقىغا بۇرىدى :

— نېمە ، نېمە بولدى ساڭا ؟ — دېدى ئەنسىرەپ .

چوردون يۈگۈرۈپ يېتىپ كەلدى ۋە ھاسىراپ تۇرۇپ ئۇنىڭغا ھەممىنى چۈشەندۈرمەكچى بولدى . لېكىن ، يەنە قانداقتۇ بىر غايىۋانە كۈچ ئۇنىڭ تەسەۋۋۇرىدا ئوغلىنىڭ تىرىلگەنلىكى ۋە ھەتتا كىشىلەرنىڭ قەلبىدە ياشاۋاتقانلىقىنى ئېسىگە سېلىپ چوردوننىڭ راست سۆزلىشىگە يول قويمىدى . ئۇنىڭ شۇ يەردىلا ئوغلىنى قايتا دەپنە قىلىشقا يۈرىكى چىدىمىدى . ئۇ ئوغلىنىڭ كۆپتىن بېرى يوق ئىكەنلىكىنى ، ئۇنىڭ ئۇرۇشتا ۋاپات بولغىنىغا كۆپ يىل بولغانلىقىنى سۆزلەشكە تىلى بارمىدى . ئۇ ئوغلىنىڭ بىر كۈن بولسىمۇ ، ھەتتا بىرنەچچە مىنۇت بولسىمۇ ياشىشىنى خالايتتى . كېيىنرەك دېسىمۇ بولىدۇ ، ئالدىراش يوق . . .

— ناسۋېلىڭ بارمۇ ؟ خۇمارىم تۇتۇۋاتىدۇ ، بولسا بەرگىنە ! — دەپ سورىدى چوردون .

— ھەي ، شەيتان ئۇرسۇن سېنى . ئادەمنى شۇنچىۋالامۇ قورقۇتامسەن ! — دېدى ساپار ئەلى دېمىنى بېسىپ ۋە ناسۋال ئېلىش ئۈچۈن قولىنى يانچۇقىغا سالدى ، — قېنى ، ئالقىنىڭنى ئاچ ! بۇ قۇرۇپ كەتكۈر نەرسىنىڭ خۇمارىنى مەنمۇ ياخشى بىلىمەن ، — دېدى ـ دە ،

www.uyghurkitap.com

ئەينەك قۇتىدىن چوردوننىڭ قولىغا ناسۋال قۇيۇپ بەردى ، — نىمە ، سىنىڭ قولۇڭ تىترەۋاتىدىغۇ ، تۇمۇرچى ؟ ئەمدى قېرىپسەن ــ دە !

— ھەئە ، ئۇرۇش يىللىرى بولغىنى ئۇرۇۋەردىم . ئۇنىڭ ئۈستىگە قېرىلىقمۇ يەتتى . كەچۈرگىن ، سېنى يولدىن قويدۇم ، — دېدى چوردون .

— ھېچقىسى يوق ، مەيلى . مەن ماڭاي .

— يولۇڭ بولسۇن ! — دېدى چوردون .

ئەمدى ئۇ ئادەمنى يەنە گەپكە تۇتۇشنىڭ ھاجىتى يوق ئىدى . چوردون ساپارئەلىنىڭ چاپسان يۈرۈپ كەتكىنىگە خۇشالمۇ بولدى . سەۋەبى ئوغلىنىڭ ئۆلۈمى توغرىسىدا سۆزلەش پۇرسىتى بولمىدى .

ساپارئەلى خېلى ئۇزاپ كەتكەندىن كېيىن چوردون يەنە بىر ئاز ۋاقىت خىيال سۈردى . ئاندىن سىقىمنى ئېچىپ ناسۋالنى يەرگە تۆكۈۋەتتى ــ دە ، يېنىپ ھارۋىسى تەرەپكە ماڭدى .

ئۇ بېشى ساڭگىلىغان ھالدا ئاستا مېڭىپ كەلمەكتە . «مەن نېمە قىلىپ قويدۇم ، ئەقلىمدىن ئازدىممۇ ؟» دېدى گۇدۇڭشلاپ ۋە يولنىڭ ئوتتۇرىسىدا توختاپ ، خىيالغا چۆمگەن ھالدا ئۆپچۆرىسىگە سەپ سالدى . قۇشلار توپى ئۇچۇپ كەتكەن چېتى كۆرۈنمەس ئېتىز ئاسمىنىغا ئۇزاق قاراپ : «ياق ، مېنىڭ ئوغلۇم بار ، مېنىڭ ئوغلۇم تىرىك» دەپ پىچىرلىدى . ئاندىن تۇيۇقسىزلا ئېچىنىشلىق ئاھاڭدا : «مېنىڭ ئوغلۇم بار ، بار . مەنمۇ ئوغلۇمنىڭ قېشىغا بارىمەن ، مەن ئۇنى كۆرىمەن ، كۆرىمەن !» دەپ ۋارقىرىۋەتتى ۋە قايتىدىن جىمىپ قالدى .

چوردون يول بويى يېزىغا يېتىپ كەلگۈچە ئۆزىنى مۇنداق قايغۇرۇۋەرسەم بولمايدۇ ، دەپ جىملىدى . ئۆتكەننى قايتۇرۇۋېلىشقا بولمايدۇ . شۇنداقتىمۇ ئۇنىڭ ئاۋۇلغا بېرىش ئۈمىدى يۈرىكىدە ئوت بولۇپ يانغانىدى . بۇ ئوتنىڭ ئۇنىڭ يۈرىكىدە يانغىنىغا كۆپ يىللار بولغان . ئۇ پات ــ پاتلا ئوغلىنىڭ ئارمىيىگە يۈرۈپ كېتىشىنىڭ

ئالدىدىكى كۈنلىرىنى ئۆتكۈزگەن يەرلىرىنى تاۋاپ قىلىپ كېلىشنى ئويلايتتى ۋە ئارمان قىلاتتى . ئەمدى ئۇنىڭ ساپارئەلى بىلەن ئۇچرىشىشى بولسا ، شۇ ئارماننىڭ تاسادىپىي ئۇچقۇنى بولۇپ قالدى . مانا ئەمدى چوردوننىڭ قەلبىدە ئوغلى ھېچقانداق ئىرادىگە بېقىنماي تىرىلىۋاتماقتا . يىللار ئاجايىپ ئارىلىشىپ كەتتى . ئارزۇ - ئارمىنى ھەقىقەتكە ، تەسەۋۋۇرى رېئاللىققا ئايلاندى . مەسىلەن ، ئۇ ئاۋۇلغا يېتىپ كەلگەندە ، ئوغلى ئۇنى قانداق قارشى ئالىدىغانلىقىنى ، ئۇلار نېمە توغرۇلۇق سۆزلىشىدىغانلىقىنى ، ئوغلى خۇشال بولۇپ : «دادا ، ئاخىر كەلدىڭمۇ !» دەپ ئۇنىڭ يېنىغا كېلىدىغانلىقىنى كۆز ئالدىغا كەلتۈردى .

«كەلدىم ، كەلدىم ، جېنىم ئوغلۇم . ئۆزۈڭ سالامەتمۇ سەن ؟ زادىلا ئۆزگەرمەپسەن . مەن بولسام ، ئۆزۈڭ كۆرۈپ تۇرۇپسەن ، قېرىپ قالدىم» .

«ياق ، دادا ، ئانچىۋالا قېرىپ كەتمەپسەن . ئارىدىن ناھايىتى كۆپ يىل ئۆتۈپ كەتتى . شۇڭغىچە كەلمىگەن بارمۇ ؟ نەچچە يىل ئۆتتى ، يىگىرمە يىل ، ھەتتا ئۇنىڭدىنمۇ كۆپ . ياكى سەن مېنى سېغىنمىدىڭمۇ ؟»

«نېمىشقا سېغىنمايمەن ! بىر ئۆمۈر سېغىنىمەن . سېنى تەقەززا قىلىپ قويغىنىمنى كەچۈر . زادى پۇرسەت بولمايلا كەتتىغۇ . ئۆزۈڭ بىلىسەن ، سەن ئۇرۇشتا ۋاپات بولغاندىن كېيىن ئاناڭ ئورۇن تۇتۇپ يېتىپ قالدى . شۇ ياتقىنىچە ئورنىدىن تۇرمىدى ، ئۇنى يەرلىكىدە قويدۇق . ئەمدى ، مانا ، سېنى ئەسلەپ كېلىپ قالدىم . سەن بىلەن بىللە ياشاۋاتقان كىشىلەرگە تەزىم قىلىپ كەلدىم . ماۋۇ يەرگە ، ئاۋۇ تاغلارغا ، سەن نەپەس ئالغان ھاۋاغا ، سەن ئىچكەن سۇلارغا باش ئەگكىلى كەلدىم . مانا ، ئوغلۇم ، ئاخىر كۆرۈشتۇق . نېمىگە قاراپ تۇرىسەن ؟ قېنى ، مېنى باشلا ، ئۆزۈڭنىڭ مەكتىپىنى ، ئاۋۇلۇڭنى كۆرسەت . ئىلگىرى سەن بۇلار توغرۇلۇق نۇرغۇن سۆزلەپ بېرە-

www.uyghurkitap.com

تىڭ . . . »

چوردون ئوغلى سۇلتاننىڭ ئۆيىدە تۇرغان ئۈۋچىنىڭ ئىسمىنى
ھەرقانچە ئەسلەپمۇ تاپالمىدى . ئۇنىڭ بىرلا بىلىدىغىنى ئۇ ياخشى
كىشى ، ئوغلى ئۇنى ياخشى كۆرەتتى . ھازىر ئۇ ، ئېھتىمال ، يەتمىش-
لەرگە بېرىپ قالغاندۇ . ئۇ تىرىكمۇ ياكى ئۆلۈپ كەتكەنمىدۇ ؟ ئۇ
چوردوننىڭكىگە كېلىپ مېھمان بولاتتى ، بەزىدە بۈركۈت بىلەن كې-
لىپ ئوۋلاپ كەتسۇن دەپ ئېيتىپ بېرەتتى . ھازىر ئۇنىڭ بۈركۈتى
بارمىدۇ ؟ بۈركۈتلەر ئۇزاق ياشايدىغۇ ؟ !

ئۇنتۇمىغان بولسام ، ئۈۋچىنىڭ بىر ئوغلى بار ئىدى . ئۇ بىرىند-
چى سىنىپتا سۇلتاننىڭ قولىدا ئوقۇغان . ئىككىنچى سىنىپقا كۆچ-
كەندە ئۇرۇش باشلىنىپ كەتكەنىدى . ھازىر ئۇ ئوغۇل ئائىلىلىك
بولۇپ كەتكەندۇ . ئۈۋچىنىڭ ئايالىمۇ مېھرىبان ئايال ئىدى . لېكىن ،
ئۇنىڭغا كولخوزنىڭ ئىشى بىلەن ئۆي ئىشلىرى ناھايىتى ئېغىر كەلگە-
نىدى . ئۇ ئايال سۇلتاننىڭ ئۆيىگە بارغان چاغدا ، ئۇنىڭدىن بىر ئامال
قىلىپ ئوۋ ئىتلىرىدىن بىر ـ ئىككىنى ئېلىپ كېتىشنى ، ئۇ ئىتلارنى
دادىسىغا ئاپىرىپ بېرىشنى ئۆتۈنگەنىدى . بىر توپ ئىتقا بوتقا چېلىپ
بېرىشمۇ ئۇنىڭغا ئېغىر كېلەتتى . سۇلتان بىر قېتىم سېرىق ئالىسى
بار ئاق تايغاننى ئېلىپ كەتكەنىدى . جانىۋار ، قالتىس ئىت ئىدى ـ
دە ! مۇنداق چىرايلىق ، قۇرغۇيدەك تايغان بۈيۈك قارلىق تاغلاردىلا
بولۇشى مۇمكىن . مانا شۇنداق ئىتلار تاغ ئۆچكىلىرىنى ھەيدەپ تۇزاق-
قا چۈشۈرىدۇ . ئەتىسى سۇلتان ئىتنى قايتۇرۇپ ئېلىپ كەلدى .
«ئۈۋچى قاتتىق خاپا بولىدۇ . ئۇنىڭدىن كۆرە مەن بوتقا چېلىشقا
ياردەملىشەي زادى . » تايغان خۇددى چۆچەكلەردىكىدەك ۋېلىسىپىت-
نىڭ كەينىدىن يۈگۈرۈپ كەتكەنىدى . چوردوننىڭ بۇ ئىتتىن ئايرىل-
غۇسى كەلمىگەن ، چۈنكى ئىت — ئۈۋچى ئۈچۈن چوڭ ياردەمچى
ئەمەسمۇ ! ئۇ ئەمدى تۆمۈرچىلىك دۇكىنىدىن سىرتقا چىقمايتتى . شۇ
ئاق تايغانلار ھازىرمۇ بارمىكىن ، ھازىرمۇ تۈلكىلەرنى قوغلاپ يۈرەم-

دىكىن ؟

چوردون بۇلارنى ئويلاپ ، ئۆزىگە تېخىمۇ ئىشەنچلىكرەك يەنە بىر سەۋەب تاپقانىدى . چوردون ئۇ كىشىنىڭ قېشىغا سۆزسىز بېرىشى كېرەك . ئەگەر ئۆلگەن بولسا ، ئۇنىڭ قەبرىسىگە بېرىپ پاتىھە قىلىشى ، ھايات بولسا ، ئۇنىڭ قولىنى سىقىپ ، ئوغلىغا قىلغان ياخشىلىقلىرى ئۈچۈن چەكسىز مىننەتدارلىق بىلدۈرۈشى كېرەك .

چوردون پەقەت بىرلا ۋەقە توغرىسىدا ئويلاشقا جۈرئەت قىلالمايتتى . بۇ ۋەقە ئۇنىڭ يادىغا كېلىپ قالسىلا ، ئۇ دەرھال كۆڭلىنى باشقا ياققا ، يەنى : بۇ يىل قىشتا ياغىيۇ ۋە چۆپنىڭ باھاسى قانداق بولار ، قوينى قاچان سويغىنىم تۈزۈك ، موزاينى قالدۇرايمۇ ياكى سېتىۋېتەيمۇ ... دېگەن ئويلارغا يۆتكىۋېتەتتى .

ئۇ بۇ توغرۇلۇق ئويلىماسقا تىرىشاتتى . چۈنكى ، بۇنىڭ ھەممىسىنى ئاللىقاچان قايتا ـ قايتا ئويلىنىپ بولغانىدى . بۇ ئوي ـ خىياللار تالاي ئۇيقۇسىز كېچىلەردىمۇ ۋە تۆمۈرچىلىك دۇكىنىدىمۇ بولقا سەندەلگە ئۇرۇلغاندا بىللە ئۇرۇلاتتى ، ئوتتا قىزىپ ، سۇدا تاۋلىناتتى . ئۆزىنىڭ ھەق ياكى ناھەقلىكى بىر خۇداغا بەلگىلىك ئىكەنلىكىمۇ خېلى بۇرۇنلا قارار تاپقان . ئەگەر ئۇ ئوغلى بىلەن ئۇ دۇنيادا كۆرۈشۈپ قالغۇدەك بولسا ، بولۇپ ئۆتكەن ئىشلارنىڭ ھەممىسىنى ئېقىتماي ـ تېمىتماي ئېيتىپ بېرىدۇ . لېكىن ، كەچۈرۈم سورىمايدۇ . ياق ، كېيىن چوردوننىڭ شەھەرلىك قىزلىرى ئېغىزغا ئالغۇسىز سۆزلەرنى ئۇنىڭ يۈزىگىلا ئېيتقاندىمۇ ئۇ پۇشايمان قىلمىغان ۋە لام دەپ ئېغىز ئاچمىغانىدى .

ئۇلار تاكى مۇشۇ كۈنگىچە شۇ بىر ۋەقە ئۈچۈن ئۇنى كەچۈرمەي كېلىۋاتىدۇ . بۇ ۋەقە سۇلتان فرونتقا ئاتلانغان كۈنى ۋوگزالدا يۈز بەرگەنىدى .

1941 ـ يىلى ئۆكتەبىرنىڭ بىر كۈنى كىمدۇ بىرى تۆمۈرچىلىك دۇكىنىغا يۈگۈرۈپ كىرىپ : « چوردون ، چاپسان بول ، ئوغلۇڭ سەن

www.uyghurkitap.com

www.uyghurkitap.com

بىلەن خوشلىشىش ئۈچۈن كەپتۇ» دېدى . چوردون بېلىدىكى مايلى-
شىپ قېتىپ ، كۆيۈك پۇراپ تۇرغان پەرتۇقىنى يەشمەيلا ئۆيىگە
ئالدىرىدى . بازغاننىڭ ساداسى تېخى ئۇنىڭ قۇلىقىدىن كەتمىگەنىدى .
ئۇ كوچىدا تېز كېتىۋاتاتتى ۋە ئوغلىنى ئارمىيىگە چاقىرتالىلىقىغا
زادى ئىشەنگۈسى كەلمەيتتى . چۈنكى ، ئوغلى تېخى كىچىكتەك كۆرۈ-
نەتتى ، لېكىن بۇ خەۋەر راست ئىدى . سۇلتان بىر كىمنىڭ ئېتىنى
مىنىپ ، ئاغرىق ئاپىسىنى كۆرۈپ كېتىش ئۈچۈن رايون مەركىزىدىن
چېپىپ كەلگەنىكەن . ئۇنىڭ ئاپىسىنىڭ ئاغرىپ قالغىنىغا يېرىم يىل
بولغانىدى . دادام مېنى ۋوگزالغا بېرىپ ئۇزىتىپ قويغاي ، دەپ ئېيە-
تىپتۇ . بىز تۇزۇككىنە پاراڭلىشالمىدۇق ۋە ئارامخۇدا خوشلىشىشقى-
مۇ ئۈلگۈرەلمىدۇق . ئۇ شۇنداق ۋاقىتلار ئىدى . ھەر ئىككىمىزنىڭ
كۆڭلىدە ئېيتىپ ئۈتۈشكە تېگىشلىك قانچىلىك ئارزۇ - ئارمانلار بار
ئىدى - ھە ! شۇ كۈنلەردە خەلقنىڭ كۆڭلىدىكى ئوي - پىكىرلەرنى
ئېيتىپ ھەقدادىغا يەتكۈزەلەيدىغان بىرەر ئادەم تېپىلارمىدى !...
چوردون شەھەرگە يورغا ئات بىلەن يېتىپ كەلدى . ئوتتۇز
چاقىرىمچە يولنى تېز يۈرۈپ كەلگۈچە ئات قارا تەرگە چۆمدى . ئۇ
ۋوگزالغا كېلىشى بىلەن ئادەملەرنىڭ كۆپلۈكىدىن ھاسىل بولغان
قىستا - قىستاڭچىلىقنى كۆردى . بۇ يەردىكى ۋاراڭ - چۇرۇڭدىن
ئۇنىڭ قۇلاقلىرى پۈتۈپ قالاي دېگەنىدى . بۇ يەردە نېمە يوق دەيسىز ،
يۈك ماشىنىلىرىنىڭ يانلىرىغا چاقىرىقلار يېزىلغان شەلپەرلەر چاپلان-
غان ، چۆپ ۋە سامان بېسىلغان ھەر خىل ھارۋىلار ، ھارۋىدىن چىقى-
رىپ ئېگەرلەنگەن ئاتلار ، تۆمۈريوللاردىكى پاراۋۇزلارنىڭ گۈدۈكلى-
رى ، ۋاگونلارنىڭ تاقىلداشلىرى ... مۇشۇ قالايمىقانچىلىقنىڭ ئىچىدە
بېزىلاردىن ، شەھەرلەردىن كەلگەن قىرىلار ، ياشلار ۋە باللار بار
ئىدى .
چوردون ئاتتىن چۈشتى . ئۇ ئېتىنى نورغۇن ئاتلار باغلانغان
بىرچكا ھارۋىغا باغلاپ قويدى - دە ، ئوغلىنى ئىزدەپ ماڭدى . ئۇ

كىشىلەرنى ئارىلاپ ئىتتىرىپ كېلىۋاتىدۇ، ئۇنىڭدىن - بۇنىڭدىن
سوراشتۇرۇۋاتىدۇ... چاقىرىلغان ئەسكەرلەر ۋوگزال يېنىدىكى باغچى-
دا، ئۇلارنى ھېچ يەرگە چىقارمايدۇ، بىر ئازدىن كېيىن يولغا راۋان
بولىدۇ، دېگەن گەپلەرنى ئاڭلىدى. ئۇ تەسلىكتە باغچىغا يېتىپ
باردى. ئۇ يەردە، قاشانىڭ ئۇ چېتىدە سەپكە تىزىلىۋاتقان ئەسكەرلەر-
گە كوماندىرلار بىر نېمىلەرنى دەۋاتقان، تىزىملىكلەر ئوقۇلماقتا. چوردون نېمە
قىلارىنى بىلمەي ھودۇقۇپ قالدى. بۇ يەردە ئىزدىگەن ئادەمنى تېپىشقا
ھەتتا دەرەخلەرمۇ كاشىلا قىلاتتى. شۇ ئەسنادا يېقىنلا بىر يەردىن:
«دادا، دادا! بۇياققا كەل!» دېگەن ئاۋازنى ئاڭلىدى. قارىسا، ئىككى
قىزى ئۇنى چاقىرىپ قوللىرىنى پۇلاڭلىتىۋېتىپتۇ. ئۇلار باغچىغا
كىرىدىغان يەردە تۇرغانىكەن. چوردون ئۇلارنىڭ قېشىغا قىستىلىپ
يۈرۈپ كېتىۋاتقاندا، قاشانىڭ ئۇ چېتىدە تىزىلىپ تۇرغان سەپنىڭ
ئىچىدە ئوغلىنى كۆرۈپ قالدى. ئۇمۇ دادىسىنى كۆردى ۋە قوللىرىنى
پۇلاڭلىتىپ كۈلۈمسىرەپ قويدى. ئۇ قانداقتۇر بىر خىجىللىق ھېس-
سىياتى بىلەن كۈلۈمسىرىدى. چوردون ئوغلىنى كۆرۈپ ئىچى سىي-
رىلدى. ئۇنىڭ بويى ئۆسۈپ كەتكىنى بىلەن بۇرۇتى خەت تارتمىغان
كىچىك بالا ئىدى. ئۇ تېخى ئۆسۈۋاتىدۇ. چوردون ئوغلىنىڭ بەستى-
دىن ئۆزىنىڭ ئەكسىنى كۆرگەندەك بولدى. ئوغلى يەنە ئىككى يىلدىن
كېيىن مەزمۇت، كۈچلۈك، كېلىشكەن يىگىت بولاتتى.
كېيىن، ئوغلى توغرۇلۇق ئويلانغاندا، ئۇ شۇنچىلىك تەنتەك
بولسىمۇ، نېمىشقىدۇ ئۆزىنى ھۆرمەتلەيدىغانلىقىنى ئەسلەيتتى. بۇلار-
نى ئويلاشقا مەجبۇرلايدىغان ئوغلىدا قانداق خۇسۇسىيەتنىڭ بارلىقىنى
چوردون ئويلاپ يېتەلمەيتتى. بۇ مۇنداقلا ياخشى كۆرۈش ئەمەس
ئىدى. چۈنكى، ئۇ دادىسىنى ئۆزى بىلەن تەڭتۇش كىشىدەك ھۆرمەت-
لەيتتى. بىراق، چوردون نېمىشقا شۇنداق بولىدىغانلىقىنى ئېنىقلى-
يالمىدى. خۇسۇسەن، ئوغلى مۇئەللىم بولغاندىن كېيىن بۇ ئوي
تېخىمۇ چوڭقۇرلاشتى. چوردون ئۇنىڭغا ھۆرمەت بىلەن مۇئامىلە

قىلاتتى . ئۇ مەكتەپتە پىئونېرلار رەھبىرى ئىدى ، بەزىدە بويىنىدىكى قىزىل گالىستۇكنى ئېلىۋېتىشنى ئۇنتۇپ قېلىپ كەلگەنىمۇ ئۇنىڭ بىلەن جىددىي پاراڭلىشاتتى . ئوغۇل تېخى تەنتەك ۋە ئالدىراڭغۇ . چوردوننىڭ ئويىچە : بىر مەزگىلدىن كېيىن ئۇنىڭ مىجەزى تۇراقلىشىدۇ . كۆزىگە كىرىۋالماسلىق ، ئورۇنسىز نەسىھەتلەرنى قىلماسلىق كېرەك . ۋاقتى كەلگەندە ئۆزىنىڭ يولىنى ئۆزى تاپىدۇ . چوردوننىڭ مۇشۇ ئوبلىرى ، ئېھتىمال ، قىزلىرى بىلەن بولغان توقۇنۇشنىڭ سەۋەبى بولۇشى مۇمكىن . ئۇلارنىڭ ئىككىلىسى ، چوڭى زەينىش ، كىچىكى سەلىخە شەھەردە ئوقۇپ ، تۇرمۇشقا چىقىپ ، شەھەرلىك بولۇپ كەتتى . ئۇلار سۇلتاننىمۇ شەھەرگە ئېلىپ كەتكەن . ئۇ شۇ يەردە پېداگوگىكا تېخنىكومىنى پۈتكۈزۈپ ، مۇئەللىم بولۇپ ئىشلەۋاتقىنىغا ئەمدى بىر يىل بولغانىدى .

چوردون قىزلىرىنىڭ يېنىغا ئاران بېرىۋىدى ، نېمىشقىدۇ ئۇلار چوردوننى كۆپچىلىكنىڭ ئىچىدىن سىرتقا تارتىشقا باشلىدى . بۇ قىزلار جىلە بولۇپ ، ئىنىسىنى مەنمەنچى ، تەنتەك ، سارالڭ دەپ ئەيىبلەيتتى . ئەتراپتا لىق ئادەم ، قىزلار ئالدىرىماقتا ۋە تىرىكمەكتە . شۇنىڭ ئۈچۈن مۇشۇ مەيداندىلا ، مىغىلدىغان ئادەملەر ئارىسىدا ئۇلار مۇنداق پاراڭلاشقان :

— سەن ئوغلۇڭنىڭ ئۆزى ئىلتىماس قىلىپ كېتىۋاتقانلىقىنى بىلەمسەن ؟

— ياق ، — ھەيران بولدى چوردون ، — ھە ، نېمە بولدى ؟

— مانا ، بىز رايونغا ، ھەربىي كومىتېتقا تېلېفون قىلىپ بىلگۈدەك بولساق ، ئوغلۇڭ ئۆزى ئىلتىماس يېزىپ ئۇرۇشقا بارىدىغان بولۇپتۇ ، چۈشەندىڭمۇ ؟

— ئۇنىڭ يېشى تېخى تولمايتتىغۇ ! نېمىشقا شۇنداق قىلغاندۇ ؟

— دېمەك ، ئوغلۇڭ شۇنداق قىلىشنى مۇۋاپىق تاپقان ئوخشايدۇ .

— مۇۋاپىق تاپقان ئوخشايدۇ ؟

چوردوننىڭ قىزلىرىنىڭ ئاغزى ئېچىلدى:
— سەن نېمىشقا چۆشەنمەيسەن، دادا. بىزنىڭ ئەرلىرىمىز شۇ ياقتىغۇ. ئۇلارنىڭ تىرىك قايتىدىغان - قايتمايدىغانلىقى تېخى مەلۇم ئەمەس. بىزنىڭ يالغۇز قالغىنىمىز يېتىپ ئاشىدۇ. ئۇ ئائىلىمىزنىڭ كەنجىسى ئىدى، فرونتقا ئۆزى ئىلتىماس قىلىپ كېتىۋاتىدۇ.
— ئۇ خاراب بولىدىغۇ، قوشۇنىڭ بالىسىدەكلا بىر نېمە ئىدىغۇ؟ ئۇرۇش دېگەن پىئونېرلار رەھبەرلىكىگە ئوخشايدىغان ئىش ئەمەسقۇ!
— دادا، سەن نېمىشقا تۈزۈك گەپ قىلمايسەن؟
— مەن نېمىدەي، نېمە قىلاي؟
— سەن ھازىرلا ئۇنىڭ قېشىغا بار، بىز سېنىڭ بېرىشىڭغا رۇخسەت سورايلى. سەن بېرىپ ئۇنىڭغا: بۇ يولۇڭدىن قايت، دې-گىن. پۇرسەتنىڭ بارىدا ئۇنى ماقۇل قىل.
— ئۇ ئىلتىماسىدىن يالتايسۇن، ھازىرمۇ ئۈلگۈرىدۇ. پەقەت سەنلا ئۇنى ماقۇل قىلالايسەن.
— ياق، توختاڭلار، — دەپ ئاستا پىچىرلىدى چوردون. بۇ ئەھۋالدا ۋە بۇ قالايمىقانچىلىقتا ئوغلىدىن يالتىيىشنى تەلەپ قىلىشقا بولمايدىغانلىقىنى قىزلىرىغا چۈشەندۈرۈش قىيىن ئىدى. ئۇ ئۆزى يازغان ئىلتىماستىن قانداق يالتىيىدۇ؟ سەپتە بىللە تىزىلغان باللار-نىڭ يۈزىگە قانداق قارايدۇ؟ ئۇ ھازىر ۋە كېيىن قانداق ئويلاردا بولۇپ قالار؟ — بۇنداق دېيىش بەكمۇ قۇلايسىز. ئۇنىڭغا ئۇيات بولىدۇ، — دېدى چوردون.
— بۇ يەردە ئۇياتنىڭ نېمە كېرىكى بار!
— ھە، كىم بىلەن كىمنىڭ ئىشى، بۇ يەردە ئۇنى كىم تونۇيدۇ؟ ۋاي خۇدايىمەي، بۇ ئىشنى كىم بىلىپ قالاتتى!
— بۇ ئىشنى ئۇ ئۆزى بىلىدۇ، — كۆڭۈلسىز ھالدا قارشىلىق بىلدۈردى چوردون، — مانا بۇ ئىشنىڭ مۇھىم تەرىپى.
— ئاھ خۇدا، قويساڭچۇ بۇنداق گەپلەرنى! ئۇ تېخى بالا ئەمەس-

مۇ ! ۋاقىتنى ئۆتكۈزمەي ماڭغىنا !

شۇ پەيتتە خەلق پاتپاراق بولۇپ بىر چەتكە داجىشتى . دۇخۇۋوي ئوركېستىر مارشنى باشلىۋەتتى ، قىزىل تۇغ كۆتۈرۈلدى . باغچىنىڭ دەرۋازىسىدىن سەپكە تىزىلغان جەڭچىلەر چىقىشقا باشلىدى . ئاندىن پويىزغا ئولتۇرۇشقا كوماندا بېرىلدى . چوردوننىڭ يەڭلىرىگە يېپىشقان قىزلىرى مۇزىكا ۋە ۋاراڭ - چۇرۇڭ ئىچىدە ۋارقىرىشىپ كەتتى :

— ماڭ ، چاپسان كومىسسارغا بار ! ئۇ ۋوگزالدا ، سەن ئوغلۇڭنى قۇتۇلدۇرۇۋېلىشىڭ كېرەك ! — دەپ دادىسىنى ئالدىراتماقتا .

— دادا ، ھېچبولمىغاندا بىزنىڭ ئاغرىق ئانىمىز ئۈچۈن بولسىمۇ كومىسسارغا بارغىن ! بۇ ئوغلۇمنىڭ ئانىسى ئۆلۈم ئاغزىدا ياتىدۇ ، دېگىن .

بۇ سۆزلەردىن كېيىن چوردون ئارسالدى بولۇپ قالدى . قىزلىرى ئۇنى ئۇزاتقۇچىلار ئارىسىدىن ۋوگزالغا قاراپ سۆرەپ ماڭدى . ئۇ يەردە پويىزنى يولغا سېلىشقا مەسئۇل كومىسسار بار ئىدى .

مەيداندىن ۋوگزال بىناسىغا چىقىدىغان ئېگىز تاش پەلەمپەي بار ئىدى . بۇ پەلەمپەيلەر تۆۋەندىن يۇقىرىغىچە ئادەملەر بىلەن لىق تولغانىدى . قىزلىرى چوردوننى ئىتتىرىپ تەرلەپ كەتكەن گەۋدىلەرنىڭ ئارىسىدىن ، ئۇرۇش كاساپىتىدىن دەرد - ئەلەمگە تولغان سانسىز كۆزلەرنىڭ ئالدىدىن ، ھەسرەتلىك يىغا - زار ئارىسىدىن ، قەلبىدە بەرداشلىق بىلەن جۇدالىق دەردى ئېلىشىۋاتقان كىشىلەر ئىچىدىن ، بارابانىنىڭ ئۇرۇلۇشى ۋە ھەربىي مۇزىكىنىڭ دولقۇنلىرىدىن ، مەيداندىكى جەڭچىلەرنىڭ خوشلىشىپ ۋارقىراشلىرىدىن ، دادىسىنىڭ غەمقايغۇلىرىدىن پەرۋاسىز ھالدا يۇقىرىغا تارتىۋاتماقتا .

چوردون قىزلىرىنىڭ ئۆز ئىنىسىگە پەقەت ياخشىلىق خالايدىغانلىقىنى ۋە ئائىلىگە ياخشىلىق تىلەپ ، ھىمايە قىلىدىغانلىقىنى چۈشىنىپ تۇرسىمۇ ، نېمە ئۈچۈندۇر قىزلىرىغا بولغان ئۆچمەنلىكى ئۇلغايماقتا ئىدى . چۈنكى ، ئۇلار ئوغلىنىڭ سىرتىدىن ئۇنىڭ ئەركىنى ،

ئۆزى ھەل قىلغان مەسىلىنى بۇزۇشقا، ئۇنىڭ ئادەمىيلىك پەزىلىتىنى يوقىتىشقا دەۋەت قىلىنۋاتىدۇ ئەمەسمۇ! ئۇلار دادىسىنى قايىنغان ئا. دەملەر ئارىسىدا ۋارقىرىشىپ يۇقىرىغا سۆرىمەكتە ئىدى. چوردون پەلەمپەيىنىڭ يۇقىرى باسقۇچلىرىدىن بىرىگە چىققاندا، بۇ ياققا كېلە. ۋاتقان كولونننى①كۆرۈپ قالدى. بۇ كولونىدا ئۇنىڭ ئوغلىمۇ بار ئىدى. كولوننىنىڭ كەينىدە دۇخوۋوي ئوركېستىر كېلىۋاتاتتى. بۇ، پويىزغا ئولتۇرىدىغان ئاخىرقى گۇرۇپپا ئىدى. سۇلتان ئاخىرقى قاتاردا كېلىۋاتاتتى. چوردون ئۇنى كۆرۈپلا تونۇدى ۋە ئۇنىڭ ئەتراپقا قاراۋاتقانلىقىنى بايقىدى. ئۇ كىشىلەر ئىچىدىن دادىسىنى ۋە ئاچىلى. رىنى ئىزدىمەكتە. ئەگەر ئۇ مۇشۇ پەيتتە ئاچىلىرى دادىسىنى كو. مىسسارغا سۆرەپ كېتىپ بارغانلىقىنى، ئارمىيىدىن ئېلىپ قالماقچى ئىكەنلىكىنى، شۇنداق قىلىپ، ئۇنىڭ يۈز ـ ئابرۇيى ۋە ئادەمىيلىك. نى دەپسەندە قىلىنۋاتقانلىقىنى بىلسە ئىدى! ...

ئۇنىڭدىن كېيىن چوردون قىزىل ياغلىق تاڭغان بىر قىزنىڭ كۆپچىلىك ئارىسىدىن يۈگۈرۈپ چىققىنىنى كۆردى. قىز سۇلتانغا قاراپ ئۆزىنى ئاتقاندى، بىر كىشى ئۇنى دەرھال كەينىگە قايتۇرۇۋەت. تى. قىز سۇلتاننىڭ قولىنىلا قىسىپ قويۇشقا ئۈلگۈردى.

ئۇلار ۋوگزال باشلىقىنىڭ ئىشخانىسىغا يېتىپ كەلگەندە، ئىش. خانىدا كومىسسار بار ئىدى. قىزلار چوردوننى ئىشىك تەرەپكە ئىتتى. رىشكە باشلىدى:

— كىر، چاپسان كىر! سۇلتاننىڭ دادىسى ئىكەنلىكىڭنى ئېيت، ئانامنىڭ ئەھۋالىنى ئېيت! ئۇ تېخى كىچىك بالا ئىدى، ياخشى ئويلانماپتۇ، دېگىن. ئۇلارنىڭ ئۇنى پويىزدىن قالدۇرۇپ قو. يۇشىنى ئىلتىماس قىل، ئۇلارغا ئەھۋالنى ئېنىق چۈشەندۇر!

— كىرسەڭچۇ، دادا، قاراپ تۇرۇسەنغۇ! ھازىر ھەربىر مىنۇت

---

① كولوننا — سەپكە تىزىلغان قوشۇن.

قىممەتلىك !

شۇ تاپتا چوردونغا ھېچكىم دىققەت قىلمايۋاتقان بولسىمۇ ، ئۇ كىشىلەردىن بەكمۇ ئۇيالغانىدى . ھەربىيلەرمۇ ، ئاددىي كىشىلەرمۇ ئالدىراش ، ھەركىم ئۆز ئىشى بىلەن بەند ئىدى .

— قويۇڭلارچۇ ! مەن مۇنداق ئىشنى قىلىپ كۆرمىگەن ، كىر- مەيمەن ! — دېدى چوردون قەتئىي ھالدا .

— ياق ، كىرىسەن !

— سەن كىرمىسەڭ بىز كىرىمىز . بىز ئۆزىمىز ھەل قىلىمىز !— تاقىتى تاق بولغان قىزلار كومىسسارنىڭ ئىشىكىگە ئېتىلدى .

— كىرمەڭلار ، كىرگۈچى بولماڭلار ! — چوردون ئۇلارنىڭ قوللىرىدىن چىڭ تۇتۇپ سىرتقا تارتتى .

ئۇ قىزلىرىنى بارلىق كۈچى بىلەن كىشىلەر ئارىسىدىن سىرتقا قاراپ سۆرەپ ماڭدى . مانا ، شۇ چاغدا ئۇ قىزلىرىدىن ، باشقىلار ئۆز باللىرىدىن ئىنتايىن كەم ئاڭلايدىغان سۆزلەرنى ئاڭلىغانىدى :

— سەن ئۆز بالاڭنى ئۆلۈمگە ھەيدەۋاتىسەن !

— قارغىش تەگكۈر ، سەن بىزگە ئاتا ئەمەس !

— راست ، سەن بىزگە ئاتا ئەمەس ! — دېدى ئىككىنچى قىزى تەكىتلەپ .

تامدەك تاتىرىپ كەتكەن چوردون كىرىشىپ كەتكەن بارماقلىرىنى ئاستا بوشىتىپ ، قىزلىرىنىڭ قوللىرىنى قويۇۋەتتى . ئاندىن بۇرۇ- لۇپلا ، كىشىلەرنى ئىتتىرىپ يۈرۈپ مەيدانغا ئۆزىنى ئاتتى . ئۇ ئوغلى بىلەن خوشلىشىشقا ئالدىرىماقتا . چوردون مەيدانغا تىقىلىپ كەتكەن ئادەملەر ئارىسىنى يېرىپ ، ۋاڭ - چۇڭ ، چىرقىراشلارغا پەرۋا قىل- ماي ، پېررون[1] تەرەپكە ئېلىپ بارىدىغان يەنە بىر مەيدانغا ئىنتىلمەك- تە . لېكىن ، شۇ كۈنلەردە ئۇ تەرەپكە ئۆتۈش توختىتىلغانىكەن .

① پېررون — ۋوگزالدا يولۇچىلار تۇرىدىغان چوڭ زال .

پېررونىدا مىغىلدىغان ئادەملەر توپى تەۋرەنمەكتە . دۇخوۋوي ئوركېستىر جاراڭلىماقتا . بۇ يەردە ئادەم دەسسىگۇدەك ئورۇن يوق ئىدى . پېررونىنىڭ قاشاسىغا قىسىلىپ قالغان چوردون مىغىلدىغان كىشىلەرنىڭ ئۈستىدىن ناھايىتى ئۇزۇن ۋە قىزىل ۋاگونلارغا قارىماقتا .

— سۇلتان ، سۇلتان ! مېنىڭ ئوغلۇم ، مانا مەن ! سەن ئاڭلاۋاتامسەن ؟ ! — چوردون قوللىرىنى قاشادىن كۆتۈرۈپ ۋارقىرىدى .

لېكىن ، ئۇنىڭ ئاۋازى ئوغلىغا يەتمىدى . قاشانىڭ يېنىدا تۇرغان تۆمۈريولچى چوردونغا مۇراجىئەت قىلدى :

— ئاتا ، ئېتىڭ بارمۇ ؟

— بار .

— سورتلاش ئىستانسىسى[1] نىڭ قەيەردە ئىكەنلىكىنى بىلەمسەن ؟

— بىلىمەن ، ئاۋۇ تەرەپتە .

— ئۇنداق بولسا ، ئېتىڭغا مىن - دە ، شۇ ياققا چاپ ، ئۈلگۈرسەن . مېنىڭچە ، بەش كىلومېتىر ، ئارتۇق ئەمەس . پويىز شۇ يەردە بىر مىنۇت توختايدۇ . مانا ، شۇ يەردە ئوغلۇڭ بىلەن خوشلىشىۋالىسەن . چاپسان بول ، قاراپ تۇرما !

چوردون ئېتىنى تاپقۇچە بىر ئاز قايمۇقتى ۋە ئاتنىڭ چۇلۋۇرىنى بىرلا سىلكىپ يېشىپ پۇتىنى ئۈزەڭگىگە سالدى . قامچىسى بىلەن ئاتنىڭ ئىككى بىقىنىغا زەرب بىلەن ئۇرۇپ ، ئېڭىشكەن ھالدا تۆمۈر يولنى بويلاپ ئۇچقاندەك چېپىپ كەتتى . ئۇ ، كوچىلاردىكى ئاندا - ساندا ئۇچرىغان ئاتلىق ۋە پىيادە كىشىلەرنى چۆچۈتۈپ ، غەزەپلەنگەن كۆچمەنلەردەك غۇيۇلداپ چېپىپ كەلمەكتە . «زادى ئۈلگۈرسەملا بولاتتىغۇ ، ئۈلگۈرسەملا ، ئوغلۇمغا دەيدىغان نۇرغۇن گەپلىرىم بار ئىدى !» دېگەنلەرنى ئويلىدى . ئۇ ، چىشلىرىنى قاتتىق كىرىشتۇرۇپ خۇداغا دۇئا ئوقۇپ كەلمەكتە . «ئاتا - بوۋىلىرىمنىڭ روھى ، مېنى يۆلەڭلار !

---

① مەمۇلاتنى سۇپىتىگە قاراپ دەرىجىگە ئايرىيدىغان ئورۇن .

ئاتلارنىڭ پىرى قامبار ئاتا، ماڭا ياردەم قىل، ئېتىمنى پۈتلىشىپ كېتىشتىن ساقلىغايسەن! ئېتىمغا پولات يۈرەك، لاچىنىنىڭ قانىتىنى، جەرەنىنىڭ پۈتلىرىنى، بېلىقنىڭ ئۆپكىسىنى بەرگەيسەن!» دەپ تىلىمەكتە.

چوردون كوچىدىن چىقىپ، تۆمۈريولنى بويلىغان يالغۇز ئاياغ يولغا چۈشتى - دە، ئېتىنى بولۇشىغا قويۇپ بەردى. سورتلاش



ئىستانسىسىغا ئازلا قالغاندا، ئۇنىڭ كەينىدىن يېقىنلاپ كېلىۋاتقان پويىزنىڭ ئاۋازى بارغانسېرى ئېنىق ئاڭلانماقتا. بىر - بىرىگە چېتىلغان ئىككى پاراۋوزنىڭ ئېغىر ۋە ئىسسىق گۇرۇلدەشلىرى ئۇنىڭ ئېگىشكەن كەڭ مۈرىلىرىگە تاغ غۇلاپ چۈشكەندەك بىلىندى.

پويىز ئاتلىق چېپىپ كېتىۋاتقان چوردوندىن ئۆتۈپ كەتتى. ئاتمۇ ھېرىپ قالغانىدى. لېكىن، ئۇ ئۆلگۈرۈپ بېرىشنى مۆلچەرلىمەكتە. پەقەت پويىز توختىسىلا بولاتتى. سورتلاش ئىستانسىسىغىمۇ ئازلا قالدى. پويىزنىڭ توختىماي ئۆتۈپ كېتىشىمۇ مۇمكىنىغۇ، دېگەن تەشۋىش ۋە قورقۇنچ ئۇنى خۇدانى يادىغا ئېلىشقا مەجبۇر قىلدى: «ئېھ، ئۇلۇغ ئاللا، ئەگەر سەن بار بولساڭ، ئاۋۇ پويىزنى توختاتقىنا! سېنىڭدىن تىلەيدىغىنىم شۇ: توختاتقىنا پويىزنى، توختاتقىنا!»

چوردون پويىزنىڭ ئاخىرقى ۋاگونىغا يېتىشكەندە، پويىز سورتلاش ئىستانسىسىغا كېلىپ توختىغانىدى. ئوغلى قاتار ۋاگونلارنى بويلاپ دادىسىنىڭ ئالدىغا يۈگۈرۈپ كېلىۋاتاتتى. چوردون ئوغلىنى كۆرۈشى بىلەن ئاتتىن سەكرەپ چۈشتى - دە، ئوغلىغا ئۆزىنى ئاتتى ۋە ئۈنسىز قۇچاقلىشىپ قېتىپلا قېلىشتى.

— دادا، سەن مېنى كەچۈر. مەن ئۆزۈم ئىلتىماس قىلىپ كېتىۋاتىمەن، — دېدى سۇلتان.

— بىلىمەن، ئوغلۇم.

— مەن ئاچىلىرىمنى رەنجىتىپ قويدۇم، دادا. مۇمكىن بولسا ئۇلار مېنى كەچۈرسۇن.

— ئۇلار سېنى كەچۈردى. سەن ئۇلاردىن ئاچچىقلانما. سەن ئاناڭنى ۋە ئاچىلىرىڭنى ئۇنتۇما، ئۇلارغا خەت يېزىپ تۇر، ئۇقتۇڭمۇ؟!

— ماقۇل، دادا.

ئىستانسىسىدىكى ئىككى قوڭغۇراق ئاستاغىنە چېلىندى. خەيرلىشىش ۋاقتى كەلدى. چوردون ئوغلىنىڭ چىرايىغا ئاخىرقى قېتىم

www.uyghurkitap.com

قارىدى ۋە بۇ چىرايدا ئۆزىنىڭ ئەكسىنى ، ياش چېغىنى ، يىگىتلىك مەزگىلىنى كۆردى . ئۇ ئوغلىنى باغرىغا چىڭ باستى . دەل شۇ مىنۇتتا ئۇ پۈتۈن ۋۇجۇدى بىلەن ئاتىلىق مۇھەببىتىنى ئوغلىغا بەرگۈسى كەلدى . چوردون ئوغلىنى سۆيۈپ تۇرۇپ بىرلا سۆزنى تەكرارلىدى :

— ئادەم بول ، ئوغلۇم ! قەيەردىلا بولساڭ ئادەم بول ! ئۆمۈر بويى ياخشى ئادەم بولۇپ قال !

ۋاگونلار قوزغالدى .

— چوردونوف ، بىز ماڭدۇق ! — دەپ ۋارقىرىدى كوماندىر .

ئۇ سۇلتاننى كېتىپ بارغان ۋاگونغا قولىدىن تارتىپ ئەكىرىپ كەتكەندە ، چوردون قولىنى تۆۋەن چۈشۈردى . كەينىگە بۇرۇلۇپ ، تەرلەپ كەتكەن ئاتنىڭ ئىسسىق يايلىسىغا بېشىنى تىرەپ يىغلىۋەتتى . ئۇ ئۆزىنى تۇتالماي قالدى . ئات ئۇنىڭ ئېغىر ھەسرىتىگە چىدىيالماي ، بىر ئورۇندا تۇرغان تۇياقلىرىنى ئىككىنچى ئورۇنغا يۆتكىدى .

تۆمۈريولچىلار چوردوننىڭ يىنىدىن ئۈنچىقماي ئۆتۈشمەكتە . چۈنكى ، ئۇلار بۇ كۈنلەردە ئادەملەر نىمە ئۈچۈن يىغلايدىغانلىقىنى بىلەتتى . پەقەت ئىستانسىسىدىكى باللار سۇكۇت ئىچىدە بۇ يىغلاۋاتقان بەستلىك قىرى ئادەمگە باللىق مېھرى بىلەن قاراپ ، ھەيران بولۇشماقتا ئىدى .

چوردون كىچىك جىلغىدىن ئۆتۈپ ، ئېدىر ياقىسىغا چىققاندا ، كۈن ئىككى تېرەك بويى كۆتۈرۈلگەنىدى . بۇ پايانسىز ئېدىر يىراقتىكى قارلىق تاغلارغا تۇتۇشاتتى ، چوردوننىڭ نەپسى قىسىلدى . مۇشۇ يەرلەردە ئۇنىڭ ئوغلى ياشىغان ....

1969 ـ يىل

## مۇھاكىمە ۋە مەشىق

1 . بۇ ھېكايىدە بىر ئائىلە كىشىلىرىنىڭ ئۇرۇش ۋاقتىدا ئوغلى-

ىنىڭ تاللىشىغا تۇتقان ئوخشاش بولمىغان ئىنكاسى، پوزىتسىيىسى ئەكس ئەتتۈرۈلگەن. سىز ئۇلارنىڭ بۇ خىل پوزىتسىيىسى ۋە ھېسسىياتىغا قانداق قارايسىز؟ مۇبادا، سىز مۇشۇ خىلدىكى تاللاشقا دۇچ كەلسىڭىز قانداق قىلىسىز؟

2. «— ئادەم بول ئوغلۇم، قەيەردىلا بولساڭ ئادەم بول، ئۆمۈر بويى ياخشى ئادەم بولۇپ قال!» دېگەن دىئالوگدا «قانداق ئادەم» بولۇش كۆزدە تۇتۇلغان؟ بىز كىشىلىك ھاياتتا قانداق ئادەم بولساق، ئادىمىيلىكنىڭ ئۆلچىمىگە يېقىنلىشالايمىز؟

3. ئۆزىڭىزنىڭ تارىخ ھەققىدىكى بىلىمى ۋە مۇناسىۋەتلىك ماتېرىياللارغا ئاساسەن بۇ ھېكايىدە قايسى ئۇرۇش ئارقا كۆرۈنۈش قىلىنغانلىقىنى ئىزدىنىپ بىلىۋېلىڭ ھەمدە ساۋاقداشلىرىڭىزغا سۆزلەپ بېرىڭ.

4. چوردون بوۋاينىڭ ئالىبىۈرۈن ئۆلۈپ كەتكەن ئوغلى بىلەن كۆرۈشۈش ئۈچۈن سەپەرگە جابدۇنغانلىقىنى قانداق چۈشەندىڭلار؟ قارىشىڭلارنى سۆزلەپ بېقىڭلار.

5. تېكىستتىكى دىئالوگلاردىن بىرقانچىنى سىزىپ، بۇلارنىڭ ئىچىدىكى يىغىق ئاددىي جۈملە ۋە يېيىق ئاددىي جۈملىلەرنى ئايرىپ بېرىڭ.

# 11 . تاغام ژيول

مۇپاسسان[1]

كىچىك چېغىمدا ئۆيىمىز خاپىردا ئىدى . تۇرمۇشىمىز باياشات ئەمەس ، ئارانلا كۈن كەچۈرەتتۇق . دادام شۇنچە ئىشلەپ كەچ قايتىسىمۇ ، تاپىدىغان پۇلى تايىنلىق ئىدى . مېنىڭ ئىككى ھەدەم بار ئىدى .

ئاپام تۇرمۇشىمىزنىڭ ناچارلىقىدىن بەك ئازابلىناتتى . ئۇ چاغلاردا ھەممە نەرسىنى تېجەپ ئىشلىتەتتۇق ، بارماقنىڭ كەلمىكى بولغىنى ئۈچۈن بىرەرسى مېھمانغا چاقىرسىمۇ بېرىشتىن ئۆزىمىزنى تارتاتتۇق . كۆندىلىك بۇيۇملارغا ئەرزان ، بىراك ماللارنىلا ئالاتتۇق . ھەدىلىرىم ئۆزلىرى تىككەن كۆڭلەككە بىرەر مېتىر چىلتەك سېتىۋالغىنىمۇ قاتتىق سودىلىشاتتى .

لېكىن ، ھەر يەكشەنبە كۈنى بىز چىرايلىق ياسىنىپ دېڭىز بويىدىكى ئاسما كۆۋرۈككە سەيلىگە باراتتۇق . ئۇ چاغلاردا دادام يىراقتىن قايتىپ كەلگەن چوڭ پاراخوتلارنىڭ پورتقا كىرىپ كېلىۋاتقانلىقىنى كۆرسىلا ئادەت بولۇپ كەتكەن كونا گېپىنى تەكرارلاپ : «ھەي ! ژيول مۇشۇ پاراخوتتا بولۇپ قالسا قانداق ياخشى بولاتتى ـ ھە !» دەپ قوياتتى .

دادامنىڭ ئىنىسى ژيول تاغام شۇ چاغلاردا پۈتۈن ئائىلىمىزدىكىلەرنىڭ بىردىنبىر ئۈمىدى ئىدى . ئەمما ، ئۇنىڭدىن ئىلگىرى ئۇ

---

① مۇپاسسان — (1850 — 1893 ) فرانسىيىلىك مەشھۇر يازغۇچى . ئۇنىڭ «ھايات» ، «چىرايلىق دوست» ناملىق رومانلىرى ئۇيغۇرچىغا تەرجىمە قىلىنغان . بۇ تېكىست ئۇنىڭ شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى نەشر قىلغان «دونداق» ناملىق ھېكايىلەر توپلىمىدىن ئېلىندى .

ئائىلىمىزدىكىلەر ئۇچۇن زور بالايىئاپەت ھېسابلىناتتىكەن .
ئېيتىشلارغا قارىغاندا ، ئۇ تاپتىن چىقىپ ، نۇرغۇن پۇلنى بۇ-
زۇپ- چېچىۋەتكەنىكەن . يوقسۇللار ئۇچۇن بۇ ناھايىتى ئېغىر گۇناھ
ھېسابلىنىدۇ . باي ئائىلىلەردە ئۇيۇن - تاماشىنى دەپ پۇلنى سورىغان-
لارنى كىشىلەر «بەگزادە» دەپ كولدۇشۇپلا ئۆتكۈزۈۋېتىشىنى بىلەن ،
نامرات ئائىلىگە نىسبەتەن ، ئاتا - ئانىسىنىڭ ئازغىنە كۆتۈنۈش پۇلى-
نى بىرىشكە قىستىغانلار ئەبلەخ ، لۈكچەك ، نان قېپى ھېسابلىنىدۇ .
ژيول تاغام ئۆزىگە تېگىشلىك مىراسنى بۇزۇپ - چېچىپ تۈگەتكەندىن
كېيىن ، يەنە دادامغا تېگىشلىكىنىڭمۇ خېلى كۆپ قىسمىنى ئىگىلە-
ۋالغانىكەن .
كىشىلەر شۇ مەزگىلنىڭ ئادىتى بويىچە ، ئۇنى خاپىردىن نيۇيوركقا
بارىدىغان سودا پاراخوتى بىلەن ئامېرىكىغا ماڭغۇزۇۋەتكەنىدى .
ژيول تاغام ئۇ يەرگە بېرىپلا نېمە سودا - سېتىق بىلەن شۇغۇللان-
دىكىن ، ئۇزاق ئۆتمەيلا ئاز - تولا پۇل تاپقانلىقى ھەمدە دادامنىڭ
زىيىنىنى تۆلەپ بېرىدىغانلىقى ھەققىدە خەت يېزىپ ئەۋەتىپتۇ . بۇ
خەت ھەممىمىزنى روھلاندۇرۇۋەتتى . شۇنىڭ بىلەن ھېچكىم كۆزگە
ئىلمايدىغان ژيول بىردىنلا ۋىجدانلىق ، پاك ئادەم بولۇپ قالدى .
بىر پاراخوت باشلىقى بىزگە ژيولنىڭ چوڭ بىر دۇكاننى ئىجارى-
گە ئېلىپ ، كاتتا سودىغا كىرىشىپ كەتكەنلىكىنى دەپ بەردى .
ئىككى يىلدىن كېيىن ئۇنىڭدىن يەنە بىر پارچە خەت كەلدى .
خېتىدە : «سۆيۈملۈك پىلىپ ، مېنىڭدىن ئەنسىرىمەسلىكىڭ ئۈچۈن
بۇ خەتنى يېزىۋاتىمەن . مەن ساق - سالامەت ، سوداممۇ شۇنداق
يۈرۈشۈۋاتىدۇ . ئەتە مەن جەنۇبىي ئامېرىكىغا ئۇزاق ساياھەتكە چىق-
ماقچى . ئېھتىمال ساڭا بىرنەچچە يىلغىچە خەت يازالماسلىقىم مۇم-
كىن . راستىنلا خەت يازالماي قالسام ، مەندىن ئەنسىرەپ يۈرمە-
گىن . بېيىسامىلا خاپىرغا قايتىمەن . بۇنىڭغا ئۇزاق ۋاقىت كەتمەس
دېگەن ئۈمىدتىمەن . ئەنە شۇ چاغدا بىز بىللە شاد - خۇرام ياشايمىز »

دەپتۇ .

بۇ خەتنى ئۆيىمىزدىكىلەر خۇددى ئىنجىلدەك بىلىپ ، بىكار بولۇپ قالسىلا ئوقۇيدىغان ، ئۇنىڭ ـ بۇنىڭغا كۆرسىتىدىغان بولدۇق .

دەرۋەقە ، ئون يىلدىن ئېشىپمۇ ژيول تاغامدىن خەت كېلىپ باقمىدى . لېكىن ، دادامنىڭ ئۈمىدى بارغانچە كۈچەيمەكتە ئىدى . ئاپام پات ـ پات : «ئاق كۆڭۈل ژيول قايتىپ كېلىدىغانلا بولسا ، بىزنىڭ كۈنىمىز ياخشىلىنىپ كېتىدۇ . ئۇنىڭ قولىدىن ھەقىقەتەن ئىش كېلىدۇ» دەپ قوياتتى .

شۇنىڭ بىلەن يەكشەنبە كۈنلىرى چوڭ پاراخوتلارنىڭ ئۆپۈقتىن قارا ئىس پۈركۈپ كېلىۋاتقانلىقىنى كۆرسىلا يەنە شۇ ئادەت بولۇپ كەتكەن كونا گېپىنى تەكرارلاپ : «ھەي ! ژيول مۇشۇ پاراخوتتا بولۇپ قالسا قانداق ياخشى بولاتتى ـ ھە !» دەيدىغان بولدى .

شۇنداق چاغلاردا ھەممىمىزگە ئۇ خۇددى قولياغلىقىنى پۇلاڭلىتىپ : «ھوي ! پىلىپ !» دەپ توۋلايدىغاندەكلا بىلىنىپ كېتەتتى .

تاغامنىڭ دۆلەتكە قايتىپ كېلىشى تېخىچە مىڭ ـ مىڭ گەپ بولسىمۇ ، ئەمما ئۆيدىكىلەر نۇرغۇن پىلانلارنى تۈزۈپ قويۇشتى ، ھەتتا بۇ تاغامنىڭ پۇلىغا بىر داچا سالماقچىمۇ بولۇشتى . كىم بىلىدۇ ، دادام بۇ ئىشنى ئاللىبۇرۇن توغرىلاپ قويدىمۇ تېخى .

ئۇ چاغدا چوڭ ھەدەم 28 ياشتا ، كىچىك ھەدەم 26 ياشتا ئىدى . ھەر ئىككىلىسىگىلا لايىق چىقمىغانلىقتىن ، ئۆيىمىزدىكىلەرنىڭ بېشى بەك قېتىۋاتاتتى .

ئاخىر كىچىك ھەدەمگە بىر لايىق چىقتى . ئۇ خىزمەتچى بولۇپ ، كۆپ پۇلى بولمىغىنى بىلەن ، سەممىي ، ئىشەنچلىك ئىدى . مەن بۇ يىگىتنىڭ ئىككىلەنمەيلا توي قىلىش تەلىپىنى قويۇشىغا چوقۇم بىر كۈنى ئۇنىڭغا ژيول تاغامنىڭ خېتىنى كۆرسەتكەنلىكىمىز سەۋەبچى بولغان ، دەپ قارايتتىم .

ئۆيىمىزدىكىلەر ئۇنىڭغا دەرھال ماقۇل جاۋاب بەردى ھەمدە توي-

دىن كېيىن ھەممىمىز جېرسېي ئارىلىغا ① ساياھەتكە بارىدىغان بول-
دۇق . جېرسېي ئارىلى يوقسۇللار ساياھەت قىلىشقا ئەڭ باپ كېلىد-
غان جاي بولۇپ ، ئەنگلىيىنىڭ باشقۇرۇشىغا تەۋە ئىدى . يول يىراق
ئەمەس ، كىچىك پاراخوتقا چىقىپ دېڭىزدىن ئۆتسىلا بارغىلى بولاتتى .
شۇڭا ، فرانسىيىلىكلەر پاراخوتتا ئىككى سائەت ماڭسىلا قوشنا دۆلەت-
كە بېرىپ ، بۇ دۆلەتتىكى مىللەتلەرنى كۆرەلەيتتى ھەمدە برىتانىيە
دۆلەت بايرىقى② قاپلىغان بۇ ئارالدىكى ئۆرپ ـ ئادەتلەر ھەققىدە تەتقى-
قات ئېلىپ بارالايتتى .

جېرسېيغا بېرىشقا تولا تەقەززا بولۇپ ، چۈشىمىزدىمۇ شۇنى
چۈشەيدىغان بولدۇق . ئاخىر يولغىمۇ چىقتۇق . پاراخوتقا چىقىپ ،
ئاسما كۆۋرۈكنى ئارقىمىزدا قالدۇرۇپ ، يېشىل مەرمەر تاشتەك كۆ-
رۈنىدىغان تىنىق دېڭىزدا يىراق بىر جايغا قاراپ ماڭدۇق . سەپەرگە
ئاز چىقىدىغان كىشىلەرگە ئوخشاشلا بىزمۇ بۇ ئىشتىن ناھايىتى
خۇشال ھەم مەغرۇر ئىدۇق .

دادام تۇيۇقسىز ئىككى جانابنىڭ چىرايلىق ياسىنىۋالغان ئىككى
خانىمنى ئۈستىبېر قۇلۇلىسى بىلەن مېھمان قىلىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ
قالدى . كىيىملىرى جۇل ـ جۇل ، قېرى بىر ماتروس پىچاق بىلەن
ئۇ جانابلارغا قۇلۇلىلەرنىڭ قېپىنى يېرىپ بېرىۋاتاتتى . ئۇلار بولسا
قۇلۇلىلەرنى خانىملارنىڭ ئالدىغا قويماقتا ئىدى . خانىملار كۆڭلەكلە-
رىنى پاسكىنا قىلىۋەتمەسلىك ئۈچۈن ، ئالدىغا ئازراق ئېگىلىپ ،
قۇلۇلىلەرنى ئەپچىل قولياغلىقى بىلەن سۈرتەتتى ، ئاندىن قۇلۇلە
قېپىنىڭ ئىچىدىكىنى شورىۋېلىپ ، قېپىنى دېڭىزغا چۆرۈيتتى .

دادام بۇ ئېسىلزادە خانىملارنىڭ بۇنداق سىپايىلىك بىلەن قۇلۇلە
يېيىشىگە زوقى كەلدى بولغاي ، ئاپام بىلەن ئىككى ھەدەمنىڭ قېشىغا
كېلىپ :

---

① ئىنگلىز بوغۇزىدىكى كىچىك بىر ئارال ، فرانسىيىنىڭ غەربىي شىمالىدا .
② ئەنگلىيە دۆلەت بايرىقى .

— سىلەرگە ئۆيسىتىر قولۇلىسى ئېلىپ بېرەي ، يەمسىلەر ؟ —
دېدى .

ئاپام پول كېتىشىدىن قورقۇپ سەل ئىككىلىنىپ قالدى . لې-
كىن ، ئىككى ھەدەم يەيلى دەپ تۇرۇۋالغاچقا ، ئاپام ئامالسىز :

— مېنىڭ ئاشقازىنىمغا زىيان قىلىدۇ ، باللارغىلا بىرنەچچە تال
ئېلىپ بېرىڭ . جىق ئالماڭ جۇمۇ ، كۆپ يېسە ئاغرىتىپ قويىدۇ ، —
دېدى . ئاندىن بۇرۇلۇپ ماڭا قاراپ ، — يۇزىف بۇ نەرسىنى يېمىسىمۇ
بولىدۇ . بولمىسا ئوغۇل بالىنى يامان ئۆگىتىپ قويىسىز ، — دەپ
قوشۇپ قويدى .

مەن بۇنداق تەڭسىز مۇئامىلىدىن رەنجىگەن بولساممۇ ، ئامالسىز
ئاپامنىڭ قېشىدا قالدىم . كۆزلىرىمنى بولسا مەغرۇر ھالدا ئىككى
قىزى بىلەن كۆيئوغلىنى باشلاپ جول - جول كىيىملىك قېرى
ماتروسنىڭ قېشىغا كېتىۋاتقان دادامدىن ئۈزەلمەيتتىم .

دادام بىردىنلا ئەندىكىپ كەتكەندەك ، بىرنەچچە قەدەم يانغا داجى-
دى - دە ، قولۇلە ساتقۇچىنىڭ قېشىدا قىستىلىشىپ تۇرغان قىزلىرى
بىلەن كۆيئوغلىغا ئالىيىپ قاراپ قويدى . ئاندىن ئىتتىك بىزنىڭ
قېشىمىزغا قايتىپ كەلدى . ئۇنىڭ چىرايى تاتىرىپ كەتكەن ، كۆزلى-
رى ئۆمىسلا ئىدى .

— قىزىق ئىش ! بۇ قولۇلە ساتقۇچى ژيولغا ئەجەب ئوخشايدا ! —
دېدى ئۇ ئاپامغا پەس ئاۋازدا .

— قايسى ژيولنى دەيسىز ؟ — دېدى ئاپام ئۇنىڭ گېپىنى چۈشى-
نەلمەي .

— شۇ . . . مېنىڭ ئىنىمچۇ . . . ناۋادا ئۇنىڭ ھازىر ئامېرىكىدا
بىيىپ كەتكەنلىكىنى بىلمىگەن بولسام ، چوقۇم شۇ دەپ قالاتتىمكەن ، —
دېدى دادام .

— سارالڭ بولدىڭىزمۇ ! — دېدى ئاپام قورققىنىدىن دۇدۇقلاپ ، —
ئۇ ئەمەسلىكىنى بىلىپ تۇرۇپ يەنە نېمىگە جۆيلۈيسىز ؟

بىراق، دادامنىڭ كۆڭلى يەنىلا ئارام تاپمىدى.

— كرالىس، سەن بىرىپ قاراپ باققىنا! ئەڭ ياخشىسى سەن ئۆز كۆزۈڭ بىلەن كۆرۈپ بىلىپ كەلگىن، — دېدى ئۇ ئاگا.

ئاپام ئورنىدىن تۇرۇپ قىزلىرىنىڭ قېشىغا ماڭدى. مەن ئۇ كىشىگە سىنچىلاپ قاراشقا باشلىدىم. ئۇ ھەم قېرى، ھەم مەينەت، يۈزىنى قورۇق باسقان، كۆزلىرى قولىدىكى ئىشتا ئىدى.

ئاپام قايتىپ كەلدى. مەن ئۇنىڭ تىترەۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ قالدىم.

— مىنىڭچە شۇدەك قىلىدۇ، — دېدى ئۇ قايتىپ كىلىپلا، — بىرىپ پاراخوت باشلىقىدىن سوراپ بېقىڭ. ئەمما، شۇنىڭغا ئاگاھ بولۇڭكى، بۇ چۈپرەندە بىزگە چاپلىشىۋالمىسۇن يەنە!

دادام دەررۇ ماڭدى. بۇ قېتىم جىددىيلىشىپ كەتكىنىمدىن ئۇ. نىڭغا ئەگىشىپ ماڭدىم. دادام تولىمۇ تۈزۈتلۈك ھالدا پاراخوت باشلى. قىغا يېقىنلىشىپ، ئۇنىڭدىن ئۇنىڭ كەسپىگە دائىر ئىشلارنى، مەسى. لەن، جىرسىي مۇھىم جايمۇ، ئۇ يەردىن قانداق مەھسۇلاتلار چىقى. دۇ، ئاھالىسى قانچىلىك، ئۆرپ - ئادىتى قانداق، يېرى مۇنبەتمۇ دېگەندەك ئىشلارنى سورىدى. ئاندىن بىز چۈشكەن «ئالاھىدە تېز نومۇرلۇق» پاراخوت توغرۇلۇق سۆزلەپ، گەپنى پاراخوتتىكى خادىم. لارغا يۆتكىدى. ئاخىرىدا دادام گەپنىڭ پوسكاللىسىنى ئېيتىپ:

— پاراخوتىڭىزدىكى قولۇلە ساتقۇچى ماڭا قىزىق تۇيۇلدى. سىز ئۇنىڭ تېگى - تەكتىنى بىلەمسىز؟ — دەپ سورىدى.

پاراخوت باشلىقى دادامنىڭ گەپلىرىدىن بىزار بولۇپ تۇرغاچقا، سوغۇقلا جاۋاب بەردى:

— مەن بۇ مۇساپىر بوۋاينى بۇلتۇر ئامىرىكىدا ئۇچرىتىپ قې. لىپ، ئۆز ۋەتىنىگە ئالغاچ كەلگەندىم. ئۇنىڭ خافىردا تۇغقانلىرى بارمىش، لېكىن ئۇلارغا قەرزدار بولغاچقا قايتىپ بارغۇسى يوقكەن. ئىسمى ژيول، فامىلىسى دارمانىسمۇ ياكى دافرانىسمۇ، ئىشقىلىپ مۇ.

شۇنىڭغا يېقىن بىرنېمە. ئېيتىشىچە، ئۇ تەرەپلەردە بىر مەزگىل پاياشات ياشىغانمىش، لېكىن هازىر ئۇنىڭ قانداق كۈنگە قالغانلىقىنى كۆرۈپ تۇرۇپسىز!

دادام چىرايى تاتىرىپ، كۆزلىرى ئالاق ـ جالاق بولۇپ كەتتى.

— ھە! ھە! ئەسلىدە... ئەسلىدە مۇنداقكەندە... بۇرۇنلا شۇنداقلىقىنى پەملىگەنىدىم!... رەھمەت سىزگە پاراخوت باشلىقى!— دېدى دادام دۇدۇقلىغىنىچە.

ئۇ ئاپامنىڭ قېشىغا قايتىپ كەلگەندە چىرايى بوّلەكچىلا بولۇپ كەتكەنىدى.

— تېز ئولتۇرۇۋېلىڭ، ئۇ كۆرۈپ قالمىسۇن يەنە، — دېدى ئاپام دەرھال.

— شۇ ئىكەن، دەل ئۆزىكەن! — دېدى ئۇ ئۆزۈن ئورۇندۇققا ئولتۇرۇپ دۇدۇقلىغىنىچە. ئاندىن، — ئەمدى قانداق قىلساق بولىدىكىن؟ — دەپ سورىدى.

— باللارنى ئۇ يەردىن دەرھال قايتۇرۇپ كېلەيلى، — دېدى ئاپام دەرھال جاۋاب بېرىپ، — يوزىنى بىلىپ بولغاندىكىن، شۇ بېرىپ قايتۇرۇپ كەلسۇن. بولۇپمۇ، بۇ ئىشنى كۈيئوغلىمىز بىلىپ قالمىسۇن.

دادام تولىمۇ بىچارە ھالەتتە:

— ماۋۇ كېلىشمەسلىكنى كۆرۈڭ! — دەپ غودۇڭشىپ قويدى.

— مەن بۇرۇنلا بۇ ئوغرىنىڭ ئادەم بولمايدىغانلىقىنى، ھامان بىر كۈنى قايتىپ كېلىپ بىزگە ئۆلۈكنى ئارتىدىغانلىقىنى بىلەتتىم، — دېدى ئاپام بىردىنلا تىرىكىپ، — پۇلنى يوزىغا بېرەيلى، ئۇ بېرىپ قولۇلىنىڭ پۇلىنى تۆلىۋەتسۇن. ھېلىمۇ ئۇنىڭ دەردىنى ئاز تارتمىدۇق. ئاۋادا ئۇ نان قېپى بىزنى تونۇپ قالسا، بۇ پاراخوتتىكىلەرگە تاماشا قىلىپ بېرىمىز. شۇڭا، ئاۋۇ باشقا كېتىپ، ئۇنىڭ كۆزىدىن يىراق تۇرايلى! — ئاپام شۇنداق دەپ بولۇپلا ئىتتىك ئورنىدىن

تۇرۇپ ، ماڭا بەش فرانكلىق تەڭگىنى بەردى ـ دە ، نېرى كەتتى .

— ئەپەندى ، سىزگە نەچچە بېرىمەن ؟— دەپ سورىدىم قولۇمغا سانقۇچىدىن .

— ئىككى فرانك ئەللىك سانتىم ، — دېدى ئۇ .

مەن بەش فرانكلىق تەڭگىنى بەرگەنىدىم ، ئۇ پارچە پۇل ئىز. دەشكە باشلىدى .



مەن ئۇنىڭ قوللىرىغا قارىدىم . ئۇنىڭ قوللىرى ماتروسلارنىڭ

كىدەك قورۇق بىلەن تولۇپ كەتكەنىدى . ئاندىن ئۇنىڭ يۈزىگە قاردىم . ئۇنىڭ قېرى ، نامرات چىرايىدىن غېرىبلىق ، بىچارىلىك چىقىپ تۇراتتى . «مانا بۇ مېنىڭ تاغام ، دادامنىڭ ئىنىسى ، مېنىڭ ئۆز تاغام» دەپ ئويلىدىم مەن .

مەن ئۇنىڭغا ئون يارماقنى ئارتۇق بەردىم . ئۇ دەرھال ماڭا مىننەتدارلىق بىلدۈرۈپ :

— پەرۋەردىگار ئامانلىقىڭىزنى بەرسۇن خوجام ئۇكام ! — دېدى .

ئىككى فرانكنى دادامغا قايتۇرۇپ بەرگەنىدىم ، ئاپام ھەيران بولۇپ :

— ئۈچ فرانكلىق يەپتىمۇ؟ بۇ مۇمكىن ئەمەس ، — دېدى .

— ئۇنىڭغا ئون يارماق چاي پۇلى بەردىم ، — دېدىم مەن .

ئاپام چۆچۈپ كەتتى . ئاندىن ماڭا ئالايغىنىچە :

— ساراڭمۇسەن ! ئاشۇنداق لۈكچەككىمۇ ئون يارماقنى بېرەمدىغان ! — دەپ قايناپلا كەتتى . بىراق ، دادامنىڭ كۆيئوغۇل كەلدى ، دەپ ئىشارەت قىلىشى بىلەن گېپىنىڭ ئاخىرىنى دېيەلمىدى .

شۇنىڭدىن كېيىن ھەممىمىز جىمىپ كېتىشتۇق .

ئالدىمىزدىكى يىراق ئۇپۇقتا كۆكۈچ شولا دېڭىزدىن ئۆرلەپ چىقىۋاتقاندەك كۆرۈندى . ئۇ دەل جېرسېي ئارىلى ئىدى .

قايتىشىمىزدا ئۇنىڭغا يەنە ئۇچراپ قالماسلىق ئۈچۈن سايىنت مالو[1] دېگەن پاراخوتقا چۈشتۇق .

## مۇھاكىمە ۋە مەشىق

1 . ھېكايە بىرىنچى شەخس تىلىدا يېزىلغان بولۇپ ، «مەن»نىڭ بىغۇبار كۆزلىرى ئارقىلىق 19 ـ ئەسىر فرانسىيە جەمئىيىتىدىكى

① فرانسىيىنىڭ غەربىي شىمالىدىكى پورت . بۇ يەردە پاراخوت نامى بولۇپ كەلگەن .

كىشىلىك مۇناسىۋەت ھەقىقىي رەۋىشتە كۆرسىتىلگەن . ھېكايىدىكى
باش قەھرىمان زادى كىم ؟ بەزىلەر ژيول دەپ جاۋاب بەرسە ، بەزىلەر
پىلىپىنىڭ ئاتا ـ ئانىسى دەپ قارىشىدۇ . يەنە بەزىلەر «مەن» دېيىشىدۇ.
سىز چىچۇ ؟ تېكىستنى ئەستايىدىل ئوقۇپ ، ئۆز قارىشىڭىزنى سۆزلەپ
بېقىڭ ھەمدە بۇ ھەقتە ساۋاقداشلىرىڭىز بىلەن مۇزاكىرىلىشىڭ.
مۇزاكىرىلەشكەندە ، ئۆز قارىشىڭىزنى سۆزلەش بىلەن بىللە ، باشقى
لارنىڭ قارىشىنى ئاڭلاشقىمۇ دىققەت قىلىڭ .

2 . مۇپاسساننىڭ ھېكايىلىرىنىڭ چۇشۇرگىسى ئۆزگىچىلىكك
ئىگە بولۇپ ، ۋەقەلىكتە دائىم تۇيۇقسىز بۇرۇلۇش ياساپ ، ئويلىمىغان
يەردىن چىقىدۇ ، ئەمما ئەقىلگە مۇۋاپىق . شۇڭا ، ئالاھىدە جەلپ
قىلارلىق بەدىئىي سېھرىي كۈچكە ئىگە . تېكىستنىڭ چۇشۇرگىسىد
كى «مەن»نىڭ ئاتا ـ ئانىسىنىڭ ژيول بىلەن تاسادىپىي ئۇچرىشىپ
قالغانلىق ۋەقەلىكىنى تەپسىلىي ئوقۇپ ، بۇنىڭ تېكىستتە قانداق
ئۈنۈم ياراتقانلىقىنى سۆزلەپ بېقىڭ . ئەگەر قىزىقسىڭىز ، مۇپاسسا
نىڭ باشقا ھېكايىلىرىنى ئوقۇپ ، سېلىشتۇرۇپ كۆرۈپ باقسىڭىزمۇ
بولىدۇ .

3 . ھېكايىدىكى بەزى سۆزلەر ئادەتتىكىچە كۆرۈنسىمۇ ، ئۇنىڭ
دىن ئوبرازنى ، ھەقىقىي ھېسسىياتنى بىلىۋېلىش ئاسان ئەمەس.
تۆۋەندىكى ئابزاسنى ئىنچىكە ئويلىنىپ ، قانداق ئوقۇش كېرەكلىكى
ھەققىدە پىكىر يۈرگۈزۈڭ .

«مەن ئۇنىڭ قوللىرىغا قارىدىم . ئۇنىڭ قوللىرى ماتروسلارنىڭ
كىدەك قورۇق بولۇپ كەتكەنىدى . ئاندىن ئۇنىڭ يۈزىگە قارىدىم.
ئۇنىڭ قېرى ، نامرات چىرايىدىن غېرىبلىق ، بىچارىلىك چىقىپ تۇ
راتتى . «مانا بۇ مېنىڭ تاغام ، دادامنىڭ ئىنىسى ، مېنىڭ ئۆز تاغام»
دەپ ئويلىدىم مەن . »

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com

# 12 . پالۋان كەلدى

## تېيىپجان هادى[1]

1

سۇمبۇلە ئېيىنىڭ باشلىرى ، قىيامدىن ئېگىلگەن ئوچۇق كۈن غۇلجا شەھىرىنىڭ ئۈستىدە يالتىرايتتى . بەيتۇللا جامەسىنىڭ تاشقىرىقى دەرۋازىسىدىن زىندانغىچە سوزۇلغان مەيداندا جۈمە نامىزىدىن يانغان جامائەت مىغىلدىشىپ ، جامەنىڭ ئىچىگە قاراپ تۇراتتى . دەرۋازا ئىچىدىن يۇرت چوڭلىرى سىپايە هالدا چىقىپ كېلىشىۋاتاتتى . توپ دەرهال ئىككىگە بۆلۈنۈپ يول ئېچىپ ، ئەدەپ بىلەن قول قوشتۇرۇپ ، باشلىرىنى ئېگىپ ئېھتىرام بىلدۈرۈشتى . ئېگىز بوي ، كەكە ساقال ، دوقا ماڭلاي ، يېشى ئاتمىشتىن هالقىغان مەزەمزات هېكىم كىمخاب تۇماق ، مۇۋۇت پەرىجە كىيگەن هالدا غادىيىپ ، ھەممىنىڭ ئالدىدا كىبىرانە قەدەم تاشلاپ چىقىۋاتاتتى . ئۇنىڭ ئىككى تەرىپىدە ئاپئاق ساقال ، سېرىق يىپەك سەللىلىك موللا ناسىر ئەئلەم ئاخۇن ، كەڭ ماڭلاي ، قوي كۆز ، قىسقا قارا ساقال ، بېشىغا ئۇرە مۇۋۇت تۇپە كىيگەن ئابدۇرۇسۇل شاغىبەگ ۋە باشقا يۇرت ئۆلىمالىرى ياندىشىپ كەلمەكتە ئىدى .

جامەنىڭ شىمالىي دوقمۇشىدا ئېگەر ـ جابدۇقلىرى ياسداق ، سېمىز ، چىرايلىق بوز ئات باغلاقلىق ئورنىدا تىپىچەكلەپ تۇراتتى . يامۇل خىزمەتچىلىرى توپنىڭ ئالدىدا كېلىۋاتقان مەزەمزات هېكىمنى

---

① تېيىپجان هادى (1925 — 1989) — غۇلجا شەھىرىدە تۇغۇلغان . يازغۇچى . تارىخچى . «چورۇق هېكىم» ناملىق هېكايىلەر توپلىمى نەشر قىلىنغان .

كۆرۈپ، دەرھال ئاتنى ئۇنىڭ يېنىغا ئېلىپ كەلدى. شۇ ئەسنادا ھەممىنىڭ دىققىتىنى ئۆزىگە تارتىپ شەنگەن يامۇل تەرەپتە جاڭ - جاڭ قىلغان كۈچلۈك جاڭ ئاۋازى كۆتۈرۈلدى. مەزەمزات ھېكىمنىڭ خىيالى بۆلۈندى، قول ئىشارىتى بىلەن ئاتنى بىر پەس نېرىراق تۇتۇپ تۇرۇشنى بۇيرۇپ، جاڭ ئاڭلانغان شەنگەن يامۇل تەرەپكە قارىۋىدى، گۈرەن تومۇرلىرىنى كۆپتۈرۈپ جېنىنىڭ بارىچە توۋلاپ، جاڭ ئۇرۇپ كېلىۋاتقان باقى لوزۇڭغا كۆزى چۈشتى. ئۇ يان تەرىپىدە چېرىكچە ئالا - بۇلىماچ كىيىم كىيگەن، بويۇنلىرىغا ئۇزۇن قىلىچ ئېسىپ، پۇتىغا گوجەينى گۈل چىقىرىپ يۆگىگەن تۆت چېرىك بىلەن كېلىۋاتاتتى. باقى لوزۇڭ مەزەمزات ھېكىمنى كۆرگەندىن كېيىن، ئادەت بويىچە ئوڭ قولىنى كۆكسىگە ئېلىپ، سالام بەجا كەلتۈرۈپ، قۇللۇق قىلدى ۋە ئۇنىڭ جاۋاب سالىمىنى ئىجازەت بىلىپ قولىدىكى جاڭنى قاتتىق بىر - ئىككى ئۇرغاندىن كېيىن، كۆپچىلىككە ۋارقىرىدى:

— ئەييۇھەنناس، ئاڭلىمىدىم دېمەڭلار، خالايىق! شەنگەن دارىننىڭ بۇيرۇقى: «كېلەركى جۈمە كۈنى جۈمە نامىزىدىن كېيىن، سادىرنىڭ خوتۇنى شەرۋانىخان ئىككى بالىسى بىلەن تىرەكلىكتە چېپىلىدۇ. ياخشىلار بۇنىڭدىن ئىبرەت ئالسۇن، يامانلار ئۆز كۈنىنىڭ نېمە بولىدىغانلىقىنى بىلسۇن.» جاڭ - جاڭ - جاڭ...

تۇيۇقسىز قارا بوران بىلەن بۇلغىنىغاندەك، جۈمە نامىزىدا خۇداغا سېغىنىپ، ياخشى ئارزۇلار بىلەن كۆڭلى يورۇپ تۇرغان شەھەر ئاھالىسى ساراسىمىگە چۈمدى. ئۇلار سادىرنى ئۆز ئوغلىدەك ياخشى كۆرەتتى. شەنگەن دارىننىڭ سادىرغا تەڭ كېلەلمەي، جېنى سېزىۋاتقان قىيامەتلىك تەقدىرىدىن ئەسەبىيلىشىپ، سادىرنىڭ بىگۇناھ خوتۇن، باللىرىغا چاڭ سالماقچى بولغانلىقى ئۇلارنىڭ زۇلۇم ۋە ئازابتىن يارىلانغان قەلبىدىكى غەزىپىگە سەرەڭگە ياقتى. جامە ئالدىدىكى كۆپچىلىك شەنگەن دارىننىڭ سۇيىقەستىدىن غەزەپلىنىپ، ئۇيۇر - تۇپۇر بولۇپ كەتتى.

ئەمما ، ئۇ جاكار مەزمزات هېكىمگە تەسىر قىلمىغاندەك ئىدى . باقى لوزۇلۇڭ كاركىراپ ، جالڭ ئۇرۇپ ئالدىدىن ئۆتۈپ كەتكەندىن كېيىن ، خىزمەتكارلارغا ئىشارەت قىلىپ ئاتنى كەلتۈردى . «ئۇيناش-ماڭ ئەرباب بىلەن ، ئەرباب سالۇر هەرباب بىلەن . سەن سوگوغا شەنگەن دارىنغا پۇت ئېتىشنى كىم قويۇپتۇ ؟ — مەزەمزات هېكىم خىزمەتكارلىرىنىڭ ياردىمى بىلەن ئاتنىڭ ئۇستىدە يامۇلغا قاراپ كېتىۋېتىپ ئۆز - ئۆزىگە پىچىرلىدى ، — «ئاۋام پۇقراغا خاننىڭ ئەمرى پەرز . ئۆز ئالدىڭغا ئىش تۇتساڭ ، ئاقىۋىتىدە ئۆز بېشىڭنى يەيسەن ، گاداي . سوگودا كاللا نېمە قىلسۇن - هە ، يوق - يوق !»

موللا ناسىر ئەئلەم ئاخۇنۇم مەزەمزات هېكىمنى ئۆز ئۆيىنىڭ ئۇدۇلىغىچە ئۇزىتىپ كەلدى - دە ، قىسقىغىنا خوشلىشىپ ئۆيىگە — يان كوچىغا بۇرۇلدى . ئەئلەمنى مۇشۇ سائەتتە ئۆزىدە ناهايىتى ئاز ئۇچ-رايدىغان جىددىيلىك باسقانىدى . ئۇ ئىشىكى ئالدىدا پەرىشانلىق بىلەن بىر هازا تۇرۇپ قالدى ، قوشۇمىلىرىنى تۈرۈپ يادىغا بىر ئىشنى ئالدى - دە : «كىمىكى هەق يولىدا خالىس جەڭ قىلسا ، ئۇ جەننەتتى» دېگەن مەنىدە بىر ئايەتنى ئۈنلۈك ئوقۇپ بوسۇغا ئاتلاپ هويلىغا كىردى .

ئەمىر ئابدۇرۇسول شاغىبەگ جاكارچىنىڭ هەربىر سۆزىنى خۇد-دى ئۆزىگە قارىتىپ ئېيتىلىۋاتقاندەك دىققەت هەم چىدام بىلەن ئاڭلى-دى . تەمكىن بۇرۇلۇپ توپقا نەزەر تاشلىدى . نۇرغۇن كىشىلەر بۇ جاكاردىن خۇددى ئۆزىگە ئوخشاش غەزەپلىنىۋاتقانلىقىنى هېس قى-لىپ ، مەزەمزاتنى سوغۇققىنا ئۇزىتىپ قويۇپ ، كىشىلەرنىڭ سالام-سەھەتلىرىگە سۇسلا جاۋاب بېرىپ ، ئۆز ئۆيىگە قايتىپ كەلدى . پېشاي-ۋاندا قارشى ئېلىپ ، ئالدىغا چىققان ئاغىچىغا مووۇت تۆپىسى ۋە پەرىجىسىنى تۇتقۇزۇپ ، ئارتۇقچە گەپ - سۆز قىلماي مېهمانخانىغا كىردى . ئۇ ئۆيىنىڭ تۆرىدىكى كارىۋاتقا جەينىكى بىلەن تايىنىپ ، خىيال سۈرۈپ ئولتۇرۇپ قالدى : «ئەلنىڭ يىغىسىنى يىغلاپ ، ئوتىدا

كۆيۈپ ، سۈيىدە ئاققانلارنى سوگو ، ئوغرى ، بۆزۆق ؛ ئەلنىڭ ئۈستىدە ئات چاپتۇرۇپ ، گۆشىنى شىلىپ ، قېنىنى شورىغانلارنى بولسا بەگ ، ئۇلۇغ دېيىشىدۇ ، — دەپ ئويلايتتى ئۇ ، — ھەي ، بۇ جاھاندا ئادالەت ، ئىنساپ قالمىدى . ھوسۇل[1] ئېلىگىرى سەككىز خو ئىدى ، ھازىر ئون ئالتە خوغا چىقتى . دېھقانىنىڭ ھالىغا ۋاي ، بىر يىل قاتتىق ئىشلەپ ئارا - گورجەكنى قورۇق قوچاقلاپ قېلىش تەقدىرىدىن قۇتۇلالمايۋاتىدۇ . سادىر قوزغىلىپ ياخشى قىلدى » .

2

شەنگەن يامۇلنىڭ ئارقىسىدىكى شەنگەن سارىيىدا قىزىل سىرلانغان ئۈستەل قويۇلغانىدى . شەنگەن ئۆز ئادىتى بويىچە ئۈستەلگە داستىخان سالمىدى . كىچىك - كىچىك تەخسىلەردە ناۋات ، ياڭاق مېغىزى ، قارا گازىر ، خاسىڭ ھەم كۆك كىشمىشلەرنى تىزىپ ، ئۈستەلنىڭ ئۈستىنى تولدۇرۇۋەتكەنىدى . ئۈستەل ئەتراپىغا يوغلىرى ئۆسكىلەڭ ، كىچىكرەك ئېيىق تېرىسى ۋە قىزىل رەخت بىلەن ئەسەرلەپ ، چۆرىسىگە جىيەك تۇتقان يىلپىز تېرىسى سېلىنغان ، ئۇنىڭ ئۈستىدە پۇتىغا قېلىن چەملىك خەي ، ئۇچىسىغا تەيجىلەر[2] كىيىدىغان سارغۇچ گۈللۈك تاۋار پەرىجە كىيىپ ، ئۇزۇن ، يالغۇز ئۆرۈمە چېچىنى ئارقىسىغا تاشلاپ مەزەمزات ھېكىم ئولتۇراتتى . ئۈستەل يېنىدا ئۇزۇن ئۆرۈمە چېچىنىڭ ئۈستىدىن قالپاق جوڭزا كىيىۋالغان ، يېشى ئەللىكتىن ئاشقان ، قىسىق كۆز شەنگەندىن باشقا ئابدۇرۇسۇل شاغىبەگمۇ بار ئىدى .

— پېقىرغا مۇشۇ يېقىندا ئۈرۈمچى جياڭجۈنى جانابلىرى ھەم كۇرە ئۇلۇغىمىزدىن نۇرغۇن مەكتۇپلار كەلدى ، — شەنگەن مېھمانلارنى ئۈستەلدىكى نازۇ نېمەتكە تەكلىپ قىلدى ۋە ئەجدىھا سۈرەتلىك

---

① ھوسۇل — مانجۇ ھاكىمىيىتى ۋاقتىدىكى دېھقانچىلىق بېجى ئاشۇنداق ئاتالغان .
② تەيجى — مانجۇ ئەمەلدارلىرىنىڭ مەنسەپ دەرىجىسى .

پىيالىنىڭ ئاغزىنى سەل سۈرۈپ قويۇپ، چايدىن بىر يۇتۇم ئوتلاپ
سۆزىنى داۋام قىلدى، — بۇ مەكتۇپلارنىڭ تولىسىدا ھوسۇلنى ۋاقـ-
تىدا يىغىپ، ئورۇمچى، قۇمۇلنى ئۆزۈلدۈرمەي ئاشلىق بىلەن تەمىنـ-
لەپ تۇرۇشىمىزدا ھەرقايسىڭلارنىڭ دۆلەتكە ساداقەت كۆرسىتىپ
قىلغان ياردىمىڭلارغا تەشەككۇر بىلدۈرگەن.

بۇ گەپتىن تاۋى تاغدەك ئۆسكەن مەزەمزات ھېكىم گەۋدىسىنى
كېرىپ قىمىرلىتىپ قويدى.

— مەكتۇپلارنىڭ ئىچىدە كەمىنە خىزمەتكارلاردىن ئۇلۇغلىرىمىز
يەنە قانداق خىزمەتلەرنى كۈتىدىكىن؟ — دېدى مەزەمزات ھېكىم.

— بۈگۈن بىر يەرگە دەرقەمدە بولۇشىمىز، ئۇلۇغلىرىمىزنىڭ
سالىمىنى ھەربىرىڭلارغا يەتكۈزۈش، بىزلەر بەجا كەلتۈرۈشكە تېگىشـ-
لىك بولغان خىزمەتلەر توغرىسىدا ئاز- تولا كېڭىشىۋېلىش ئۈچۈن
ئىدى، — دېدى شەنگەن ئۆزىگە مۇلايىم كۆرۈنۈش بېرىپ.

— قېنى ئىلتىپات قىلسىلا، ئۇ خىزمەتلەرنى ئىجرا قىلىشقا
بىزلەر بېشىمىز بىلەن تەييار، شۇنداق ئەمەسمۇ شاغىبەگ جانابلىرى، —
دەپ مەزەمزات ھېكىم ئابدۇرۇسۇل شاغىبەگكە قارىدى.

— ئەلۋەتتە، — ئابدۇرۇسۇل بەگ سۇسلا جاۋاب بەردى.

— ھازىر ئورۇمچى، قۇمۇل، ماناسلاردا چېرىكلەرنىڭ سانى
كۆپەيدى. جياڭجۈن جانابلىرى كۆرە سىلىڭغا يەنە چېرىك ئەۋەتىشنى
ئىمىر قىپتۇ، بۇنىڭدىن مەقسەت — پۇقرالارنىڭ ئەمىنلىكىنى قوغـ-
داش. چېرىككە ئاش كېرەك، ئاش تېخى پۇقرانىڭ قولىدا، تۆكۈلمە-
گەن ھوسۇلنى قانداق يىغىۋېلىش ھەققىدە پىقىر جانابىڭلارنىڭ ئەقىلـ-
مەسلىھەتلىرىڭلارغا بەكمۇ موھتاج.

ئارىنى كۆڭۈلسىز جىمجىتلىق باستى. خېلىدىن كېيىن بۇ جىمـ-
جىتلىقنى بىرىنچى بولۇپ مەزەمزات ھېكىم بۇزدى ۋە سۆزگە كىرىشتى:

— پۇقرانىڭ ھوسۇلنى تۆكەلمىگەنلىكى شۇكى، ئاشلىق ئەمدە-
لەتىن ئورۇلۇۋاتىدۇ. قوشۇلغان ھوسۇلنى بالدۇرراق ئۆقتۇرمىغاـ-

— پېقىر تولۇق خەۋەردار ئىش، — دېدى مەزەمزات هېكىم بىر ئاز ئۆڭۈپ - تاتىرىپ، — بۇ سادىر سوگوننىڭ ئىچىدىن تامغان زەهەر، هوسۇلنىڭ يىغىلماسلىقىدا، بەزى پۇقرالارنىڭ بويۇنتاۋلىقى قىلىشىدا بۇ بۇزاقىنىڭ ئارقا تىرەك ئىكەنلىكىگە ئەسلا گۇمانىم يوق.

شەنگەن مەزەمزات هېكىمنىڭ مۆلچەرىنى باش ئىشارىسى قىلىپ تەستىقلىدى.

— سادىر سوگوننىڭ خوتۇنى بىلەن ئىككى بالىسى قوشۇپ چانىلىدىغانلىقى جاكار بولدى، خەۋەردار بولغانسىلەر؟

— بۇ ئىش هازىر پۈتۈن يۇرت ئەهلىگە مەلۇم.

— سادىر ئۇچىغا چىققان بۇزاقى بولغانلىقى ئۈچۈن، سىلەرنىڭ سەمىڭلارغا سالماي، بۇ هۆكۈمنى كۆرە دارىنى بىلەن چىقارغاندۇق، — دېدى شەنگەن ئاچچىقتىن چاچراپ تۇرۇپ، — ئۇنىڭ كاللىسىنى ئېلىپ كەلگەنلەرگە 1 مىليون سوپىيو[1] ئىنئام قىلىدىغانلىقىمىزنى ئېيتقانىدۇق. بۈگۈن ئۇنى تۇتۇپ كېلىش ئۈچۈن 200 باتۇر چېرىك يولغا سېلىندى. ئۇمۇ جازا مەيدانىغا كەلتۈرۈلۈپ، خوتۇن، بالا - چاقىسى بىلەن بىللە چانىلىدۇ.

سۆھبەت سادىرنىڭ خوتۇن - بالىلىرى چانىلىدىغان كۈنى ئېبرەت بولسۇن ئۈچۈن هوسۇل تۆكۈشكە بويۇنتاۋلۇق قىلىۋاتقانلار كۆپرەك قاتناشسۇن، دېگەن مەسلىهەتتىن كېيىن ئاخىرلاشتى، سۆھبەتنى يەنە داۋام قىلىشقا كۆزلىرى پورۇلۇپ قىزارغان، ئەسەبىيلىشىپ تىترەك ئولاشقان شەنگەن بەرداشلىق بېرەلمەيتتى، بۇنىڭدىن ئۇنىڭ ئەپيۇن خۇمارىنىڭ قىستىغانلىقى مەلۇم ئىدى، ئۇستەل ئەتراپىدىكىلەر ئۆزىنى بىلىپ، ئاستا ئورنىدىن قوزغالدى. شەنگەن مېهمانلىرىنى ئۇزىتىپ قويغاندىن كېيىن هۇجرىغا كىرىپ، تەييار تەكيىگە

① سوپىيو — شۇ چاغدىكى هۆكۈمەت تارقاتقان پۇل.

جېنەكلەپ، شولانغان ئەپيۈننى كۆزلىرىنى قىسىپ تۇرۇپ، قوۋۇزلىرىنى ئىچىگە تارتىپ، ئاچ كۆزلۈك بىلەن شوراشقا باشلىدى.

3

سۈبھى كۆتۈرۈلۈپ، تاڭ ئەمدىلا غۇۋۋا يورۇشقا باشلىغانىدى. سەھەرنىڭ سالقىن شامىلى شەبنەم باسقان ئوتلار ئۈستىدىن غۇر - غۇر ئۇچماقتا. ئەتراپ جىمجىت، پەقەت سەھەرچى تورغايلارنىڭ كۆكلەمەيدانلىق ئۈستىدىن غۇيۇلداپ ئۇچۇپ «چۇق - چۇق» لىغان ئاۋازى يېڭى بىر تاڭنىڭ باشلانغانلىقىدىن دېرەك بېرەتتى.

سادىر پالۋان يىگىرمىچە ئاتلىق كىشىنى ئەگەشتۈرۈپ، تاڭ سەھەردە روزىمەتيۈزىنىڭ ئاقئۆستەڭ قويغىنى ئاستىدىكى چوڭ كۆۋرۈكتىن ئۆتتى. شەھەر يولىنىڭ كۈنپېتىش تەرىپىدىكى قوناقلىقنىڭ يېنىغا كەلگەندىن كېيىن، ئاتلارنى بىر ئاز سوۋۇتۇپ، تاسما چۇلۇۋۇرلىرى بىلەن چۇشەپ، ئوتقا قويۇشۇپ، ئۆزلىرى يانپاشلاپ ئارام ئېلىپ يېتىشتى.

سادىر مانجۇ زالىملىرىغا قارشى ئىسيان كۆتۈرگەندىن كېيىن ئۈچ قېتىم زىندانغا تاشلاندى، قۇمۇلغا پالاندى. ئاخىر ئۇ تۆمۈر قەپەستىن ئۇچۇپ چىققان قۇشتەك قۇتۇلۇپ چىقىپ، ئىلگىرىكىدىن نەچچە ھەسسە زور غەزەپ ۋە نەپرەت، ئاجايىپ قەھرىمانلىق بىلەن كۈرەشكە ئاتلاندى. شەڭگەن ئەسەبىيلىشىپ، سادىرنى تىرىك تۇتۇپ كەلگەنلەرگە 1 مىليون سوپىيو مۇكاپات بېرىشنى جاكار قىلدى، ئىز قوغلاپ يېزا - قىرلارغا چىققان چېرىكلەر گوجەيلىرىنى سۆرەپ، ئاغزى - بۇرنى قان، ئاقساق - چولاق بولۇپ، دەلدەڭشىپ شەھەرگە ئارانلا كىرىۋالاتتى ياكى قازانچى غوللىرىدا يەر چىشلەپ، سوغۇق يەرنى قۇچاقلاپ يېتىپ قالاتتى.

شەڭگەن ئۇسۇلىنى ئۆزگەرتتى. يامۇل خىزمەتچىلىرىدىن «نىياز

شۇمپەن» سادىر بىلەن بۇرۇن كۆرەدىكى زىنداندا بىللە ياتقانلىقىنى نىقاب قىلىپ، «سادىرغا قوشۇلىمەن» دەپ ئۈچ ھەمراھىنى ئېلىپ، سادىرنىڭ ئۆيىگە چىقتى. شەرۋانىخان بۇ ئىشتىن بىر كۈن ئىلگىرى خەۋەر تېپىپ، ئۆزىدىن يىراق تۇرۇۋاتقان سادىرغا يەتكۈزدى. سادىر شۇ كېچىسى يوشۇرۇنچە ئۈچ - تۆت ھەمراھى بىلەن كەلدى. نىياز شۇمپەننى يالىڭاچلاپ، يۈز - كۆزىنى قاپقارا بوياپ، مىنىپ كەلگەن ئېتىغا تەتۈر مىندۈرۈپ، چەمبەرچاس باغلاپ شەھەرگە يولغا سالدى. ئۇنىڭ ئۈچ ھەمراھى سادىرغا قوشۇلۇپ قازانچى غولىغا چىقىپ كەت- تى. بۇ ئەلەملىك ئىش شەنگەنگە ئۆلگەننىڭ ئۈستىگە تەپمەك بولدى. دەرھال ئون چېرىك چىقىرىپ، شەرۋانىخان ۋە ئۇنىڭ ئىككى ئوغلى — ئىگەمقۇل، دەۋرانقۇللارنى تۇتۇپ كېلىپ زىندانغا تاشلىدى. بۇلارنى ئۆلتۈرۈش جازاسى زىنداندىكى سوراقتا سادىر ھەققىدە تېگىشلىك مەلۇمات ئالالمىغاندىن كېيىن چىقىرىلغانىدى. ئەمما، سادىر بۇ ئىش- تىن ۋاقتىدا خەۋەر تېپىپ بىرنەچچە دوستى بىلەن شەھەرگە قاراپ يول ئالدى. ئۇلار بىرئاز ئارام ئالغاندىن كېيىن، بىرنىنىڭ كەينىدىن بىرى بېسىپ سۇپسوزۇك ئاقئۆستەڭنىڭ بويىغا كەلدى. قىردا چوق- چىيىپ ئولتۇرۇپ يۈزىنى يۇيۇشتى. ئاندىن پۇتلىرىغا توگۇۋالغان ناتلىرىنى سۇغا چىلاپ يۇمشىتىپ، ئىشتىھا بىلەن يېيىشتى.

— ئوتنى مەن تۇتتۇم، شەنگەننىڭ بىگىسى بولسا مەن بىلەن ئېلىشسۇن. نېمىدەپ خوتۇن - بالىلىرىمنى چاپماقچى بولىدىكەن؟ — سادىر ئۆستەڭ قىرىدا ئولتۇرۇپ غەزەپ بىلەن سۆزلەيتتى، — قېنى كۆ- رەرمىز، بېشىم ئامان بولىدىكەن، چاپالىغىنىنى بىر كۆرەي!

سادىر ئۆتكۈر كۆزلىرىنى يۇگۇرۇتۇپ، ئەتراپقا بىر نەزەر سېلىپ چىقتى. سەل كەينىگە چۆشۈپ قالغان جىيەكلىك ئاق مالىخىينى قىرلاپ قويۇپ، سېپىغا سىرىق سىم ئورالغان قامچىسىنى ئالىقىنىغا

ئېلىپ سىقىمداپ چىڭ تۇتۇپ ئولتۇراتتى. ھەمراھلىرى ئۇنىڭ سۆزى-نى دىققەت بىلەن تىڭشايتتى.

— بىزدە نىياز شۇمپەندەك مۇناپىقلارمۇ بار، ئەمما «ھۇششەرە» دەپ ئىشىمىزغا يار - يۆلەك بولىدىغان ياخشى كىشىلەرمۇ كۆپ. ئابدۇرۇسۇل شاغىبەگ، موللا ناسىر ئەئلەم ئاخۇنۇمدەك ئادەملىرىمىز مۇناپىقلاردىن جىق.

— ھوي سادىر كا، سەن دېگەن ئۇ زاتلار تاجۇ تەختىنىڭ بۇرجىكى-دىن بولسىمۇ ئۇرۇن تۇتۇپ تۇرۇپتۇ. ئۆز بەختىنى قۇربان قىلىپ بىزنى قوللارمۇ؟ — دېدى ياش شىرىيازدان.

— بىزنىڭ تۈنۈگۈن چىققان «باتۇر چېرىكلەر» نى تىرىپىرەن قىلىپ، بۈگۈن بۇ يەردە خاتىرجەم ئولتۇرۇشىمىز نېمىدىن؟ — دەپ سادىر شىرىيازدانغا ئەھۋالنى چۈشەندۈردى، — شاغىبەگ قاتارلىقلار بىزگە ئالدىن خەۋەر بەرگەن. بۈگۈن بىز قىلىچ ئوينىتىپ جازا مەيدانىغا كىرمەكچى بولۇۋاتىمىز. بىز قانداق قىلىپ بۇ ئىشلارنى ياخشى ئورۇنلاشتۇرالىدۇق؟ زالىم مانجۇ ئەمەلدارلىرىنىڭ زۇلمى خەلقىمىزنى ئۇيۇلتاشتەك ئۇيۇشتۇردى، ئۇكا، خەلقنىڭ قەلبى بىز بىلەن بىللە.

سادىر بۇ گەپلەرنى مەغرۇر ئېيتتى. ھەمراھلىرىمۇ ئۇنىڭ سۆ-زىدىن تەسىرلىنىپ، روھلانغان ھالدا ئورۇنلىرىدىن قوزغىلىپ، ئات-لارغا قاراپ ماڭدى.

سادىر كۈنچىقىشقا — خۇددى شىردەك سوزۇلۇپ ياتقان ئابرال تېغىغا، ئۇنىڭ ئۈستىدىكى ئالتۇندەك يالتىراپ تۇرغان قۇياشقا، قۇ-ياش نۇرىغا چۈمۈلۈپ تۇرغان گۈزەل ئىلى ۋادىسىغا بەستلىك قامىتىنى ناماز قىيامدا تۇرغاندەك تىك تۇتقان ھالدا زوق بىلەن تىكىلدى. ئۇنىڭ قوشۇمىلىرى تۈرۈلۈپ، سوزۇلغان قاشلىرى يىمىرىلدى. ئۇ مۇنۇ قوشاقنى پىچىرلىدى:

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

سادىر دەپ ئېتىم يامان ،
ئون بەش ياشتا ئاتالغان .
تۇنجى رەت تۇتۇلغاندا ،
دۈڭ يامۇلغا پالانغان .

ئۇ ئۇلۇغ ـ كىچىك تىنىدى ، بۇرۇلۇپ شىريازدانغا قارىدى .

— كەچ قالمىغاندۇق سادىركا ؟ — دېدى شىريازدان سادىرغا خۇش چىراي بىلەن قاراپ .

— ياق ، — دېدى سادىر ، — كۈن تېخى ئەتىگەن ، شەھەرگە كىرىپ ، جۇمە نامىزىنى ئوقۇپ ، ھەدەڭنى شەنگەنگە پەتە ئوقۇتۇپ ، بازاردىن ئوتياش ئېلىپ كۆچۈرۈپ چىقساق ، ھەدەڭ بۇ يەرگە كېلىپ بىزگە لەڭمەن ئېتىپ بېرىشكىمۇ ئۈلگۈرىدۇ ئۇكا ، — دېدى سادىر چاقچاق قىلىپ .

لېكىن ، ئۇنىڭ يەنە بىر باتۇر ھەمراھى ئازنىباقى سەل جىددىيلىشىپ قالدى بولغاي ، ئەتىمالىم ، سادىرنىڭ گەپلىرىنى ماقۇل كۆرمىگەن ئاھاڭدا سۆز قىلىپ :

— چاققانراق بول ھوي خاڭرۇق[①] ، ۋاق قالدۇق ، — دەپ توۋلىدى .

— تولا قايىنماي ئاستىراق ۋارقىرا ، — دېدى سادىر ئازنىباقى بىلەن چېقىشىپ تۇرۇپ ، — توخۇ يۈرەك ، قورقۇۋاتامسەن نېمە ؟

ھەممە تەڭ كۈلۈشتى ، ئاتلار يولدىن چاڭ ـ توزان ئۇچۇرۇپ ، شەھەرگە قاراپ بولۇشچە چېپىپ كېتىشتى .

4

غۇلجا شەھىرى ئېگىز سېپىل ئىچىگە ئورۇنلاشقان ، شەھەر خەلقى خەنزۇچە پەشتاقلىق قىلىپ ياپىلغان چوڭ قوش دەرۋازىدىن

① خاڭرۇق — سادىرنىڭ لەقىمى . ئادەتتە ئاۋام خىڭىلداپ گەپ قىلىدىغان كىشىلەرنى «خاڭرۇق» دەپ ئاتىشىدۇ . سادىر پالۋان بىر قېتىم تۇتۇلغاندا جىرىكلەر بۇرنىغا چولۇك ئۆتكۈزۈپ قىيىنىغاچقا ، كېيىن ئاۋازى خىڭىلداپ چىقىدىغان بولۇپ قالغان . شۇنىڭ بىلەن خاڭرۇق دېگەن لەقەم سىڭىپ قالغان .

قاتناپ سىرت بىلەن ئالاقە قىلىدۇ. شەھەرنى ئوراپ سوققان سېپىل ئۈچۈن توپىسى ئېلىنغان خەندەكلەر ناھايىتى كەڭ ۋە چوڭقۇر بولۇپ، بۇ يەر توختام سۇ ۋە شەھەر ئىچىدىن ئېلىپ چىقىپ تۆككەن ئەخلەت-چاۋارلار بىلەن چىرىپ - سېسىپ پاسكىنىلىشىپ تۇرىدۇ.

ئۆلۈم جازاسى ھۆكۈم قىلىنىدىغان جىنايەتچىلەرنىڭ تولىسىنى شەنگەن ئۆز داتىڭىدا سوراق قىلىپ، شۇ يەردە ھۆكۈم ئېلان قىلىدۇ. كۆرە دەرۋازىسىدىن چىققاندىن كېيىن، سېپىل ياقىسىدىكى خەندەك بويىدا ھۆكۈم ئىجرا قىلىنىدۇ. «قىلمىش - گۇناھلىرى چوڭ، پۈتۈن يۇرت ئىبرەت ئالمىسا بولمايدىغان گۇناھكار»لارنى سېپىلنىڭ سىرتىدا سەھنە ياساپ، «ئىبرەت ئالسۇن» ئۈچۈن پۈتۈن ئاۋامنى قاتناشتۇرۇپ، شەنگەن ياكى چوڭ ئەمەلدارلاردىن بىرەرى سوراق قىلىپ ھۆكۈم ئېلان قىلىدۇ. ئاندىن ئاتىدۇ ياكى چاپىدۇ.

شەرۋانىخانلار سوراق قىلىنىدىغان جازا سەھنىسى دەڭ دەرۋازىسىدىن چىقىپ ئازراق ماڭسىلا يەتكىلى بولىدىغان تېرەكلىك ئارىسىدىكى ئوچۇق مەيدانغا قۇرۇلغانىدى. سەھنە سەككىز تال چوڭ ياغاچنى تىكلەپ ئاددىيغىنا ياسالغان، ئەتراپى بورا بىلەن ئورالغان، سوراقچى ئۈچۈن سەھنىنىڭ ئالدى تەرىپىگە قارا سىرلانغان تۆت چاسا ئۈستەل، ئۈستەل ئۈستىگە بىرنەچچە پالاق قويۇلغانىدى. شەرۋانىخان جازا مەيدانىغا ئىلگىرىكى مەھبۇسلارغا ئوخشاش كوچىدا يالاپ، تاماشىچى توپىنى ئۇلاشتۇرۇپ ئاشكارا ئېلىپ كېلىنمەي، ئالدى يېپىق سايىۋەنلىك مەپە ئىچىدە خۇپىيانە كەلتۈرۈلدى.

بىگۇناھ ئايال ئۈچۈن يۈرەكلىرى ئۆرتەنگەن خەلق ئۇنىڭ ئەتراپىغا دۈكۈرۈشۈپ كېلىشكە باشلىدى. بويۇنلىرىغا قىلىچ، قارا مىلتىق ئاسقان چېرىكلەر تەۋرەپ كېلىۋاتقان خەلقنى چەتتە تۇرۇشقا بۇيرۇپ، ۋارقىراپ - جارقىراشماقتا ئىدى.

ئادەتتە ئادەم ئاتقاندا، تاماشىچىلار ناھايىتى ئاز چىقاتتى، ئادەم چاپقاندا بولسا، كۆپ چىقاتتى. بۇنىڭ سەۋەبى، ئادەم چاپقۇچى جاللات-



www.uyghurkitap.com

لار بۇ يەردە ئۆز ماھارىتىنى كۆرسىتىشەتتى . ئۇلار ئالدى بىلەن گۇناھكارلارنى تىزلاندۇرۇپ ئولتۇرغۇزىدۇ . ئاندىن جاللات بىر پۈتىنى كۆتۈرۈپ ماھىرلىق بىلەن ئۇزۇن غىلىپىدىن قىزىل پۆپۈكلۈك ئۆتكۈر قىلىچىنى «شارت» قىلىپ سۇغۇرۇپ ئالىدۇ ، قىلىچىنى ئايلاندۇرۇپ ، كۈن نۇرىدا يالتىرىتىپ چامباش ئارىلاش قىلىچ ئويۇنى كۆرسىتىدۇ . ئويۇن ئارىسىدا خەلق توپى ئىچىدىكىلەرنىڭ بىر ـ ئىككىسىنىڭ بېشى ئۈستىدىن قىلىچنى يالغاندىن چاپقاندەك قىلىپ ئۆتكۈزىدۇ . موللاق ئېتىپ يەنە قىلىچ ئويۇنى كۆرسىتىدۇ . گۇناھكارمۇ تىكىلىپ قاراپ قالىدۇ . جاللات تۇيۇقسىز ئۇنىڭغا قىلىچ ئۇرىدۇ ، ئۈزۈلگەن باش پوكزەكتەك قاڭقىپ يەرگە چۈشىدۇ . جاللاتلارنىڭ يەنە بىرىنىڭ قولىدا يوغان ئاق جىڭموما بولۇپ ، باش كەسكەن جاللات قانلىق قىلىچنى جىڭمومىغا سۈركەپ ، ئۇنىڭدىن بىر چىشلەم يەيدۇ ، قالغان جاللاتلارمۇ يېيىشىدۇ . بۇنىڭ بىلەن ئۇلار قانغا تويۇپ ، يۈرىكى توختاپ ، باتۇرلۇقىنى ئاشۇرغان بولىدۇ .

لېكىن ، بۈگۈن تىرەكلىكتىكى خەلق توپى ئادەتتىكىدىن كۆپ ئىدى . كۆپلىگەن خەلق «كاللا كېسىش تاماشاسى» نى كۆرۈش ئۈچۈن ئەمەس ، بەلكى سادىر پالۋاننىڭ بىگۇناھ ئايالى بىلەن ۋىدالىشىش ئۈچۈن كەلگەنىدى .

شەرۋانىخان سەھنە ئالدىغا كەلتۈرۈلدى . ئىككى ئوغلى باشلىرىغا كېلىۋاتقان بالايىئاپەتتىن گاڭگىراپ ، قوي كۆزلىرىنى مۆلدۈرلىتىپ ، ئانىسىنىڭ يېنىدا تۇراتتى . شەرۋانىخاننىڭ بىلەكتەك ئىككى ئۆرمە چېچى چۇۋۇلغان ، ئۇنىڭ بىرى ئالدى تەرەپكە ، يەنە بىرى ئارقىسىغا تاشلانغان ، چولپان كۆزلىرىنىڭ ئاقلىرى بىرئاز قىزارغان ، قاڭشارلىق بۇرنىنىڭ ئۇچىدا بولسا تەر تامچىلىرى دانە ـ دانە يالتىراپ تۇراتتى . بىر پەستە سەھنە ئۈستىگە ئۇزۇن كۆك تاۋاردا چاڭزا ، بېشىغا بىر ئوتىغاتلىق قالپاق جوڭزا كىيگەن ، ئۇزۇن ئۆرمە چاچلىق ۋاڭ دارىن چىقتى . تۇڭچىغا ئىشارەت قىلىپ شەرۋانىخاننى

سوراق قىلىشقا باشلىدى :
— ئېتىڭ نېمە سېنىڭ؟
— …
— ھەي ، پاڭمۇ سەن ، ئېتىڭ نېمە دەۋاتىمەن؟!
— ئىككى ئايدىن بېرى ئېتىمنىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى بىلمىدىڭ-مۇ؟ — دېدى شەرۋانىخان ھېچ ئەيمەنمەي .
شەرۋانىخاننىڭ جاۋابىنى ئاڭلىغان خەلق بىر - بىرىگە كۆز يۈگۈرتۈپ ، خۇپىيانە كۈلۈۋېلىشتى .
ئەمما ، ۋاڭ دارىن قولاقلىرىغىچە قىزىرىپ كەتكەنىدى . شۇنداق-تىمۇ ئۇ ئۆزىنى بېسىپ ، سىپايە ئاھاڭدا :
— ھەي ، ياڭگاڭزا ، بۇ سوراق رەسمىيىتى ، ئالدى بىلەن ئېتىڭ-نى ئېيت ، — دېدى .
شەرۋانىخان غەزەپ بىلەن ھەممە ئاڭلىغۇدەك قىلىپ ئۈنلۈك ئاۋازدا : «شەرۋانىخان» دېدى .
— داداڭنىڭ ئېتى نېمە؟
— موللا توختى .
— سەن قايسى يۇرتتىن؟
— موللا توختىيۇزىدىن .
— سادىرغا تەگكىلى نەچچە يىل بولدى؟
— 15 يىل .
— سادىر ھازىر نەدە؟
— مەن ئىككى ئايدىن بېرى زىنداندا ، سادىرنى سەن بىلمىسەڭ ، مەن نەدىن بىلەي؟!
ۋاڭ دارىننىڭ جۇدۇنى ئۆرلىدى . شەرۋانىخاننىڭ شۇ تۇرقىدىن سادىرنىڭ قەيەردە ئىكەنلىكىنى بىلىش ، نىياز شومپەننىڭ ئۆيىگە بارغانلىقىنى سادىرغا خەۋەر قىلغانلىقىنى ئىقرار قىلدۇرۇش ، سادىر-نىڭ قانداقچە يوشۇرۇن كېلىپ كەتكەنلىكىنى ، ئۇنىڭ ھازىر يۇرت

ئىچىدە ھوسۇل تۆكۈشكە بويۇنتاۋلۇق قىلىنۋاتقان، چېرىكلەرگە ئاش-لىق يەتكۈزۈپ بېرىشكە پۈتلىكاشاڭ بولۇۋاتقان ماناس، ساندىخوزىدى-كى «بۇزاقى»لار بىلەن قانداق ئالاقە قىلىپ تۇرۇۋاتقانلىقىدىن مەلۇ-مات ئېلىش مەقسىتىگە ئېرىشەلمەيدىغانلىقىنى ھېس قىلىپ، دورداي كالپۇكلىرىنى لىپىلدىتىپ، جىنىنىڭ بارىچە «دا! دا!» دەپ ۋارقىرىدى.

چېرىكلەر چىشلىرىنى ھىڭگايتىپ، غولاچلىرىنى كېرىپ، ئادەم ئۆرىدىغان پالاقلىرىنى ھاۋاغا كۆتۈردى. باللار «ئانا» دەپ ئانىسىغا ئۆزلىرىنى ئاتتى. خەلق غەزەپتىن داۋالغۇپ، خۇددى قىرغاققا ئۇرۇل-غان دېڭىز دولقۇنىدەك سەھنە تەرەپكە قاراپ سىلجىشقا باشلىدى.

— ھەي ياڭگاڭزا، جازا يېنىكلىتىلىدۇ، سەن بىلگەننى يوشۇر-ماي ئېيت، — دېدى دارىن يەنە.

— مەن زىندانىدا، ھېچنېمە بىلەيمەن!

— ھەي دارىن، بۇ خوتۇن راست دەيدۇ، — سالماقلىق، خىڭىل-دىغان يوغان ئاۋاز بىردىن كۆپچىلىكنىڭ دىققىتىنى تارتتى. ھەممە ھاڭ - تاڭ بولغان ھالدا ئاۋاز چىققان تەرەپكە قارىدى. ئاق سەللە يۆگىگەن، قامەتلىك، ئاپئاق ساقاللىق بوۋاي ئاستىدىكى ئاتنى دېۋە-تىپ، توپنى يېرىپ ئۆتۈپ، شەرۋانىخانىنىڭ ئارقىسىغا كېلىپ توخ-تىدى.

— سەن ... سەن ... كىم سەن، بۇ ئىشقا ئارىلىشىدىغان؟ — دېدى دارىن بۇ كۈتۈلمىگەن ئىشتىن ئېسەنگىرەپ.

— مېنى تونۇمايسەن دارىن، بۇ ئايالنىڭ يۇرتلۇقى بولىمەن، — دېدى ئاپئاق ساقاللىق بوۋاي، — بۇ خوتۇن ھەقىقەتەن ھېچنېمە بىلمەيدۇ. نىياز شۆمپەن ئۆيگە كەلدى، دەپ بۇ خوتۇن سادىرغا خەۋەر قىلغان ئەمەس، سادىر ئۆزى كەلگەن، بۈگۈن سادىرغا كىم خەۋەر قىلدى، باغلاقلىق تۇرغان مۇشۇ خوتۇنمۇ؟ سادىر يەنە ئۆزى كەلدىغۇ!

— ھە، ... سادىر كەلدى؟! — دارىن ئالاقزادىلىك ئىچىدە قاتتىق ۋارقىرىۋەتتى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



— ئەكەل 1 مىليون سوپىيونى ، سادىرنى مەن تۇتۇپ ئەكەلدىم . بۈگۈن بۇ جازا مەيدانىدا كاللىسىنى ئېلىپ ، شەنگەننى خۇش قىلىپ ، نۇرغۇن ئىنئاملار ئالىسەن !

بوۋاي قولىنى ساقىلىغا ئاپىرىپ ، ئاپئاق ساقىلىنى يۇلۇپ ئېلىپ سەھنىدىكى دارىنىغا ئاتتى . بۇ ھالدىن ھەيران بولغان خەلق ئات ئۈستىدىكى ئادەمنى تونۇپ ، خۇشاللىق بىلەن ئىختىيارسىز «سادىر پالۋان» دەپ ۋارقىراشتى .

سادىر دارىنىغا قاراپ دېۋەيلەپ سەھنىنىڭ ئالدىغا ئېتىنى دېۋىتىپ

كەلدى .

ۋاڭ دارىن ئىسەنگىرەپ غال - غال تىترەپ كەتكەنىدى . سادىر
غەزەپ بىلەن مۇنۇ قوشاقنى ئېيتتى :

موللىنغا بەردىم ئوقۇ ، دەپ ،
بۆزچىگە بەردىم توقۇ ، دەپ .
كىم سېنى خوراز قىلدى ،
مېكىيانىنى چوقۇ ، دەپ .

سادىر قوشاقنى ئاخىرلاشتۇرۇپ ، «شارت» قىلىپ قوينىدىن
قىسقا ، مۇشتۇمدەك بېشى بار تېۋىلغا چوماقنى چىقىرىپ ، شەرۋان-
خاننى يالاپ ئىككى يېنىدا تۇرغان چېرىكنىڭ بىرىنىڭ بېشىغا زەرب
بىلەن بىرنى ئۇرۇپ مېڭىسىنىڭ قېتىقىنى چۇۋۇۋەتتى . بۇنى كۆر-
گەن دارىن «ئەييا !» دەپ قوللىرىنى كۆتۈرۈپ ئارقىسىغا شوخشۇدى .
سادىر پالۋاننىڭ يىگىرمىچە ئاتلىق ھەمراھلىرى قويۇندەك باستۇرۇپ
مەيدانغا كىردى - دە ، ھەربىرى بىردىن چېرىكنى كۆزلەپ ئېتىلدى .
خەلق توپى دەريادەك داۋالغۇپ ئۇپۇر - توپۇر بولۇپ كەتتى . سادىر
پالۋان قالايمىقانچىلىقتىن پايدىلىنىپ ، «كەل شەرۋان !» دەپ باغلاق-
لىق شەرۋانخاننى يەردىن يۇلۇپ ئېلىپ ئىگەرنىڭ ئالدىغا يېنىچە
ياتقۇزۇپ توپنى يېرىپ چىقىپ كەتتى . شىريازدان بىلەن ئازنىباقى
ئۇنىڭ ئىككى بالىسىنى ئىگەرنىڭ ئالدىغا ئېلىپ ، ئاتلىرىغا قامچا
سالدى...

5

1863 - يىلىنىڭ ياز پەسلى . كۆز باغلىنىپ ، قاش قارايغان
چاغ . ئېگىز تاغ غارلىرىدا ، تاشتىن ياسالغان ئوچاقلاردىكى مىس
قازانلاردا كېيىك گۆشى ئىشتىھانى غىدىقلىغۇدەك پۇراق چىقىرىپ
قايناپ تۇراتتى . مايلىق ئارچا خۇش پۇراق چىقىرىپ لاۋۇلداپ ياناتـ-

تى . گۈلخان ئەتراپىدا توپ ـ توپ بولۇپ ، بىر ـ بىرىدىن بەستلىك ئەزىمەتلەر ئولتۇرۇشاتتى . ئۇلار بىر كۈنلۈك جەڭدىن كېيىن هۇزۇر بىلەن يەپ ـ ئىچىپ ، خاتىرجەم هالدا گۇڭغۇر ـ مۇڭغۇر سۆزلىشمەكتە . ئاي كۆتۈرۈلۈپ تاغ ئىچى يورۇپ قالغان ، ئاي يورۇقى ئېگىز خادا تاشلار ، قويۇق ئورمانلار ، يېشىل چۆپلەر ئۈستىگە ئالا ـ بۇلىماچ سايە چۈشۈرۈپ تۇراتتى . يىراقتىن ناخشا ئاۋازى كەلدى :

سادىرمەنۇ ، سادىر مەن ،
سادىر بولماي ، كىمدۇر مەن .
تاغ يولىنى سورىساڭ ،
هەممە جاينى بىلىمەن .

هەممە شۈك بولۇپ ، قۇلاقلىرىنى قازانچى غولى تەرەپكە تىكتى . جىمجىت كېچىدە شارقىراپ ئېقىۋاتقان تاغ سۈيىنىڭ ئۈستىدىن بېسىپ سادىرنىڭ ئاۋازى كېلەتتى . ئىسيانكار ئەزىمەتلەر جانلىنىپ ، خۇشاللىق تەنتەنىلىرى قىلىشتى . ناخشا سادىرنىڭ غەلىبىسىدىن دېرەك بېرەتتى . ئۇلار ئىختىيارسىز ئالدىغا قاراپ مېڭىشتى . بارغانسېرى تىكلىشىپ ئېگىزلەپ كېتىۋاتقان قاپتالدىكى چىغىر يولدا سادىر ، شەرۋانىخان ۋە ئۇلارنىڭ هەمراهلىرى كۆرۈندى . گۇگۇم چۈشۈش بىلەن جىمىپ قالغان تاغ يېڭىۋاشتىن قاينام ـ تاشقىنلىققا چۆمدى .

## مۇهاكىمە ۋە مەشىق

1 . سادىر پالۋان هەققىدە نېمىلەرنى بىلىسىز ؟

تېكىستتە سادىر پالۋاننىڭ خاراكتېرىدىكى خاسلىقلار قايسى تەپسىلاتلاردا ۋە ئۇنىڭ قايسى سۆز ـ هەرىكەتلىرىدە ئىپادىلەنگەن ؟

2 . شەنگەن دارىننىڭ بۇيرۇقى خالايىققا جاكارلانغاندا ، مەزەمزات هېكىم ، موللا ناسىر ئەئلەم ئاخۇنۇم ، ئابدۇرۇسۇل شاغىبەگلەر

نېمىشقا سادىر پالۋان ھەققىدە ئوخشىمىغان تەسىراتتا بولىدۇ؟

3 . سىزچە ھېكايىدىكى مانجۇ زالىملىرى بىلەن ئېزىلگۈچى خەلق ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەت توقۇنۇشىنى ئۇرۇش قىلماي ھەل قىلىش مۇمكىنمۇ؟ نېمە ئۈچۈنلىكىنى سۆزلەپ بېقىڭ .

4 . سادىر پالۋان خوتۇنى بىلەن ئىككى بالىسىنى قۇتۇلدۇرۇشتا سىزنىڭچە يەنە قانداق چارە ـ تەدبىرلەرنى قوللانسا بولاتتى؟

5 . تۆۋەندىكى پارچىنى ئوقۇپ ، سۈپەتلەرنى تېپىڭلار ۋە ئۇلارنى تۈزۈلۈشى ، مەنىسىگە ئاساسەن تۈرگە ئايرىڭلار .

« ئېگىز تاغ غارلىرىدا ، تاشتىن ياسالغان ئوچاقلاردىكى مىس قازانلاردا كېيىك گۆشى ئىشتىھانى غىدىقلىغۇدەك پۇراق چىقىرىپ تۇراتتى . مايلىق ئارچا خۇش پۇراق چىقىرىپ لاۋۇلداپ ياناتتى . گۈلخان ئەتراپىدا توپ ـ توپ بولۇپ ، بىر ـ بىرىدىن بەستلىك ئەزىمەتلەر ئولتۇرۇشماقتا . ئۇلار بىر كۈنلۈك جەڭدىن كېيىن ھۇزۇر بىلەن يەپ ـ ئىچىپ ، خاتىرجەم ھالدا گۇڭگۇر ـ مۇڭگۇر سۆزلەشمەكتە . ئاي كۆتۈرۈلۈپ ، تاغ ئىچى يورۇپ قالغان ، ئاي يورۇقى ئېگىز خادا تاشلار ، قويۇق ئورمانلار ، يېشىل چۆپلەر ئۈستىگە ئالا ـ بۇلىماچ سايە چۈشۈرۈپ تۇراتتى . »

# ئۇنىۋېرسال ئۆگىنىش ۋە ئىزدىنىش

## پروزىنىك ئەسەرلەرنى چۈشىنىش

پروزا سىزگە ناتونۇش ئەمەس . ئاشۇ تەسىرلىك ۋەقەلەر ، جانلىق پېرسوناژلار سىزگە چوڭقۇر تەسىرلەرنى قالدۇرىدۇ . ئۇلار خۇددى تۇرمۇش ھەققىدىكى دەرسلىكلەرگە ئوخشاش بىزنى مول ، رەڭگارەڭ دۇنيانى چۈشىنىشكە ، خاراكتېر ۋە ھېسسىياتىمىزنى تاۋلاشقا ، روھىمىزنى پاكلاشقا يېتەكلەيدۇ .

شۇنداق ئىكەن ، بىز شۇ دۇنياغا نېمە ئۈچۈن قولمۇقول ، پۇتمۇپۇت يۈرۈش قىلمايمىز ؟

### 1 . ئۇنتۇلماس پروزا دۇنياسى

مەكتەپكە كىرگەندىن تارتىپ ھازىرغا قەدەر ، سىز چوقۇم بەزى پروزا ئەسەرلىرىدىكى سۆزتىنىڭ قاتتىق جەلپ قىلىشىغا ئۇچرىدىڭىز . پېرسوناژلارنىڭ خۇشاللىق ، قايغۇ ، ھىجران ، ۋىسالىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان تەقدىرىدىن لەرزىگە كەلدىڭىز . بۇ خىل كەچۈرمىشلەر ئېسىڭىزدىمۇ ؟ ئۇنداقتا ، سىز ساۋاقداشلىرىڭىزنى ئاشۇ ئۇنتۇلماس ھېكايىلەر ئىچىگە باشلاپ كىرىڭ . كىچىك گۇرۇپپا بويىچە تەشكىللىنىپ ، ھەربىرىڭلار ھېكايىلەردىكى ئۇنتۇلماس ۋەقەلەرنى ، ئۆزۈڭلار ياقتۇرغان ئادەملەرنى سۆزلەپ بەرسەڭلار بولىدۇ ، ئۇلارنىڭ نېمىشقا شۇنچە ئۇنتۇلماس ئىكەنلىكىنى ئېيتىپ بەرسەڭلارمۇ بولىدۇ . ھېكايە ئوقۇش ھەققىدىكى قىزىقارلىق سەرگۈزەشتلىرىڭىزنى ، ئۇنىڭ تەسىـ

رىنى سۆزلەپ بەرسەڭلارمۇ بولىدۇ ... ئالاھىدە تەسىراتلىرىڭىزنى سۆزلەپ بېرىدىغانلىقىڭىزغا ئىشىنىمىز .

## 2 . رەڭگارەڭ پېرسوناژلار دەھلىزى

يازغۇچىلار تۇرمۇشنى ئىنچىكە كۆزىتىپ ، ئۇنىڭغا چوڭقۇر چۆكۈپ ، پەۋقۇلئاددە تەسەۋۋۇر كۈچىنى ئىشقا سېلىپ ، تىل ئارقىلىق جانلىق ئوبرازلارنى يارىتىدۇ :

— ئۇنتۇپ قاپسەندە؟ راست ، كاتتا ئادەملەرنىڭ نەزىرىمۇ ئۇستۈن بولىدۇ ـ دە ، — دېدى .

— ياق ! ... ئۇنداق ئەمەس ... مەن ... — دېگىنىمچە ھودۇقۇپ ئورنۇمدىن تۇرۇپ كەتتىم .

— ئۇنداق بولسا ، مېنىڭ دېمەكچى بولغىنىم ، شۈن غوجام ، سەن باي بولۇپ كەتكەن تۇرۇقلۇق ، يۈك ـ تاقلىرىڭنى ئېغىرلاشتۇرۇپ بۇ ئەسكى ـ تۈسكىلەرنى نېمە قىلاتتىڭ ، ماڭا قالدۇرۇپ كەت ، بىزگە ئوخشاش كەمبەغەللەر پايدىلانسۇن .

— بېيىپ كەتكىنىم يوق ، بۇ نەرسىلەرنى سېتىۋېتىپ ، ئۇنىڭ ئورنىغا ...

— ۋاي ـ ۋۇي ، سەن بىر ۋىلايەتكە «دوتەي» بوپسەنۇ ، يەنە تېخى باي ئەمەسمەن دەيسىنا؟ ھازىر سېنىڭ ئۈچ خوتۇنۇڭ بار ئىكەن ، سېنى ئۇياق ـ بۇياققا توشۇپ يۈرىدىغان سەككىز كىشى كۆتۈرىدىغان تەختىراۋىنىڭ بار ئىكەن . يەنە تېخى باي ئەمەسمۇ؟ بولدىلا ... مەندىن ھېچ نەرسىنى يوشۇرالمايسەن .

ئەمدى ئۇنىڭ بىلەن تاقارىشىپ گەپ قىلىشىۋېرىشنىڭ ھاجىتى يوق ئىكەنلىكىنى بىلدىمە ، لام ـ جىم دېمەستىن قاراپ تۇرۇۋەردىم .

— ۋاي ! ۋاي ! ئادەم پۇلى قانچە كۆپەيگەنسېرى شۇنچە پىششىق بولىدۇ ، پىششىق بولغانسېرى شۇنچە بېيىيدۇ ، دېگەن سۆز زادى



ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

توغرا گەپ ئىكەن .

«سىركۆل» زەردە بىلەن كەينىگە بۇرۇلدى ۋە كوتۇلدىغان پېتى ئىشىككە قاراپ كەتتى . ئۇ چىقىپ كېتىۋېتىپ ئاپامنىڭ پەلىيىنى يانچۇقىغا تىقىۋالدى .

مانا بۇ قىسقا دىئالوگ ۋە ئىنچىكە ھەرىكەت تەسۋىرلىرى ئارقىلىق بىز ياڭ ئەرساۋنىڭ خاراكتېر ئالاھىدىلىكىنى ناھايىتى ئېنىق بىلىۋالالايمىز . بەزىدە بىر ئادەمنىڭ بىرەر ھەرىكىتى ياكى سۆزىنى دەپ قويساقلا كۆپچىلىك «بۇ ئادەمنى زە» دەپ قاقاقلاپ كۈلۈپ كېتىشىدۇ . ساۋاقداشلار رەڭگارەڭ پېرسوناژلار دەھلىزىگە كىرىپ ، ئۇلارنىڭ سېھرىنى ھېس قىلىپ بېقىڭلار :

1) كارتوشكا شەكلى ئارقىلىق پېرسوناژلار ئارخىپى تۇرغۇزۇپ چىقىڭلار (ئۇنىڭدا پېرسوناژلارنىڭ ئىسمى ، كېلىپ چىقىشى ، تاشقى قىياپىتى ، تىلى ، ھەرىكىتى ، تەپسىلاتى بولسۇن ) . سىنىپ بويىچە «پېرسوناژلار تېپىشمىقى» ئۇيۇشتۇرۇڭلار .

2) ۋەزىپە تەقسىم قىلىشىپ ، پېرسوناژلار لۇغەتچىسىنى تۈزۈپ چىقىڭلار .

### 3 . قىزىقارلىق ئەدەبىي تەسەۋۋۇر

پروزا توقۇلما ۋە تەسەۋۋۇردىن ئايرىلالمايدۇ . بىزنىڭ پروزا ئەسەرلىرىنى ئوقۇشىمىز ، ئەمەلىيەتتە يازغۇچىنىڭ قەلىمىگە ئەگىشىپ ، توقۇلما دۇنياسىدا ساياھەت قىلىپ ، پېرسوناژلار بىلەن ھەمنەپەس ۋە تەقدىرداش بولۇشتىن دېرەك بېرىدۇ . بۇنداق تەسەۋۋۇردىن كېلىدىغان خۇشاللىق يازغۇچىنىڭ ھەققى بولۇپلا قالماستىن ، بەلكى سىزمۇ ئۇنىڭدىن بەھرىمەن بولالايسىز . ئەلۋەتتە ، تەسەۋۋۇر ھەددىدىن ئېشىپ كەتمەسلىكى لازىم . ئۇ ئەسلىدىكى ئەسەرنىڭ ئىدىيىسىگە لايىق بولۇشى كېرەك . تۆۋەندىكى ئۈچ خىل ئەندىزىدىن بىرنى تاللاپ

ئىشلەڭ .

1) پېرسوناژلارنىڭ تەقدىرىنى قايتا ئورۇنلاشتۇرۇش . مەسىلەن ، سادىر پالۋان خوتۇن ـ بالىلىرىنى قۇتۇلدۇرغىلى كېلىپ تۇتۇلۇپ قالغان بولسا ...

2) ئەسەرنىڭ داۋامىنى يېزىش . «تاغام ژيول» دېگەن ھېكايىدىكى «مەن» ئۆيگە قايتقاندىن كېيىن تاغىسى ئۈچۈن قانداق ئىشلارنى قىلسا بولاتتى ؟

3) ماكان ـ زاماندىن ھالقىغان دىئالوگ ...

«ئوغلى بىلەن كۆرۈشۈش» ناملىق ھېكايىدىكى چوردون بوۋاي سىزنىڭ ئالدىڭىزدا تۇرۇپتۇ . سىزنىڭ ئۇنىڭغا نېمىلەرنى دېگۈڭىز بار ؟

ئەتراپىڭىزدىكى تۇرمۇشتىن ماتېرىيال ئېلىپ ، توقۇلما قىلىپ ، ئۆزگەرتىپ ، بىر ھېكايە يېزىپ چىقىڭ ياكى بىر مىكرو ھېكايە يېزىپ چىقىڭ .

بۇ قېتىمقى پائالىيەت ئارقىلىق پروزىنىڭ سېھرىنى ياندىن ھېس قىلىپ يەتتۇق . ھەركىم ئۆزىنىڭ قىزىقىشى ۋە ئالاھىدىلىكى بويىچە تېما تاللاپ ، پروزا بىلەن مۇناسىۋەتلىك تېمىدا ئەسەر يېزىڭ . (ھېكايە يازسىڭىزمۇ بولىدۇ . )



www.uyghurkitap.com

# مۇھاكىمىلىك ئەسەرلەر

كالا يەم ـ خەشەكنى كۆپ يېگەچكە توختىماي كۆشەپ، ئۆزىنىڭ ھەزىم قىلىشىغا ياردەم بېرىدۇ، كالىنىڭ تىمەنلىكى ئۇنىڭ كۆشەشكە ماھىر بولغانلىقى بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك. كىتاب ئوقۇشتىمۇ «كۆشەش»نى ئۆگىنىۋېلىشىمىز كېرەك. بىز پىكىر يۈرگۈزەلەيدىغانلىقىمىز ئۈچۈن كالىدىن ئەقىللىق. كىتابنى ئەقىل بىلەن ئوقۇشىمىز كېرەك. كىتاب ئوقۇشنىڭ ئىنچىكىلەپ ئوقۇش ۋە ئومۇملاشتۇرۇپ ئوقۇش ئۇسۇلى بار، ئەقىل ـ پاراسەتكە تولغان كلاسسىك ئەسەرلەرنى ئىنچىكىلەپ ئوقۇپ، چوڭقۇرلاپ مۇھاكىمە قىلىشىمىز، ئۇنىڭدىن تەكرار لەززەت ئېلىشىمىز، خۇددى كالىنىڭ «كۆشىشى»گە ئوخشاش، جەۋھەرگە ئېرىشىش ئۈچۈن مېغىزىنى چېقىشىمىز كېرەك. قىسقىسى، كالىنىڭ كۆشىشىدىن ئۆگىنەيلى.






ئۇيغۇر كىتاب تورىبكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

# 13 . مۇۋەپپەقىيەت

جى شيەنلىن[1]

مۇۋەپپەقىيەت دېگەن نېمە ؟ «هازىرقى زامان خەنزۇ تىلى لۇغىتى »گە قارىسام ئۇنىڭغا «مۇۋەپپەقىيەت مۆلچەرلىگەن نەتىجىگە ئېرىشىش » دەپ ئىنتايىن ئاددىي ھەم چۈشىنىشلىك تەبىر بېرىلىپتۇ . بىراق ، «مۆلچەرلىگەن » سۆزىگە كەلسەك ، بۇ ئىنتايىن مۇرەككەپ ھەم قالايمىقان بولىدۇ . ھەربىر ئادەمنىڭ ھەرۋاقىت ، ھەر سائەت ، ھەر كۈنى ، ھەر ئايدا دېگۈدەك چوڭ - كىچىك ئوخشاش بولمىغان «مۆلچەرى » بولىدۇ ، بۇلارنىڭ بەزىلىرى مۇۋەپپەقىيەتكە ئېرىشىدۇ ، بەزىلىرى مەغلۇپ بولىدۇ ، قىسقىسى ، بۇنىڭ چېكىنى ئايرىش ، ئۇنى تۈرگە ئايرىش مۇمكىن ئەمەس ، شۇڭا بۇ توغرىدا توختالمايمىز .

بۇ يەردە مەن مۇۋەپپەقىيەتنىلا ، بولۇپمۇ مۇۋەپپەقىيەت قازىنىش يولىنىلا سۆزلەپ ئۆتىمەن . بۇ بىر چوڭ تېما بولسىمۇ ، لېكىن ئۇنى كىچىكلىتىپ سۆزلەيمەن . مەن 70 — 80 يىللىق تەجرىبەمدىن مۇنداق فورمۇلىنى ھاسىل قىلدىم .

ئەقىل + تىرىشچانلىق + پۇرسەت = مۇۋەپپەقىيەت

«ئەقىل »نىڭ ئورنىغا ئەسلىدە «تالانت » سۆزىنى ئىشلەتمەكچى ئىدىم ، بىراق تالانت ئاز ئۇچرايدىغان ھادىسە ، تالانتلىقلارنىڭ كۆپىنچىسى يەنە كېلىپ ، مەلۇم ساھەدىكى قابىللار بولغاچقا ، بۇ سۆزنى

---

[1] «پەلسەپە ئەسەرلىرى . جۇڭگو توپلىمى»دىن ئېلىندى . جۇڭخەي نەشرىياتى 2001 - يىل نەشرى .

قوللانماي «ئەقىل» سۆزىنى ئىشلەتتىم. كۆپچىلىك بۇنى بىر قاراپلا بىلىۋالالايدۇ. بۇ فورمۇلا گەرچە زىيادە ئاددىي بولسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭ مەنىسى ئېنىق. بەك مۇرەككەپ بولۇپ كەتسە، ئەكسىچە چۈشەندۈرۈش تەسكە توختايدۇ.

ئەقىلگە كەلسەك ئالدى بىلەن ئادەملەرنىڭ ئەقلىنىڭ ئوخشاشلىقىنى جەزمەن ئېتىراپ قىلىشىمىز كېرەك، بۇ بىر پاكىت، بۇنى ھېچكىم ئىنكار قىلالمايدۇ. ئۇن يىللىق مالىمانچىلىقتا ئۆزىنى تالانتلىق چاغلايدىغانلار تالانتنى ھەدەپ سۆكتى. ئۇلارنىڭ نېمە غەرىزى بارلىقى ماڭا ھازىرغىچە نامەلۇم. بۈگۈنكى كۈندىمۇ ئىلىم ساھەسى ۋە ئەدەبىيات ـ سەنئەت ساھەسىدە تالانت ئىگىلىرىنى كۆپ ئۇچراتقىلى بولىدۇ، مەن ئۇلارنىڭ «ئۆزلىرىنى زىيادە ياخشى ھېس قىلغانلىقى»غا ھەۋەس قىلغاندىن باشقا، كۆپ ماختاشقا پېتىنالمايمەن. ئۆزىنىڭ ئەقلىگە قارىتا ئوبيېكتىپراق باھا بەرگەن، ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزدىگەن ياخشىراق، دەپ قارايمەن.

تىرىشچانلىققا كەلسەك، ئەجدادلار ئۇنىڭ ياخشى تەرىپىنى قىلىپ كەلدى. يالتىراق قوڭغۇزنىڭ شولىسىدا كىتاب ئوقۇش، چېچىنى لىمغا ئېسىپ ئۆگىنىش، بىگىز سانجىپ ئۆگىنىش قاتارلىق ھېكايىلەر نەچچە يۈز يىللاردىن بۇيان تارقىلىپ كەلگەچكە ئۇنى ھەممە ئادەم بىلىدۇ. خەن ۋېنگۇڭ[1] نىڭ «تاڭ سۇزۇلگەنگە قەدەر چىراغ تۇۋىدە ئولتۇرۇپ، يىل بويى تىرىشىپ ئۆگىنىش» ئادىتى ئۆگەنگۈچىلەرنىڭ ئۈلگىسى بولۇپ كەلدى. ئەگەر تىرىشچانلىق بولمىسا، قانچە ئەقىللىق بولغان بىلەنمۇ بىكار. بۇنىڭ توغرىلىقىغا شەك كەتمەيدۇ.

پۇرسەتكە كەلسەك، بۇنىڭغا كىشىلەر ھامان سەل قارايدۇ. پۇرسەت ئەمەلىيەتتە مەۋجۇت، ئۇنىڭ ئۈستىگە تەسىرىمۇ ئىنتايىن زور بولىدۇ. ئۆزۈمنى مىسالغا ئالسام، چىڭخۇا ئۇنىۋېرسىتېتى مېنى

[1] خەن ۋېنگۇڭ، تاڭ سۇلالىسىدىكى خەن يۈنى كۆرسىتىدۇ، ۋېنگۇڭ ئۇ ئۆلگەندىن كېيىن بېرىلگەن نام.

گېرمانىيىگە ئوقۇشقا ئەۋەتمىگەن بولسا، ھاياتىمنىڭ بۇگۈنكىدەك بولۇشى ناتايىن ئىدى.

مۇۋەپپەقىيەت قازىنىشنىڭ ئۈچ شەرتىنى تەھلىل قىلىپ كۆرگىنىمىزدە، ئەقىلنى «خۇدا» بەلگىلەيدۇ، بۇنىڭغا قوربىمىز يەتمەيدۇ. پۇرسەت كۈتۈلمىگەن ۋاقىتتا كېلىدۇ، بۇنىڭغىمۇ قوربىمىز يەتمەيدۇ. پەقەت تىرىشچانلىقنىلا ئۆزىمىز بەلگىلىيەلەيمىز، شۇڭا مۇشۇ جەھەتتە زور كۈچ سەرپ قىلىشىمىز كېرەك. بۇ خۇسۇستا قەدىمكىلەرنىڭمۇ نۇرغۇن تەنبىھلىرى بار. يەنىلا ئالدى بىلەن خەن ۋېنگۇڭنى مىسالغا ئېلىپ ئۆتەيلى. ئۇ مۇنداق دەيدۇ: «كەسىپ تىرىشچانلىقتىن بەرىكەت تاپىدۇ، ئويۇن ـ تاماشىدىن خاراب بولىدۇ؛ ھەرىكەت ئىدىيىدىن كېلىدۇ، بىپەرۋالىقتىن نابۇت بولىدۇ.» بۇ سۆزلەر كۆپچىلىككە ئىنتايىن تونۇش.

ۋاڭ جىڭئەن[1] «كىشىلىك دۇنيا ئىبارىلىرى»دە مۇنداق دېگەندى: «قەدىمدىن ھازىرغىچىلىك چوڭ ئىشلارنى تەۋرەتكۈچىلەر، زور ئىلىم ئەھلىلىرىدىن بولالىغانلار مۇنداق ئۈچ مەنزىلنى باشتىن كەچۈرگەن: ‹تۈن شامىلى سوقۇپ قىلدى ھەممىنى خازان، باقتىم ئېگىزدىن يىراققا كۆزۈم يەتكەن تامان.› بۇ بىرىنچى مەنزىل. ‹جۇدەپ بولدۇم بىر تېرە، بىر ئۇستىخان ئىلىم ئۈچۈن، قىلمىدىم پۇشايمان چىرايىم بولسىمۇ زەپىران.› بۇ ئىككىنچى مەنزىل. ‹ئىزدىدىم ئۇنى مىڭ يول يىراقتىن، تاپتىم ئۇنى غېرىب چىراغ تۈۋىدىن.› بۇ ئۈچىنچى مەنزىل». ۋاڭ جىڭئەن ئەپەندى بىرىنچى مەنزىلدە مۆلچەرنى يازغان. ئىككىنچى مەنزىلدە تىرىشچانلىقنى يازغان. ئۈچىنچى مەنزىلدە مۇۋەپپەقىيەتنى يازغان. ئەقىل ۋە پۇرسەتنى يازمىغان. مەن بۇنى ئۇنىڭ بىخەستىلىكى دېيەلمەيمەن، چۈنكى يېزىش نۇقتىسى ئوخشاش بولمايدۇ. بىراق، مېنىڭچە ئەقىل ۋە پۇرسەتنى قوشقان بولسا

① ۋاڭ جىڭئەن (1877 — 1927) — ۋاڭ گوۋېي، تارىخشۇناس، ئەدىب، جېجياڭ خەيىنىڭدىن، ئەخەللۇسى جىڭئەن.

ئېنىقمۇ ئەتراپلىق بولالىدى. كۆپچىلىكنىڭ «جۇدەپ بولدۇم بىر تېرە، بىر ئۇستىخان ئىلىم ئۈچۈن، قىلمىدىم پۇشايمان چىرايىم بولسىمۇ زەپىران» لارچە روھ بىلەن ئىلىم تەھسىل قىلىشىنى ۋە كەسىپ ئىشلىشىنى ئۈمىد قىلىمەن. بۇ، مۇۋەپپەقىيەت قازىنىشنىڭ مۇقەررەر يولى.

## مۇھاكىمە ۋە مەشىق

1. بۇ ئەدەبىي پارچىدا سۆزلەنگىنى كونا تېما بولسىمۇ، لېكىن قاراشلىرى ئۆزگىچە بولۇپ، ئوبدان ئەسەر پۈتۈپ چىققان. ئەسەردە ئەمەلىي مىساللارنى بىر - بىرلەپ تەھلىل قىلىپ كۆپ تەرەپتىن نەقىل ئالغاچقا، ئادەمگە تەبىئىي ھەم يېقىملىق تۇيغۇ بېرىدۇ. ئاپتور «ئەقىل»نىڭ رولىنى، «پۇرسەت»نىڭ رولىنى ئېتىراپ قىلىدۇ، بەراق ئېنىقمۇ مۇھىمى «تىرىشچانلىق» توغرىسىدىكى بايان ئارقىلىق مەسىلىنىڭ يادروسى ھەل قىلغۇچ ئامىلنىڭ يەنىلا ئادەمنىڭ ئۆزىنىڭ تىرىشچانلىقىغا باغلىق ئىكەنلىكىنى ئوتتۇرىغا قويىدۇ. جى شيەنلىن بىر چوڭ ئالىم سۈپىتىدە «مۇۋەپپەقىيەت»كە قارىتا ئۆزىگە خاس تونۇشقا ئىگە. ئاپتور مۇۋەپپەقىيەت قازىنىشنىڭ ئۈچ شەرتىنى تەھلىل قىلىپ: «ئەقىلنى ‹خۇدا› بەلگىلەيدۇ، بۇنىڭغا قۇربىمىز يەتمەيدۇ. پۇرسەت كۈتۈلمىگەن ۋاقىتتا كېلىدۇ، بۇنىڭغىمۇ قۇربىمىز يەتمەيدۇ» دەيدۇ. بۇ ئۇنىڭ تەسىراتى، سىز بۇ ئىككى جۈملە سۆزنى چۈشەندۈرۈپ بېرەلەمسىز؟ سىز ئەمدىلا تېخى 9 - يىللىققا چىققان بولسىڭىزمۇ بۇنىڭغا قارىتا ئادەتتىكى كىشىلەرنىڭكىگە ئوخشىمايدىغان قارىشىڭىز بولۇشى مۇمكىن، سىز مۇشۇ ئىككى «قۇربىمىز يەتمەيدۇ»غا قانداق قارايسىز؟ ئەگەر ئۇنىڭ قارىشىغا تامامەن قوشۇلمىسىڭىز ئۇنىڭغا تۈزىتىش كىرگۈزسىڭىز ياكى ئۇنى تولۇقلىسىڭىز بولىدۇ.

2 . تېكىستتە نەقىل ئېلىنغان ۋالى گوۋېينىڭ «مەنزىل قارىشى» جۇڭگو مەدەنىيىتىدىكى كلاسسىك نۇتۇق ، ئۇنى قايتا ـ قايتا ئوقۇپ، ئۇنىڭدىكى چوڭقۇر مەنىنى ئۆز ئالەشتۇرۇۋېلىڭ ھەمدە ئۆزىڭىزنىڭ تىلىغا ئايلاندۇرۇپ ئېنىق ھەم رەتلىك بايان قىلىپ بېرىڭ .

3 . تېكىستتىكى «ھەربىر ئادەمنىڭ ھەر ۋاقىت ، ھەر سائەت، ھەر كۈنى ، ھەر ئايدا دېگۈدەك چوڭ ـ كىچىك ئوخشاش بولمىغان ‹مۆلچەرى › بولىدۇ» دېگەن جۈملىدىكى سۈپەت ۋە رەۋىشلەرنى تېپىڭ ھەمدە ئۇلارنىڭ تۈرىنى ۋە جۈملىدىكى ۋەزىپىسىنى ئېيتىپ بېرىڭ .

# 14. ئىلىم ۋە ئەقىل ـ پاراسەت

لو جيالۇن[1]

ئىلىم (learning) بىلەن ئەقىل ـ پاراسەت (Wisdom) نىڭ روشەن پەرقى بار. ئىلىم بىلىمنىڭ جۇغلانمىسى(accumulation of knowledge)، شۇنداقلا ھاياتنى ئوزۇقلاندۇرىدىغان خام ماتېرىيال. ھالبۇكى، ئەقىل- پاراسەت بولسا خام ماتېرىيالنى پىششىقلايدىغان پېچ. ئىلىم گويا تۆمۈرگە ئوخشايدۇ. ئەقىل ـ پاراسەت بولسا پولات تاۋلايدىغان پېچ ئوتىغا ئوخشايدۇ. ئىلىم ئاز ـ ئازدىن توپلىنىدۇ، ئۇلار ئۆز ئالدىغا مۇستەقىل بولىدۇ. ئىلىم ئادەمنىڭ ھەۋىسىنى ئۆزىگە قوبۇل قىلىدۇ، بىراق ئۇ ئۆز نۆۋىتىدە يەنە كىشىلىك تۇرمۇشنىڭ قورالى. ئەقىل- پاراسەت بىر خىل ئېنىق كۆرەرلىك، بىر خىل قايتا ئويلىنىش، يىراققا نەزەر سېلىش؛ ئۇ كىشىلىك ھايات ئۆز ئىچىگە ئالغان بىر خىل رادىئوئاكتىپلىق؛ ئۇ كىشىلىك ھاياتنىڭ چوڭقۇر قاتلاملىرىدىن بالقىپ چىقىدۇ، شۇنىڭ بىلەن بىللە، كىشىلىك تۇرمۇشنىڭ ئىستىقبالىنى يورۇتىدۇ.

بەزىلەر ئىلىم — ئەقىل ـ پاراسەت دېمەكتۇر، دەيدۇ. ئەمەلىيەتتە، ئىلىملىك كىشىلەرنىڭ ھەممىسىلا ئەقىل ـ پاراسەتلىك بولغانمۇ؟ دۇنيادا نۇرغۇن چوڭقۇر مەلۇماتلىق كىشىلەر بولسىمۇ، لېكىن ئۇلار ئىلىمنى جانلىق تەتبىقلىيالمايدۇ، ئەتراپلىق ئىگىلەشنى،

① لو جيالۇن (1897 — 1969) — مەشھۇر ئالىم، ماتارىپچى. بۇ ماقالە ئۇنىڭ 1995 ـ يىلى نەشر قىلىنغان «ھېكمەت ئۇنچىلىرى» ناملىق كىتابىدىن قىسقارتىپ ئېلىندى.

بىرى ئارقىلىق باشقىلارنى بىلىشنى بىلمەيدۇ، ئۇمۇر بويى كىتابتىن چىقالمايدۇ، بۇلارغا «ئەقىل - پاراسەت»تىن سۆز ئېچىش مۇمكىن ئەمەس. بۇنداق كىشىلەرنى ياۋروپالىقلار «ئىلىملىك دۆت» (a learned - fool) دەپ ئاتايدۇ، جۇڭگودا بولسا «ئىككى پۇتلۇق كىتاب ئىشكاپى» ياكى «دۇگخولۇق ئەپەندى»[1] دەپ ئاتايدۇ. ئەكسىچە قىلىپ ئېيتقاندا، ئەقىل - پاراسەتلىك كىشىلەرنىڭمۇ ناھايىتى مەلۇماتلىق بولۇشى ناتايىن. شۇنداق كىشىلەر باركى، ئوقۇغان كىتابى كۆپ بولمىسىمۇ ھەممىنى بىلەلەيدۇ، تەجرىبىسىگە تايىنىپ ئەقلىنى جايىدا ئىشلىتەلەيدۇ، «كالا سويغاندا سەزگۈ ئەزالارنى ئىشقا سالماي، روھىي ھەرىكەتكە تايىنىپ، كالا گەۋدىسىنىڭ تەبىئىي فىزىئولوگىيىلىك قۇرۇلمىسى بويىچە، پىچاقنى چوڭراق بوشلۇقتا سۈركىسىلا بولىدۇ.» بۇنداق كىشىلەرنى بىز ئەقىل - پاراسەتسىز دەپ ئېيتالامسىز؟

ئىلىم ئەقىل - پاراسەتتىن ئايرىلالمايدۇ؛ ئەقىل - پاراسەتتىن ئايرىلغان ئىلىم ئۆلۈك ئىلىم. تەتقىقات خىزمىتى بىلەن شۇغۇللىنىدىغان نۇرغۇن كىشىلەر كۆپلىگەن ماتېرىياللارنى توپلايدۇ، بىراق يىل بويى ئاۋارە بولۇپمۇ مەسىلىنىڭ مەركىزىنى تاپالماي، ھېچقانداق نەتىجىگە ئېرىشەلمەيدۇ، نەتىجىگە ئېرىشكەن تەقدىردىمۇ ئەھمىيىتى ئانچە زور بولمايدۇ — مانا بۇ ئەقىل - پاراسەتنىڭ يوقلۇقى. ھالبۇكى، ئەقىل - پاراسەتلىك كىشىلەر ئۇلارغا ئوخشىمايدۇ، ئۇلار كىچىككىنە بىر مەسىلىنى تەتقىق قىلىشتىمۇ ئاچقۇچنى تۇتۇپ، مەسىلىنىڭ نېگىزىنى تېپىپ چىقالايدۇ؛ بۇنىڭدا مەسىلە كىچىك بولسىمۇ، تەسىرى كەڭ ھەم زور بولىدۇ. مەسىلەن، مېندېل (Mendel)[2] نىڭ پۇرچاق چېتىشتۇرۇشنى تەتقىق قىلىپ تۇرۇپ، ئىرسىيەت قانۇنىنى

---

① دۇگخولۇق ئەپەندى — پاراسەتسىز ئوقۇتقۇچىنى كۆرسىتىدۇ. كىنايە مەنىسىدە ئىدىيىسى قاتمال، قارىشى تېيىزلىقىنى بىلدۈرىدۇ.

② مېندېل (1822 — 1884) — ئاۋستىرىيىلىك ئىرسىيەتشۇناس، ئىرسىيەتشۇناسلىقنىڭ ئاساسچىسى.

www.uyghurkitap.com

بايقاپ ، ئىرسىيەتشۇناسلىق ۋە سۈپەتلىك تۇغۇت ئۈچۈن ئاساس سال-
غانلىقى بۇنىڭ بىر مىسالى . يەنە تەدرىجىي تەرەققىيات نەزەرىيىسىنىڭ
ئاساسچىسى دارۋىن[①]نى مىسالغا ئېلىپ كۆرەيلى . دارۋىندىن ئىلگىرى
مول ئىلىمگە ئىگە بىئولوگلار ، دېڭىز بويىدىكى قۇلۇلە ، تاغ ئۈچىدى-
كى تاشقا ئايلانغان رەسىملەر ، ئادەمسىمان مايمۇن ، ئىپتىدائىي ئادەم-
لەرنى كۆرگەنلەر يوقمىدى ؟ ئۇلار نېمە ئۈچۈن تەبىئىي تاللىنىش[②] ،
ماسلىشالىغانلىرى ھايات قېلىش تەبىئىي قانۇنىيىتىنى بايقىيالماي
قالدى ؟ دارۋىن ئۇنى بايقىغاندىن كېيىن ، ھۇشلىي[③] : «بۇ قائىدىنى
كالۋامۇ بىلەلەيتتىغۇ ، نېمە ئۈچۈن مەن بىلەلمىگەن بولغىيتتىم » دەپ
ئەپسۇسلانغان ، شۇنىڭ بىلەن پۈتۈن ۋۇجۇدى بىلەن دارۋىننىڭ «كالا
باش ئىتى»[④] (bulldog) بولۇپ ، دارۋىننىڭ تەسىرىنى كېڭەيتكەن .
ھازىرقى زامان فىزىكى ئېينىشتېيىننى كىشىلەر نيۇتوندىن كېيىنكى
تۇنجى ئۇلۇغ فىزىك دەپ ئاتىغان ، ئۇنىڭ نىسپىيلىك نەزەرىيىسى
ئىلىم - پەن ساھەسىدە ئاز ئۇچرايدىغان نەتىجە ئىدى ، بىراق ئۇ :
«مېنىڭ كەشپىياتىم ئىنتايىن ئاددىي ، سىلەر ئۇنى كۆرەلمىدىڭلار ،
خالاس !» دەيدۇ . ئۇنىڭ باشقىلارنىڭ كۆرەلمىگىنىنى كۆرەلىشى دەل
ئۇنىڭ ئەقىل - پاراسىتىنىڭ باشقىلاردىن ئېشىپ چۈشىدىغان تەرىپى .

دۇنيادا ئەقىل - پاراسەتلىك كىشىلەر ئاز بولۇپلا قالماي ، يەنە
ئەقىل - پاراسەتلىك كىتابلارمۇ ئاز . بىز كىتابلارنى ئەقىل - پارا-
سەت كىتابلىرى ۋە ئەقىل - پاراسەتسىز كىتابلىرى دەپ ئىككى چوڭ
تۈرگە ئايرىيالايمىز . ئەقىل - پاراسەت كىتابلىرىدىكى ھەربىر خەت ،
ھەربىر جۈملە نۇر چاقناپ تۇرغان ئۈنچىگە ، ئۆتكۈر شەمشەر تىغىغا
ئوخشايدۇ ، ئۇ ئادەمنىڭ قەلبىنى ئويغىتىپ ، ئىدىيىسىنى ئاچىدۇ ،

---

① دارۋىن (1809 — 1882) — ئەنگلىيىلىك مۇزېيشۇناس .
② تەبىئىي تاللىنىش — مەۋجۇتلۇق رىقابىتى ۋە تەبىئىي تاللىنىشنىڭ يىغىنچاقلىنىشى . شەيئىلەر مەۋجۇت بولۇش ئۈچۈن رىقابەتلىشىدۇ . تەبىئىي تاللىنىش نەتىجىسىدە ئاجىزلىرى شاللىنىدۇ ، دېگەن مەنىدە .
③ ھۇشلىي (1825 — 1895) — ئەنگلىيىلىك مۇزېيشۇناس .
④ كالا باش ئىت — بوينى توم ۋەھشىي ئىت .

ھەتتا بەزىدە بىرەر پارچە دىسسېرتاتسىيىنى ياكى بىر كىتابنى بارلىققا كەلتۈرىدۇ. مانا بۇ ئىنگلىزچىدا دېيىلىدىغان «بىرلىيانت كىتاب» (brilliant bok). ئەقىل - پاراسەتسىز كىتابلاردا ماتېرىياللار دۆۋە - دۆۋە، مۇنازىرە كۆپ بولسىمۇ، لېكىن ھېچقانداق ئىدىيە يوق. بۇلاردىن خەۋەرگە ئېرىشكىلى بولىدۇ يۇ، ئىلھامغا ئېرىشكىلى بولمايدۇ. ئاپتور كەلگۈسىدىكى يېڭى مەنىلەرنى يۈكسەك يىغىنچاقلىيالمايدۇ، ئوقۇرمەنلەر ھېچ نەرسىگە ئېرىشەلمەيدۇ. مانا بۇ ئىنگلىزچىدىكى «چۈشىنىكسىز كىتاب» (dull book). ھالبۇكى، بۇنداق كىتابلار ئىنتايىن كۆپ بولىدۇ، ئوقۇرمەنلەر ۋاقتىنى ئىسراپ قىلماي تۇرۇپ ئېسىللىرىنى تاللىيالمايدۇ. شۇنى بىلىش كېرەككى، كىتاب يېزىش ئۈچۈنمۇ ئەقىل - پاراسەت لازىم، كىتاب ئوقۇش ئۈچۈنمۇ ئەقىل - پاراسەت لازىم. كىتاب ئوقۇشتىن يىغىپ بىلىم، بايقاشلارغا ئېرىشىش ئەقىل-پاراسەتنىڭ ئىپادىلىنىشى. چوڭقۇرلاپ تەھلىل قىلىپ مەسىلىنى ئېنىق چۈشەندۈرۈش، پىكرى بىردىنلا ئېچىلىپ كېتىش ئاسان ئىش ئەمەس. ئەگەر نۇرغۇن كىتابلارنى ئوقۇپ، بارلىق تەپسىلاتلارنى تولۇق يادقا دەپ بېرەلىگۈدەك بولالىساڭمۇ نېمە پايدىسى؟

ئىلىم ئەقىل - پاراسەتتىن ئايرىلالمايدۇ، شۇنىڭ بىلەن بىللە، ئەقىل - پاراسەتمۇ ئىلىمدىن ئايرىلالمايدۇ. ئەقىل - پاراسەتلىك كىشىلەرنىڭ جەزمەن چوڭقۇر ئىلىملىك بولۇشى ناتايىن بولغىنىدەك، ئىلىملىك ئادەملەرنىڭ جەزمەن ئەقىل - پاراسەتلىك بولۇشى ناتايىن، بىراق ئەقىل - پاراسەت ئىلىمنى ئاساس قىلغاندىلا ئىشەنچلىك بولىدۇ. ئىلىمسىز ئەقىل - پاراسەت گوياكى غىل - پال كۆرۈنۈپ يوقالغان يورۇققا ئوخشايدۇ. ئۇ سوپۇن كۆپۈكىدەك رەڭدار بولسىمۇ، لېكىن قول تېگىش بىلەنلا ئېتىلىپ كېتىدۇ. ئىلىم ئاساسىدا بارلىققا كەلگەن ئەقىل - پاراسەتلا غىل - پال كۆرۈنۈپ يوقىلىدىغان نۇرغا ئوخشىمايدۇ، ئۇ خۇددى كۆزنىتىش چىرىغىدەك بۇلۇت قاتلاملىرىنى يېرىپ ئۆتۈپ، كۆكنى يورۇتالايدۇ. ئىلىمدىن تاۋلىنىپ چىققان

ئەقىل ـ پاراسەتلا ھەش ـ پەش دېگۈچە يوقىلىدىغان سوپۇن كۆپۈكىگە ئوخشمايدۇ ؛ ئۇ پۇتمەس ـ تۈگىمەس بۇلاق سۈيىدەك ئۈزلۈكسىز بۇلدۇقلاپ يەر يۈزىگە چىقىپ تۇرىدۇ ھەم مۇشۇنداق مەنبەگە ئىگە بولغان ئەقىل ـ پاراسەتلا ئەڭ ئىشەنچلىك ، ئەڭ ساپ ، ئەڭ قىممەتلىك بولىدۇ .

ئەگەر ئىلىمنى قۇرۇلۇش ماتېرىيالىغا ئوخشاتساق ، ئۇنداقتا ئەقىل ـ پاراسەت مىمارنىڭ پاراسىتىگە ئوخشايدۇ . ياغاچ ، تاش ھەتتا سېمونت ، پولات سىم بولسىلا ئىمارەت بولمايدۇ ؛ ماتېرىيال مىخانىكىسى ، قۇرۇلما پرىنسىپىنى بىلگەن تەقدىردىمۇ ئادەتتىكىچە ئۆي سالغىلىلا بولىدۇ ، ھەرگىزمۇ ھەيۋەتلىك سان پېتىر (St. Peter'S) ياكى پارىژ بۈۋى مەريەم چېركاۋى (Notre Dame) نى قۇرۇپ چىققىلى بولمايدۇ . بۇنداق كەم كۆرۈلىدىغان گۈزەل سەنئەت ئەسەرلىرىنى يارىتىش ئۈچۈن سەنئەتكارلارنىڭ ھۈنىرىگە تايىنىشقا توغرا كېلىدۇ . ماتېرىيال قولغا چىققانسېرى ھۈنەرنى شۇنچىكى كۆرسەتكىلى بولىدۇ ؛ قۇرۇلما پرىنسىپى تەرەققىي قىلغانسېرى سەنئەتكارلار شۇنچىكى يېڭىلىق يارىتالايدۇ . ماتېرىيال بىلەن سەنئەتنىڭ ئۇسلۇبقا بولغان تەسىرىگە پۈتكۈل گۈزەل سەنئەت تارىخى گۇۋاھ بولالايدۇ . شۇڭا ، ئىلىم بىلەن ئەقىل ـ پاراسەت بىر ـ بىرىنى تولۇقلايدۇ . ئۇلاردىن بىرى كەم بولسا بولمايدۇ . بىزدە ئىلىملا بولۇپ قالماي ، يەنە ئەقىل ـ پاراسەتمۇ بولۇشى ، ئەقىل ـ پاراسەت ئارقىلىق ئىلىمنى ئىگىلىشىمىز ، ئىلىمنى كۆزىتىشىمىز ، تەتبىقلىشىمىز كېرەك .

## مۇھاكىمە ۋە مەشىق

1 . تېكىستنىڭ مەدەنىيەت قاتلىمى يۇقىرى ، مەنىسى مول . ئادەتتىكى ئەھۋالدا كىشىلەر «ئىلىم» بىلەن «ئەقىل ـ پاراسەت»

نى ئارىلاشتۇرۇۋالىدۇ . ھالبۇكى ، بۇ ئەسەردە «ئىلىم» بىلەن «ئەقىل- پاراسەت»نىڭ دىئالېكتىك مۇناسىۋىتى ئوبرازلىق ھەم جايىدا شەرھلەنگەن . ئاپتور ئىلىم بولۇشى ئۈچۈن ئەقىل - پاراسەتنىڭ بولۇشى لازىملىقىنى ؛ بىلىم بولۇشى ئۈچۈن ئىقتىدارنىڭ بولۇشىنىڭ تېخىمۇ لازىملىقىنى تەكىتلەيدۇ . ئەسەردە ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئۆگىنىشتىكى خاتا چۈشەنچىسى كۆزدە تۇتۇلۇپ ، بىلىمگە ئەھمىيەت بېرىپ ، ئىقتىدار يېتىلدۈرۈشكە سەل قارايدىغان كونا تەلىم - تەربىيە قارىشى تەنقىد قىلىنغان . تېكىستنىڭ باشلىنىشىدىكى ئىككى ئابزاستا كۆپ خىل ئۇسۇللاردىن پايدىلىنىپ «ئىلىم» بىلەن «ئەقىل - پاراسەت» نىڭ پەرقى چۈشەندۈرۈلگەن ، سىز ئاپتورنىڭ دېمەكچى بولغىنىغا ئاساسەن ، ئەڭ ئاددىي سۆزلەر بىلەن «ئىلىم» بىلەن «ئەقىل- پاراسەت»نى چۈشەندۈرۈپ بېرەلەمسىز ؟

2 . تۆتىنچى ئابزاستا «ئەقىل - پاراسەتلىك كىتاب» بىلەن «ئەقىل - پاراسەتسىز كىتاب» تىلغا ئېلىنغان ، بۇ ئىككىسىنىڭ ئاساسلىق پەرقى نېمە ؟ بۇنى تېكىستتىن تېپىپ چىقىڭ ھەمدە يىغىنچاقلاڭ .

3 . تېكىستنىڭ تىلى ئىخچام ، جانلىق ھەم قىزىقارلىق ، نۇرغۇن جۈملىلەرنى ھېكمەتلىك سۆزلەر قاتارىدا ياد ئېلىۋېلىشقا بولىدۇ . بەشىنچى ئابزاستىكى سۆزلەر تىزىلغان مەرۋايىتقا ئوخشايدۇ ، ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئۇنى خاتىرىسىگە كۆچۈرۈۋېلىشىغا ، يادلىۋېلىشقا قىزىقتۇرىدىغانلىقىغا ئىشىنىمىز .

4 . تېكىستتىن تەگداش باغلىنىشتا كەلگەن سۆزلەر قوللىنىلغان جۈملىدىن ئىككىنى تېپىپ ، تەگداش باغلىنىشتا كەلگەن سۆزلەرنىڭ ئاستىغا سىزىڭ .

# 15 . ئىلىم تەھسىل قىلىش ھەققىدە

بېكون[①]

*كىتاب ئىنسانىيەتنىڭ ئالغا بېسىشىدىكى پەلەمپىيى . كىتاب ئوقۇش ھەققىدىكى بەزى مەسىلىلەر ئۈستىدە كىشىلەر نۇرغۇن پايدىلىق تەكلىپ - كۆرسەتمىلەرنى بەرگەن . بۇ ماقالىدە بېكوننىڭ ئاجايىپ قاراشلىرى ۋە ئىلھامبەخش پىكىرلىرى بىلەن ئۇچرىشىمىز . ئۇنىڭ بەزى قاراشلىرى كىشىنى چوڭقۇر ئويلاندۇرىدۇ .*

كىتاب ئوقۇشتا بەزىلەر ئىچ پۇشۇقىنى چىقىرىشنى ، بەزىلەر بىلىملىك قىياپەتكە كىرىۋېلىشنى ، يەنە بەزىلەر ئىقتىدارىنى ئۆستۈرۈشنى مەقسەت قىلىدۇ . كىتاب ئوقۇشنىڭ ئىچ پۇشۇقىنى چىقىرىش تەرىپى ئاساسەن يالغۇز قالغان ۋە ئىشتىن چېكىنگەن چاغقا باب كېلىدۇ ؛ بىلىملىك قىياپەتكە كىرىۋېلىش تەرىپى ئاساسەن گەپدانلىق قىلىشقا باب كېلىدۇ ؛ ئىقتىدار ئۆستۈرۈش تەرىپى ئاساسەن ئىشلارغا ھۆكۈم قىلىش ۋە ئىشلارنى بىر تەرەپ قىلىشقا باب كېلىدۇ . ئەمەلىي تەجرىبىسى بار كىشى بەلگىلىك خىزمەتنى ئورۇندىيالىغىنى ، شۇنداقلا ئايرىم ئىشلار ئۈستىدە ھۆكۈم چىقىرالىغىنى بىلەن ، چوڭ - چوڭ تەكلىپلەرنى بېرىش ھەم قىلىشقا تېگىشلىك چوڭ ئىشلارنى پىلانلاش

① بېكون — فرانسىس بېكون (1561 — 1626) ئەنگلىيىلىك پەيلاسوپ ۋە يازغۇچى . بۇ تېكىست شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى نەشر قىلغان «بېكون كىشىلىك ھايات ھەققىدە» ناملىق كىتابتىن ئېلىندى .

ۋە ئورۇنلاشتۇرۇشقا ئوخشاش ئىشلارنىڭ مۇتلەق كۆپ قىسمىنى بە-
لىملىكلەر بەجا كەلتۈرىدۇ.

بىرنەرسە ئۆگىنىشكە ۋاقىتنى بەك كۆپ سەرپ قىلىۋېتىش مۇ-
رۇنلۇق ھېسابلىنىدۇ؛ ئۆزىنى بىلىملىك كۆرسىتىشكە ئورۇنۇش
ساختىپەزلىك بولىدۇ؛ بىرەر ئىش ئۈستىدە ھۆكۈم چىقىرىشتا تاما-
مەن بىلىم قائىدە - قانۇنىيەتلىرىنى ئاساس قىلىش كىتاببازلىق
بولىدۇ.

بىلىم ئىنساننىڭ تەبىئىيىتىنى تېخىمۇ تاكامۇللاشتۇرىدۇ. تەج-
رىبە بىلىمنى تېخىمۇ مۇكەممەللەشتۈرىدۇ. تەبىئىي تالانت ياۋا گىيا-
ياھقا ئوخشاش بولۇپ، ئۇنى بىلىم بىلەن چاتاپ - قىرقىپ تۇرۇشقا
توغرا كېلىدۇ؛ بىلىم تەجرىبىنىڭ چەكلىمىسىگە ئۇچرىمايدىغان بول-
سا، ئۇنىڭ يېتەكچىلىكى بەك يۈزە بولۇپ قالىدۇ. ھىيلىگەرلەر
بىلىمنى كۆزگە ئىلماس كېلىدۇ، دۆتلەر بىلىمگە ھەۋەس قىلىدۇ،
چېچەنلەر بىلىمدىن پايدىلىنىدۇ؛ بىلىم كىشىلەرگە ئۆزىنى قانداق
تەتبىقلاشنى ئېيتىپ بەرمەيدۇ. تەتبىقلاش ئۇسۇلى كىتابنىڭ سىرتىدا
بولىدۇ، ئۇ بىلىمدىن ئۈستۈن تۇرىدىغان بىر خىل پاراسەتكە ياتىدۇ،
ئۇنىڭغا كۆزىتىش ئارقىلىقلا ئېرىشكىلى بولىدۇ. كىتابنى قۇرۇق
گەپ سېتىش ۋە ۋەز ئېيتىش ئۈچۈن ئەمەس، دەگسەش ۋە پىكىر
قىلىش ئۈچۈن ئوقۇش كېرەك. ياخشى گەپتىن پۇتاق چىقىرىش ياكى
كىشىگە رەددىيە بېرىش ئۈچۈنلا كىتاب ئوقۇشقا بولمايدۇ، شۇنداقلا
كىتابقا بەك ئىشىنىپ كېتىشكىمۇ بولمايدۇ. بىلىم ئىگىلەشتىن مەق-
سەت مەنمەنچىلىك قىلىش ياكى كۆز - كۆز قىلىش ئۈچۈن ئەمەس،
بەلكى ھەقىقەتنى تېپىش، ئەقىل - پاراسەتنى ئاشۇرۇش ئۈچۈن
بولۇشى كېرەك.

يۈزە تەتقىق قىلىپ قويۇشقا لايىق بىلىملەرمۇ، ئاز - تولا بىلىپ
قويۇشقا تېگىشلىك بىلىملەرمۇ بار. پەقەت ئاز ساندىكى كەسپىي
بىلىملەرنى چوڭقۇر تەتقىق قىلىشقا ۋە يېپىدىن - يىڭنىسىگىچە بە-

www.uyghurkitap.com

لىشكە توغرا كېلىدۇ. شۇڭا، بەزى كىتابلارنىڭ بىر قىسمىنى، بەزى كىتابلارنىڭ قىسقىچە مەزمۇنىنى ئوقۇشلا كۇپايە، ئاز ساندىكى ياخشى كىتابلارنى قېتىرقىنىپ تەكرار ئوقۇش كېرەك.

بەزى كىتابلارنى باشقىلار ئوقۇپ چىقسا، ئۇنىڭ خاتىرىسىنى ئوقۇسىڭىزلا بولىدۇ، لېكىن بۇنداق قىلىش مۇلاھىزىسى ئانچە مۇھىم بولمىغان كىتابلار بىلەنلا چەكلىنىشى كېرەك.

كىتاب ئوقۇش كىشىنى تاكاموللاشتۇرىدۇ؛ سۆھبەت كىشىنى چېچەنلەشتۈرىدۇ؛ خاتىرە يېزىش كىشىنى زىللاشتۇرىدۇ، بىلىمىنى مۇستەھكەملەيدۇ. خاتىرە قالدۇرۇشنى خالىمايدىغان كىشىنىڭ ئەستە تۇتۇش قابىلىيىتى چوقۇم كۈچلۈك بولۇشى كېرەك، باشقىلار بىلەن كۆپ ئەسرا بولمايدىغان كىشى ئۆتكۈر بولۇشى كېرەك، كىتاب ئوقۇمايلا بىلىملىك دېگەن نامنى ئېلىۋېلىشنى مەقسەت قىلغانلار چوقۇم ناھايىتى ھىيلىگەر بولۇشى كېرەك. شۇنداق بولغاندىلا، ئاندىن ئۇلار ئۆزىنىڭ بىلىمسىزلىكىنى يوشۇرالايدۇ.

تارىخ ئۆگىنىش كىشىنى زېرەكلەشتۈرىدۇ؛ شېئىر ئوقۇش كىشىنىڭ زېھنىنى ئاچىدۇ؛ ماتېماتىكا ئۆگىنىش كىشىنى پۇختا قىلىدۇ. پەلسەپە ئۆگىنىش كىشىنى يۈزە قاراشلاردىن خالىي قىلىدۇ. ئېتىكا ئۆگىنىش كىشىنى سالماقلاشتۇرىدۇ؛ لوگىكا بىلەن ئېستېتىكا ئۆگىنىش كىشىنى مۇنازىرىگە ماھىر قىلىدۇ. ئومۇمەن، بىلىم كىشىدە خاراكتېر يېتىلدۈرىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىللە، بەدەندىكى ئاجىزلىقلارنى ھەرىكەت ئارقىلىق تولۇقلىغىلى بولغاندەك، روھىي جەھەتتىكى يېتەرسىزلىكلەرنى بىلىم ئارقىلىق تولۇقلىغىلى بولىدۇ. مەسىلەن، دومىلىما توپ ئويناش بۆرەكنى، ئوقيا ئېتىش ئۆپكىنى، سەيلە قىلىش ئاشقازاننى ياخشىلايدۇ، بەيگە ئويناش مېڭىنى سەگەكلەشتۈرىدۇ، ۋەھاكازا … شۇڭا، پىكرىنى مەركەزلەشتۈرەلمەيدىغانلارنى ماتېماتىكا ئۆگىنىشكە سېلىش كېرەك. چۈنكى، ماتېماتىكىدا سەل - پەل دىققەت قىلىنمىسىلا، خاتالىق كېلىپ چىقىدۇ.

www.uyghurkitap.com

ئانالىز قىلىش، پەرق ئېتىش قابىلىيىتى ئاجىز كىشىلەرنى پەلسەپە ئەسەرلىرىنى ئوقۇشقا سېلىش كېرەك، چۈنكى پەيلاسوپلار ماددا، تارماقلارغا بۆلۈپ ئىنچىكە ئانالىز قىلىشقا ماھىر كېلىدۇ. مەسىلىلەرنى تەكشۈرۈپ ئېنىقلىيالمايدىغان، بىر ئىش ئارقىلىق باشقا بىر ئىشنى دەلىللىيەلمەيدىغان ۋە يېشىپ بېرەلمەيدىغان ئادەمنى ئادۋوكات بېجىرگەن دېلولارنى تەتقىق قىلىشقا سېلىش كېرەك. دېمەك، ئەقلىي جەھەتتىكى كەمتۈكلۈكلەرنى تۈگىتىشنىڭ ئۆزىگە تۇشلۇق يولى بولىدۇ.

## مۇھاكىمە ۋە مەشىق

1. سىز ئون يىلغا يېقىن كىتاب ئوقۇش جەريانىدا كىتاب ئوقۇشنىڭ مەقسىتى، ئۇسۇلى ۋە رولى توغرىسىدا بەزى بىلىملەرگە ئىگە بولدىڭىز. بۇ ماقالىنى پىششىق ئوقۇپ، كىتاب ئوقۇش توغرىسىدا ئۆزىڭىزنىڭ تېخىمۇ ياخشىراق قانداق چۈشەنچىڭىز بارلىقىنى سۆزلەپ بېقىڭ.

2. بۇ ماقالىدىكى تۆۋەندىكى جۈملىلەردە قانداق قاراشلارنىڭ ئوتتۇرىغا قويۇلغانلىقى ۋە بۇ قاراشلارنىڭ قانداق شەرھلەنگەنلىكىنى سۆزلەپ بېقىڭ.

1) «تارىخ ئۆگىنىش كىشىنى زېرەكلەشتۈرىدۇ»دىن «خاراكتېر يېتىلدۈرىدۇ» دېگەن يەرگىچە.

2) «بەدەندىكى ئاجىزلىقلارنى»دىن «ئۆزىگە تۇشلۇق يولى بولىدۇ» دېگەن يەرگىچە.

3. بۇ ماقالىدىكى ھېكمەتلىك سۆزلەرنى خاتىرىڭىزگە كۆچۈرۈۋېلىڭ ھەمدە ئۆزىڭىز ئەڭ ياخشى دەپ قارىغان بىرەر ھېكمەتلىك سۆزنى ئاساس قىلىپ، ئۆز قاراشلىرىڭىزنى قوشۇپ دەلىللەپ، مۇھاكىمە خاراكتېرلىك ئەسەر يېزىپ چىقىڭ.

# 16 . كىتاب ۋە كىتاب مەدەنىيىتى

ئابدۇشۇكۇر مۇھەممەتئىمىن [1]

## مۇقەددىمە

كىتاب — يۈكسەك ئۇچۇر ۋە مۇقەددەس تامغىدىن ئىبارەت. ئىنسانىيەت يازما تارىخ ۋە كىتاب سەھىپىلىرىگە بىلىش ۋە ئىپادىلەش جەۋھەرلىرىنى يېزىق ئارقىلىق قالدۇرۇشتىن ئىلگىرى ئۆز تۇرمۇشى، ئالەم قاراشلىرى ۋە روھىيەت ئۆركەشلىرىنى قىيا تاشلارغا، قونچاق ياكى تاش - سۆڭەك، برونزا بۇيۇملىرىغا، كاھىش قاچىلارغا ھەر خىل قىياپەتلىك ياكى سىمۋوللۇق رەسىم ۋە تامغا - بەلگىلەر بىلەن چېكىشكەن. ماقال - تەمسىل، ئەپسانە - رىۋايەت، مەسەل - چۆچەك، ناخشا - قوشاق شەكلىدە ئەقىل دەستۇرلىرى تۈزۈشكەن. مانا بۇلار كىتاب شەكلىگە كىرمىگەن «كىتاب»تىن ئىبارەت.

ھازىرغىچە يېزىق شەكلىدىكى ئەڭ قەدىمكى كىتاب ئىككى دەريا — دەجلە ۋە فرات ئارىلىقىغا كۆچۈپ كەلگەن خەلقلەرنىڭ مىلادىيىدىن 3000 يىللار ئىلگىرىكى لايدىن بىنا ۋە قەسىرلەر ياسىغاندا لاي تاختىلارغا يېزىلغان «پايتەخت قورغۇچى گىلگامىش» داستانىدىن ئىبارەت. بۇ تۇنجى ئۇچلۇق تاياقچە — قەلەم بىلەن لاي تاختىلارغا يېزىلغان «كىتاب»تىن باشقا يەنە مىلادىيىدىن 18 ئەسىر ئىلگىرى مىخ يېزىق بىلەن يېزىلغان «كىتاب» بابىل شاھى ھامۇرابىنىڭ 282

[1] ئابدۇشۇكۇر مۇھەممەتئىمىن (1933 — 1995) ئاتۇشتا تۇغۇلغان. ئالىم، مۇتەپەككۇر، ئەدىب، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ پروفېسسورى. بۇ تېكىست شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى نەشر قىلغان «ئۇيغۇرلاردا ئىسلام مەدەنىيىتى» ناملىق كىتابتىن ئېلىندى.

www.uyghurkitap.com

ماددىلىق قانۇن دەستۇرى ھېسابلىنىدۇ.

قەغەزنىڭ ئىختىرا قىلىنىشىغىچە تېرە ۋە مەخسۇس تەييارلانغان تاختا - تارىشىلا كىتابچىلىقنىڭ ئاساسىي ۋاسىتىسى بولغان. قەغەزنىڭ ئىختىرا قىلىنىشى كىتابچىلىق تارىخىدا ئىنقىلاب خاراكتېرلىك ئۆزگىرىش پەيدا قىلدى. شۇنىڭدىن باشلاپ خانلىق سارايلاردا مەخسۇس مىرزىخانىلار قۇرۇلۇپ، ئەسەرلەر قەلەم بىلەن كۆچۈرۈلىدىغان بولدى. كېيىنچە، ياغاچقا خەت ئويۇش ئارقىلىق كىتاب - رىسالىلەرنىڭ نۇسخىسىنى كۆپەيتىش، ئارقىدىنلا تاش مەتبەئە كەشىپ قىلىندى. مىخ مەتبەئە ھازىرقى زامان كىتابچىلىقىنى رەسمىي نەشرىيات كىتابچىلىقىغا ئايلاندۇردى. كېيىنچە، مىخ مەتبەئەچىلىك قوغۇشۇن تاياقچىلىرىغا ئاساسلىنىدىغان بولدى. بۈگۈنكى كۈندە ئېلېكترونلۇق مەتبەئە تېخنىكىسى مەيدانغا كېلىپ كەڭ ئومۇملاشماقتا. مەتبەئەچىلىك تېخنىكىسىنىڭ داۋاملىق راۋاجلىنىشى خۇددى كىنو بىلەن تېلېۋىزوردەك جەمئىيەت نەشرىياتچىلىقى بىلەن ئائىلە نەشرىياتچىلىقى بىللە ساقلانغان يېڭى تۈزۈلمىنىڭ يېقىندىلا رېئاللىققا ئايلىنىدىغانلىقىدىن دېرەك بەرمەكتە. بۇ، ئىنساننىڭ ئۇلۇغ ئۇچۇر ئىقتىدارىنىڭ دولقۇنسىمان تەسىر دائىرىسىنى زامان ۋە ماكان جەھەتتە يېڭى پەللىگە كۆتۈرگۈسى.

## ئۇلۇغ روھىيەت خەزىنىسى

كىتاب — كەڭ مەنىدە ئىنسانىيەتنىڭ بىلىش تارىخى ۋە ئىنساننىڭ تەسەۋۋۇر بوشلۇقىنىڭ سەھىپىلەشكەن شەكلىدىن ئىبارەت. كىتاب ئالدى بىلەن ئىنسان قەلبىدىكى كائىنات. ياخشى كۆتۈپخانا ھەقىقىي مەنىسى بىلەن كائىناتنىڭ جاھاننەما ئەينىكى بولۇپ، بۇ ئەينەكتە ئۆز سەرگۈزەشتىلىرىمىزدىن ھالقىغان دۇنياۋى ماھىيەتلەر جىلۋىلىنىدۇ. ئىنسان كىتاب ئارقىلىقلا پۈتكۈل تارىخنى قىياسەن باشتىن كەچۈرىدۇ. ئەنگلىيىلىك مۇتەپەككۇر بېكون ئېيتقاندەك،

«كىتاب قىممەت باھا يوقنى ئەجدادتىن ئەۋلادقا يەتكۈزىدىغان كېمە». كىتاب بىزنى مۇنەۋۋەر مەدەنىيەتنىڭ ئىزاھلىغۇچىسى، ۋارىسى قىلىدۇ. پۈتۈن ماددىي روزىغارلار، بىنالار، بانكىلار، شەھەر ۋە مەملىكەتلەر، ھەتتا پۈتۈن سۈرۈك مىللەتلەرمۇ يوقىلىپ كېتىدۇ، پەقەت كىتاب يوقالمايدۇ، بىز كىتاب شاراپىتىدىن قەدىمكى ئەپسانە - رىۋايەتلەرنى، خانىدانلىقلار قىسسىلىرىنى، پەلسەپە جەۋھەرلىرىنى، ئەدەبىيات - سەنئەت دۇردانىلىرىنى بىلەلەيمىز. ئىنسان ياراتقان مۆجىزىلەر ئىچىدە مەڭگۈلۈك ھاياتقا ئىگە مۆجىزە پەقەت كىتابتۇر. كىتاب ئىنسانىيەت تارىخىنىڭ ئۆلمەس روھى. ئۇلۇغ تارىخىي سىمالارنىڭ ھەقىقەت يالقۇنلىرىنى مەڭگۈ يېلىنجىتىپ تۇرىدىغان مۇقەددەس ئوچاق. ئەگەر كىتاب بولمىغان بولسا، دۇنيانى مىڭلىغان قۇياشمۇ جاھالەت ئازابىدىن قۇتۇلدۇرالىشى مۇمكىن بولمىغان بولاتتى! مۇشۇ مەنىدىن ئېيتقاندا، پۈتكۈل ئىلىم - پەن، مەدەنىيەت ۋە تارىخ بىرلا خەزىنىگە ئىگە، ئۇ بولسىمۇ ئۇلۇغ روھىيەت خەزىنىسى بولغان كىتابتىن ئىبارەت.

كىتاب ھەربىر شەخسنىڭ مەنىۋى فوندى ۋە ئۇنىڭ كامالەت گۇۋاھنامىسى. قەدىمكى رىم ناتىقى تىستىرون «كىتابسىز ئۆي — جانسىز تەن» دەپ توغرا ئېيتقان، كىتابسىز شەخس مەيلى ئۇ باي مىراسخور ياكى ئالتۇن خەزىنە ئىگىسى بولسۇن، ئۇ بەختسىز ۋە بەختسىزلىكىدىن خەۋەرسىز ناداندۇر. ئۇ يۈز يىل ياشىسىمۇ، مەدەنىيەت تارىخىدىن ساۋاتسىز ئۆمرى كوتا بەندە ھېسابلىنىدۇ.

كىتاب ئۆز ئاشىقىغا چىنلىق، ياخشىلىق، گۈزەللىك ۋە ئۇزۇن ئۆمۈر بەخش ئېتىدۇ. نادانىنىڭ بىر ئەسىرلىك ئۆمرى بىلىملىك كىشىنىڭ يېرىم ئەسىرلىك ئۆمرىدىن كۆپ قىسقا ھېسابلىنىدۇ. كىتاب قەلبنى پاكلايدۇ. ئۇنىڭ ئىنسانغا بېغىشلىغان نۇر - نۇسرىتىنى ھەرقانداق زىنەت بۇيۇملىرىمۇ پەيدا قىلالمايدۇ. ئۇ قەلبنى نۇرلاندۇرۇپ، روھىيەتنى بېيىتىپ، ئۆمۈرنى مەنىۋى بەخت ۋە يوق-

سەك نەزەر بىلەن بېزەيدۇ . ئۇ ئىنساننىڭ يۈزى، كۆزى ۋە سۆزىگە
مۇقەددەسلىك نۇرى ئاتا قىلىدۇ . كىتاب ئاشىنالىرى خۇددى ئالماس-
تەك يارقىن بولسا ، نادانلىق ئىجىللىرى بەئەينى گۆشىيىپ تۇرغان
قارا تاشقا ئوخشايدۇ .

كىتاب — مىللەتنىڭ مەدەنىيەت دەرياسى ۋە مەنىۋى قىياپەت
مەكتىپى . لابولىي توغرا ئېيتىدۇ : «تەرەققىياتنىڭ ئومۇمىي كۆلىمى
ھەربىر مىللەت ئاھالىسىنىڭ ئوقۇۋاتقان كىتابلىرىنىڭ سانى بىلەن
ئۆلچىنىدۇ . » نامراتلىقتىن قۇتۇلۇشنىڭ يولى پۇل تېجەش ئەمەس ،
بەلكى نادانلىقتىن قۇتۇلۇش ۋە بۇ يولدا كىتاب بىلەن ھەپىلىشىشتۇر .
تارىخ ئىسپاتلىدىكى ، مىللەتلەرنىڭ قەلب بايلىقى بىلەن قول ئىلكىدى-
كى بايلىق توغرا تاناسىپتۇر . نادانلىققا قارشى ئاتلىنىشقا جۈرئەت
قىلغاندىلا ، بەخت يولى ئېچىلىدۇ ، بۇ ئەپسانە ئەمەس ، پولاتتەك
ھەقىقەتتۇر . پۇل تاپقاندا ئۆيىنى كۆزنى چاقنىتىدىغان گىلەم ۋە
زىننەت بۇيۇملىرى بىلەن بېزىگەن ئائىلە بىلەن ئۆيىنى كىتاب ئىشكاپ-
لىرى بىلەن بېزىگەن ئائىلىنىڭ قىممىتى پەرقلىقتۇر . تەرەققىي
قىلغان ئەللەردىكى ئائىلىلەر ئۆز قىرائەتخانىسىغا ئىگە بولۇپ ، ئۇلار
روناق تاپقانسېرى كىتاب سېتىۋالىدۇ . ئۇلار ۋە ئۇلارنىڭ پەرزەنتلىرى
كىتاب مۇھىتىدا ئۆسىدۇ ، ئۆرلەيدۇ . قالاق ئەللەردىكى ئائىلىلەر
بۇنىڭ ئەكسىچە بولىدۇ . ئۆيىنى چاراقلاپ تۇرغان چىراغلار ، رەڭدار
گىلەملەر ۋە ئىشرەت جاھازلىرى بىلەن بېزەشكىلا بېرىلگەن ئائىلە
كىشىلىرىنىڭ مەنىۋى دۇنياسى خۇنۇك بولىدۇ . ئۇلار مەغرۇر ، تەن-
تەك ، پۇلپەز ، سۆلەتۋاز بولۇپ ، ئۆزلىرى ۋە پەرزەنتلىرى تېزدىن
چۈشكۈنلىشىدۇ . بۇ جەھەتتىكى مىساللار كۆز ئالدىمىزدا تولۇپ يې-
تىپتۇ !

كىتاب — لوقمان ھېكىم . كىتاب — رۇستەم پالۋان . كىتاب —
بەخت قۇشى ئەنقا ، بۇ ئاددىي تەسۋىر ئەمەس ، بەلكى مەڭگۈلۈك
ھەقىقەت !

كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com

# كىتاب دېڭىزى ۋە غەۋۋاسلىق ماھارىتى

دەۋرىمىزدە كىتاب شۇقەدەر كۆپەيدىكى، ئۇنى رەقەم بىلەن ئىپادىلەشمۇ مۇشكۈل بولدى. ئەمما، ھېلىمۇ كىتاب يۈزىگە چىقمىغان بوشلۇقلار ناھايىتى نۇرغۇن. دەرۋەقە، «كىتابنى ئاچسىلا مەنپەئەت بېرىدۇ»، ئەمما كىتاب دېڭىزىدا قانداق جاۋاھىرات يىغىدىغان غەۋۋاس بولۇش، بۇ مۇھىم ماھارەت.

كىتابلارنى دېڭىز قىلىۋەتكەن نەرسە، ئەسلىي مەنبە، ئاساسىي نەزەرىيە، مۇتەپەككۇرانە مۇھاكىمە قىلغۇچى كىتابلارنىڭ كۆپلۈكى بولماستىن، بەلكى تارماقلاشما، يەشمە، ۋەقە، بايان، ئىچ پۇشۇقى، قۇراشتۇرما كىتابلارنىڭ كىتاب بازىرىغا كەلكۈندەك كىرىپ كېلىشىدىن بولدى. بۇ ھال ھەربىر ئەقىل ئىگىسىدىن كىتاب پەرق ئېتىش ۋە كىتاب تاللاش ئىقتىدارىغا ئىگە بولۇشنى تەلەپ قىلىدۇ. ئېيتىش كېرەككى، ھەقىقىي دانىشمەنلەر كىتابنى ھەممىدىن كۆپ كۆرگەن كىشىلەر بولۇشى ناتايىن، ھەقىقىي ئالىملارمۇ ئەڭ نۇرغۇن كىتاب يازغان كىشىلەر بولۇشىمۇ شەرت ئەمەس، بۇ بىزگە خۇددى سۇغا تاشلانغان نەرسىلەرنىڭ چۆكۈشى ياكى لەيلىشى ماكان ۋە زامان جەھەتتە بىردەك بولمايدىغانلىقىغا ئوخشاش بىر ھەقىقەتنى، يەنى كىتابلار بىرقانچە سىزىق ۋە قاتلام، تۈر ۋە قىممەتكە بۆلۈنىدىغانلىقىنى ئۇقتۇرىدۇ.

كىتاب ئوقۇغۇچى كىشى ئۈچۈن ئومۇمەن، ئېقىم مەسىلىلىرىگە ئائىت كىتاب ـ ماتېرىياللاردىن تاشقىرى، ئۈچ خىل كىتاب ئوقۇش تەۋسىيە قىلىنىدۇ:

بىرىنچى، ئاساس بىلىم كىتابلىرى. بۇ خىل كىتابلار ئىككى تۈرگە بۆلۈنىدۇ. ئۇ، چوقۇم ئالىي مەلۇماتلىق سەۋىيىگە ئېرىشىش ئۈچۈن شەرت ـ بالداق بولغان كىتابلار بىلەن مەلۇم ساھە بويىچە

ئىزدىنىش ، تەتقىقات ئېلىپ بېرىش ئۈچۈن لازىم بولغان كىتاب ـ ماتېرىياللاردىن ئىبارەت .
ئىككىنچى ، بىلىم قۇرۇلمىسىنى بېيىتقۇچى كىتابلار . بۇ خىل كىتابلار ئاۋئىماتكىغا يانداش يۈرگەن پاراخوت ـ كېمىلەرگە ئوخشاش ئالاقىدار ئوبيېكتلاردىن بىلىم ۋە ئۇچۇر بېغىشلىغۇچى كىتابلار بولۇپ ، ئۇ ئاساسىي بىلىم كىتابلىرىنىڭ تاشقى پوستىنى تەشكىل قىلىدۇ .
ئۈچىنچى ، بەدىئىي لەززەت بېغىشلىغۇچى كىتابلار . بۇ خىل كىتابلارغا ئەدەبىيات ـ سەنئەتكە ئائىت ئەسەر ياكى ئويۇن ـ كۆرگەزمىلەر ، كىشىلىك تۇرمۇشقا ئائىت ئۆرنەك ، قوللانما ، مەسلىھەت بەرگۈچى كىتابلار كىرىدۇ .
مېنىڭچە ، كىتابلارنى تاللاپ كۆرۈش بىلەن ئۇدۇل كەلگەنچە كۆرۈش ، قاتلام ، نۇقتا ، چەمبەر تۈزۈلمىسىگە ئايرىپ كۆرۈش بىلەن خالىغانچە كۆرۈشنىڭ كىتاب كۆرگۈچىگە بولىدىغان تەسىرى ، بولۇپمۇ نەچچە ئون يىلدا مۇنتىزىم ئوقۇتۇپ ئىختىساس ئىگىلىرىنى تەربىيىلەپ چىقىشقا سېلىشتۇرغاندا ھاسىل قىلىدىغان ئۈنۈمى ئوخشاش بولمايدۇ .
كىتاب كۆرۈش ئېغىر زېھنىي ئەمگەك ، شۇنىڭدەك يەنە كۆڭۈللۈك ساياھەت . ھەر خىل كىتابلارغا بولغان كىتاب كۆرۈش تەلىپى ۋە ئۇسۇلى بىردەك بولمايدۇ . بىر قۇر كۆرۈپ قويىدىغان ، مەلۇم باب ۋە سەھىپىلىرىنى تاللاپ كۆرىدىغان ، تەپسىلىي كۆرىدىغان ، تەكرار كۆرىدىغان كىتابلار بولىدۇ . بەزى كىتابلارنىڭ پەقەت مۇندەرىجىلىرىنى ۋاراقلاپلا ، ئۇنىڭ ئاپتورىنىڭ بىلىم قۇرۇلمىسىنى نەزەردە تۇتۇپ قويۇپ قويۇلىدۇ . ئومۇمەن ، تەپسىلىي ۋە تەكرار كۆرۈلىدىغان كىتابلار ئۈچۈن مەخسۇس ۋاقىت ، قەلەم ـ خاتىرە ھازىرلىنىدۇ .

ئۇنداق كىتابلارنىڭ بىرقانچىسىنى بىر يۇرۇش قىلىپ، سىستېمىلىق كۆرگەن ياخشى. شەخسەن مەن بۇنداق كىتابلارنى رەڭدار قەلەم بىلەن خەت، بەلگە، سىزىق قويۇپ بويىۋېتىشنى ياخشى كۆرىمەن. ئۇنىڭدىن بىلىم، ئىلھام ۋە كۆچمە تەسەۋۋۇرغا ئىگە بولىمەن. بۇ خۇددى ئۇچقۇندىن ئوت تۇتاشتۇرغاندەك بىر ئىش، بۇ خىل كىتابلاردا چۈشە-نىشلىك بولمىغان ئاتالغۇ، مۇھاكىمە ۋە تەبىرلەرنىڭ ئۇچرىشى ناھا-يىتى ياخشى ئەھۋال، بۇ، كىتاب كۆرگۈچىنىڭ ئۆزىدە يوق يېڭى بىلىمگە دۇچ كېلىشى بولۇپ، بۇنداق ئەھۋالدا لۇغەت ـ قوللانمىلار-نىڭ ياردىمى بىلەن بۇ بىلىمنى ئۆزلەشتۈرۈۋېلىش لازىم. سەن ھەمىـ-شە ئاممىباب، گېزىت سەۋىيىسىدىكى چۈشىنىشلىك ماتېرىياللارنى ياخشى كۆرسەڭ، مەڭگۈ ئۆز ئىزىڭغا سەكرەپ قېلىۋېرىسەن. مېنىڭ-چە، تۈگمەنگە ئوخشاش خۇسۇسىيەتكە ئىگە بولۇپ قالغان ياخشى ئەھۋال ئەمەس، لۇغەت ئاختۇرۇشقا مەجبۇر بولغىنىڭدا ھورۇنلۇق بىلەن كايىماي، يېڭى بىر بالداق كۆتۈرۈلۈش ئالدىدا تۇرغاندەك روھلان!

## كىتاب مەدەنىيىتى ۋە مىللەتنىڭ مەنىۋى قىياپىتى

كىتاب ئوقۇش مەقسەت ئەمەس، ۋاستە. بارلىق تەلىم ـ تەربىـ-يىنىڭ توپ مەقسىتىگە ئوخشاشلا كىتاب ئوقۇشتىكى مەقسەتمۇ مۇسـ-تەقىل تەپەككۇر قىلىش ئىقتىدارىنى يۈكسەلدۈرۈشتىن ئىبارەت. تەپەككۇر ئىقتىدارىنىڭ ئومۇمىيۈزلۈك يۇقىرى كۆتۈرۈلۈشى مىللەت-نىڭ مەنىۋى قىياپىتىنى تۈزەش ۋە يۈكسەلدۈرۈشنىڭ ئاساسلىق بىر ھالقىسى.

شۇنى ئېنىق ئېيتىش كېرەككى، كىتاب ئوقۇشتىن مەقسەت نوقۇل ئالىم بولۇش ئەمەس. مۇھىمى ھەقىقىي ئادەم بولۇش بولۇپ،

بۈنى ئومۇمىي خەلققە كۆتۈرۈپ ئېيتقاندا ، پۈتۈن مىللەتنىڭ بىلىم-لىك ، روھىي دۇنياسى باي يېڭى ئەۋلادلىرىنى يېتىلدۈرۈشتىن ئىبا-رەت . بۇ ، شەخسنىڭ كىتاب ئوقۇشى ، ئائىلىلەرنىڭ كىتاب زاپىسىغا ئىگە بولۇشى ، مەكتەپلەرنىڭ كىتاب تەربىيىسى ۋە نەشرىياتلارنىڭ كىتاب چىقىرىشى قاتارلىق بىرقانچە تەرەپنىڭ ئورتاق مەقسەت ۋە غايىدە پائال ماسلىشىشىنى تەلەپ قىلىدۇ .

بىز «يېڭى يىپەك يولى» ئېچىلىش ئالامەتلىرى بىلەن تولغان دەۋردە ياشاۋاتىمىز . ئۆسمۈرلەر ، ياشلار ، ياشانغانلار ، ئەرلەر ، ئايال-لار كىتاب ئوقۇشى ، كىتاب ئۈستىدە پاراڭلىشىشى ، ھەممە ئائىلىلەر-دە كىتاب ئىشكاپلىرى ، كىتاب ئۆيلىرى بەرپا قىلىنىشى ، پەرزەنتلەر ئۈچۈن ياخشى كىتاب مۇھىتى يارىتىلىشى ۋە بۇ خىل زۆرۈرىيەت چوڭقۇر ھېس قىلىنىشى لازىم . ئۆيگە كىتابنىڭ كىرىشى زىبۇ زىننەت ۋە پەرداز بۇيۇملىرىنىڭ كىرىشىدىن ئاۋۋال ۋە ئەۋزەل ئورۇنغا قويۇ-لىدىكەن ، ئىجتىمائىي ۋە ئائىلىۋى بەخت بىزگە تەبەسسۇم قىلىشقا باشلايدۇ . بىزدە نادان ھالەتتىكى باياشاتلىق بىلەن ئەمەس ، مەدەنىيەت-لىك ھالەتتىكى باياشاتلىق بىلەن ئېتىبارلىنىدىغان كەيپىيات تۈرغۇ-زۇلغىنى ياخشى . بىلىش كېرەككى ، مەدەنىيەتسىز ئائىلىلەرگە چۈش-كەن ئەنقا (بەخت قۇشى)نىڭ سايىسى بىردەملىككلا !

نەشرىياتچىلىق مىللەتنىڭ مەنىۋى قىياپىتى ۋە كامالىتىنى يۇقى-رى كۆتۈرۈشتە غايەت مۇھىم «مەنىۋى رىزىق دەرگاھى» ! گېزىت-ژۇرنال ، نەشرىيات تەھرىرلىرى مىللىي مەدەنىيەت بىناكارلىقىنىڭ مۇقەددەس بۇرچ ئۆتەيدىغان ئىنژېنېرلىرى . ئۇلار خۇددى دىن قىس-سىلىرىدە سۆزلەنگەن مالائىكىلاردەك يىراقنى كۆرەرلىككە ، تەخىرسىز ۋاقىت قارىشىغا ۋە مۇقەددەس پاكلىققا ، دانىشمەنلەردەك خەلققە ، ئەقىلگە ، بىلىمگە ، ھەقىقەتكە بولغان ئوتلۇق مۇھەببەتكە ، بىناكارلار-

دەك قۇرۇلۇش ماتېرىياللىرىنى تاللاش ، ئورۇنلاشتۇرۇش ، نۇرلاندۇ-
رۇش ئىقتىدارىغا ، گېئولوگلاردەك جاپا چېكىپ بايلىق ئىزدەپ تې-
پىش روھىغا ئىگە بولىدىكەن ، خەلقىمىزنىڭ «مەنىۋى رىزىق دەرگا-
ھى» پىداكار تۆھپىكارلار سارىيىغا ئايلىنىدۇ .

نەشرىياتچىلىق مىللەت تارىخىدا مىڭ يىللار مەدھىيىلىنىدىغان
پاكى ھەسرەتلىنىدىغان ھالقىلىق ئورۇندا تۇرىدۇ . ئۇ ئادەتتىكى فىرما
ياكى سودا شىركىتى ئەمەس . خەلقىمىز تارىخىدا خەتتاتلار بىرقانچە
ئابىدە ۋە تۇرپان تېكىستلىرىنى يېزىپ قالدۇرمىغان ، يۈزلىگەن دىۋان-
لارنى كۆچۈرۈپ قالدۇرمىغان بولسا ، بىز قايسى يۈلتۈزلار بىلەن
مەدەنىيەت ئاسمىنىمىزنى يورۇتقان بولاتتۇق ! ؟

نەشر ـ ئەفكار ئىستراتېگىيىلىك بىناكارلىق . ئۇ ئۇل ، ئاساس ،
نۇقتا ، دائىرە ، ئىچكى ـ سىرتقى چەمبەرنى پەرقلىق ھەم ئەتراپلىق
پىلانلاشنى تەلەپ قىلىدۇ . نەشر ـ ئەفكار مىللىي مەدەنىيەتكە تارىخىي
خاراكتېرلىك قان ئىشلەپچىقارغۇچى ئورگان .

## خاتىمە

بازار ئىگىلىكىگە يۈزلىنىش مەدەنىيەت ، مائارىپ ، كىتاب ئو-
قۇش ۋە ئىلىم ـ پەننىڭ ئەرزىمەسلىكىنى كۆرسەتمەيدۇ . ئەھۋال دەل
ئۇنىڭ ئەكسىچىدۇر . بىزنىڭ ماددىي ۋە مەنىۋى مەدەنىيەتتە ، ئىقتىد-
سادىي ۋە كىتابىي بايلىقتا زامانىۋى سەۋىيىگە كۆتۈرۈلۈشىمىزنى
تەقەززا قىلىدۇ . باھار ئۆزى شامال ئەمەس ، ئەمما باھار شامال بىلەن
كېلىدۇ . يېڭى شەيئىلەر تولا ھاللاردا ئۆزىنىڭ دەبدەبىسى ۋە چاڭ-
توزانلىرى تەرىپىدىن روشەن كۆرۈنمەيدۇ . ھازىرقى بىر مەزگىللىك
روھىي ھودۇقۇشمۇ شۇنداق .

كىتاب — ئىنسانىيەت ئۆز قولى بىلەن بىنا قىلغان ھەقىقىي
ۋە بىردىنبىر ئەلئېھرام . ئۇ ھەممىنى ، پۈتكۈل ماھىيەت ۋە ھادىسىد-

لەرنى ئۆزىگە جۇغلىغان. كىتابقا تەڭ كېلىدىغان ئىنسانىيەت جۇغلىغان ئىككىنچى بىر خەزىنە مەۋجۇت ئەمەس! بۇنىڭدىن خەۋەرسىزلىك كىشىلىك دۇنياسىدا تېڭىرقاپ يۈرۈشتىن باشقا نەرسە ئەمەس!

1993 - يىل 1 - ئاي

## مۇھاكىمە ۋە مەشىق

1. بۇ ئەسەردە «تەرەققىياتنىڭ ئومۇمىي كۆلىمى ھەربىر مىللەت ئاھالىسىنىڭ ئوقۇۋاتقان كىتابلىرىنىڭ سانى بىلەن ئۆلچىنىدۇ» دېگەن قاراش ئوتتۇرىغا قويۇلغان. سىلەر كىتابخانىلارغا بېرىپ، مۇناسىۋەتلىك كىشىلەر بىلەن كۆرۈشۈپ خەلقىمىزنىڭ ئوقۇۋاتقان كىتابلىرىنىڭ تۈرى، تىرازى، سېتىلىشى قاتارلىقلارنى ستاتىستىكىلاپ، ھازىرقى تەرەققىيات ئەھۋالىمىزنىڭ دەرىجىسى ھەققىدە ئوبيېكتىپ بىر يەكۈن چىقىرىپ بېقىش ئۈچۈن ئىزدىنىپ بېقىڭلار. گۇرۇپپىلارغا بۆلۈنۈپ ئىزدەنسەڭلار ئەڭ مۇۋاپىق.

2. «كىتابسىز ئۆي — جانسىز تەن» دېگەن تېمىدا سۆھبەت ئۇيۇشتۇرۇڭلار.

3. بۇ تېكىستتىكى ئۆزىڭىزگە ياققان ھېكمەتلىك سۆزلەرنى خاتىرىڭىزگە كۆچۈرۈۋېلىڭ.

# ئۇنىۋېرسال ئۆگىنىش ۋە ئىزدىنىش

1 . مەزكۇر بۆلەكتىكى تۆت پارچە ئەسەرنى كلاسسىك ئەسەر دېيىشكە بولىدۇ ، كلاسسىك ئەسەرلەرنىڭ ئالاھىدىلىكى «ئوقۇشلۇق» كېلىدۇ ، ھەربىر قېتىم ئوقۇغىنىمىزدا يېڭى تەسىراتقا ئېرىشىمىز . بۇ ئەسەرلەرنى «كۆشەش» ئۇسۇلى بىلەن ئەستايىدىل ئوقۇشىڭىزنى تەكلىپ قىلىمىز . ئاپتور تۇرۇۋاتقان دەۋر ئارقا كۆرۈنۈشى ئوخشاش بولمىسا ، مەسىلىلەرنى تونۇش نۇقتىسىمۇ ئوخشاش بولمايدۇ ، شۇڭا ئوخشاش بولغان تېمىدا ئوخشاش بولمىغان تەسىرات بولىدۇ ، تېخىمۇ دىققەت قىلىشقا تېگىشلىكى ئۇلارنىڭ ئوخشاش بولمىغان ئىپادىلەش ئۇسلۇبى . جى شيەنلىن ئالىم ، ئۇنىڭ ئەسەرلىرىگە ئۇنىڭ پۈتۈن ئۆمرىدىكى ئىلمىي تەتقىقات ئەجرى مۇجەسسەملەشكەن ، ياشانغانلارنىڭ رىيازىتى ، سەممىيىتى ۋە ساددىلىقى بار ؛ لو جيالۇن مائارىپچى ، ئالىم ، ئۇ مەسىلىلەرنى ئەستايىدىل ، قىزىقارلىق تەھلىل قىلىدۇ ؛ بېكون پەيلاسوپ ، ئۇ ئىنتايىن ئاۋايلاپ قەلەم تەۋرىتىدۇ ، سۆزلىرى ھېكمەتلىك سۆزلەرگە ئوخشايدۇ ؛ ئابدۇشۇكۇر مۇھەممەتئىمىن مۇتەپەككۇر ، ئالىم . ئۇنىڭ ئەسەرلىرى ئىنتايىن مۇپەسسەل ، سۆز-جۈملىلىرىنىڭ ۋەزنى ئېغىر ، پەلسەپۋىلىككە باي ··· ئويلىنىپ كۆرۈڭ : ئۆزىڭىزنىڭ ھازىرقى يېزىقچىلىق جۇغلانمىلىرىدىن قارىغاندا ، ئىپادىلەش جەھەتتە بۇنىڭدىن كېيىن قايسى پىر - ئۇستازنىڭ ئۇسلۇبىغا يېقىنلىشىدىكەنسىز ؟ (ئۆزىڭىزنى ھەرگىز سەل چاغلىماڭ ، ئە-

سەرلىرىڭىز كۆنلەرنىڭ بىرىدە بىرەر دەرسلىكتە كىرگۈزۈلۈپ قالام-
دۇ تېخى ... )

2 . مەزكۇر بۆلەكتە ئەقىل ، پۇرسەت ۋە تىرىشچانلىقنىڭ مۇنا-
سىۋىتى ، ئەقىل ــ پاراسەت بىلەن ئىلىمنىڭ مۇناسىۋىتى ، ئىلىم
تەھسىل قىلىشنىڭ يوللىرى ، كىتابنىڭ قىممىتىنى قانداق تونۇش
قاتارلىقلار سۆزلەندى . پەيلاسوپلار : «مەن تەپەككۇر قىلغانلىقىم ئۇ-
چۇن مەۋجۇت» دەيدۇ ، سىز بۇ تۆردىكى زىددىيەتلەردىن ئۆزىڭىزنى
قاچۇرالمايسىز ، شەيئىلەرنىڭ مۇشۇ تۆردىكى ئۆز ئارا مۇناسىۋىتىدە
پىششىق ئويلىنىپ ، قايتا ــ قايتا پىكىر يۈرگۈزۈپ توغرا يول تاللى-
شىڭىز ۋە ھۆكۈم چىقىرىشىڭىز كېرەك . ئۆگىنىش ۋە تۇرمۇشىمىز-
دىمۇ ئۆز ئارا باغلىنىشلىق ، ئۆز ئارا مۇناسىۋەتلىك ئىشلار بار ، بۇلار-
دىن بىرنەچچىنى كۆرسىتىپ ئاددىي تەھلىل قىلىپ كۆرۈڭ . ئەڭ
ياخشىسى قارىشىڭىزنى ئايدىڭلاشتۇرۇۋېلىڭ ؛ ئەگەر پىششىق ئويلى-
نىپ بولالمىسىڭىز ساۋاقداشلىرىڭىز بىلەن بىللە مۇھاكىمە قىلسى-
ڭىزمۇ بولىدۇ .

3 . (A) تېكىستنىڭ مەزمۇنىغا بىرلەشتۈرۈپ تۆۋەندىكى جۈملى-
لەردىن ئەستايىدىل لەززەت ئېلىپ ، ھۆكۈم ۋە تەسەۋۋۇرنى ئىشقا
سېلىپ ، ھەربىر جۈملىگە ئازراق ئارقا كۆرۈنۈش قوشۇپ بايان قى-
لىڭ .

*كەسىپ تىرىشچانلىقتىن بەرىكەت تاپىدۇ ، ئويۇن ــ تاماشىدىن خاراب بولىدۇ ؛ ھەرىكەت ئىدىيىدىن كېلىدۇ ، بىپەرۋالىقتىن نابۇت بولىدۇ .*

*ئىلىم گويا تۆمۈرگە ئوخشايدۇ ، ئەقىل ــ پاراسەت بولسا پولات تاۋلايدىغان پىچ ئوتىغا ئوخشايدۇ .*

*بىلىم ئىگىلەشتىن مەقسەت مەنمەنچىلىك قىلىش ياكى كۆز ــ*

كۆز قىلىش ئۈچۈن ئەمەس، بەلكى ھەقىقەتنى تېپىش، ئەقىل ـ
پاراسەتنى ئاشۇرۇش ئۈچۈن بولۇشى كېرەك.

مەدەنىيەتسىز ئائىلىلەرگە چۈشكەن ئەنقا (بەخت قۇشى)نىڭ
سايىسى بىردەملىكلا!

(B) تۆۋەندىكى ئابزاسلارنى ئوقۇڭلار:

ئۆسۈملۈك ئۆلدى، ئۆزىنىڭ ھاياتىنى ئۇرۇق ئىچىگە قالدۇردى؛ شائىر كەتتى، ھاياتىنى شېئىرلىرى ئىچىگە قالدۇردى. ۋاقىت ئادەم ئۈچۈن ئەمەلىيەتتە ھاياتلىق جەريانى. ھايات ئاخىرقى نۇقتىغا بارغاندا ئىزناسىز قېلىشى ناتايىن، بەزىدە ھەتتا يەنە بىر شەكىلگە ئۆزگىرىپ مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشى ياكى قايتا بارلىققا كېلىشى مۇمكىن. ئانا بىلەن بالىنىڭ ھاياتلىق دەۋرىيلىكى ئىنسانىيەت ھاياتىنىڭ داۋاملىشىۋاتقانلىقى ئەمەسمۇ؟ ھاياتلىقنىڭ تەكرارلىنىشىلا ئەڭ ئۇلۇغ ھاياتلىق مۆجىزىسىدۇر. مانا بۇلار ئىچىدە سەنئەتكارلار ئەڭ بەختلىكلەرنىڭ بىرىدۇر. پەقەت ئۇلارلا ئۆزلىرىنىڭ ھاياتى ئارقىلىق يېڭى ھاياتلىق ئاپىرىدە قىلالايدۇ، يازغۇچىلار ئەۋلادمۇئەۋلاد تارقىلىدىغان پېرسوناژلارنى يارىتىدۇ؛ كومپوزىتورلار ئاڭلىغىلى بولىدىغان، كىشىنى مەھلىيا قىلىدىغان ھەم ئەبەدىيلىككە ئىگە روھنى يارىتىدۇ.

(فېڭ يىسەي: «دەۋر»)

كۆرۈپ تۇرۇۋېتىمىزكى، ئاپتور ياشانغىنىدا ۋاقىتنىڭ ئۆتۈپ كېتىۋاتقانلىقىدىن ھەسرەتلىنىدۇ، ئۇ سۇڭ دەۋرىدىكى بىر ياغاچ ئۆيمىنى كۆرۈپ، بۇ تەسىراتنى يازغان. كۆشەپ ئوقۇش ئۇسۇلى بىلەن يۇقىرىقى بىر ئابزاس سۆزنى ئوقۇپ ئۇنىڭ قانداق قىلىپ «ھاياتلىقنى قايتا ئاپىرىدە قىلىش»نى باغلانما تەسەۋۋۇر قىلغانلىقىنى ئويلاپ بېقىڭ، ئۇنىڭ باغلانما تەسەۋۋۇر جەريانىنى سۆزلەپ بېرىڭ. ئاپتور بۇ يەردە دەۋاتقان «ھاياتلىقنى قايتا ئاپىرىدە قىلىش» ئاساسلى-

قى قايسى تۈردىكى شەيئىنى كۆرسىتىدۇ؟ كۆرۈۋاتقانلىرىڭىز ئىچىدە كىشىلەرنىڭ ھاياتى ئارقىلىق «ئاپىرىدە» قىلىنغانلىرىغا تەۋەلىرىدىن قايسىلىرى بار؟ ئۆزىڭىزنىڭ ئويلىنىش نەتىجىڭىزنى ساۋاقداشلىرىڭىز بىلەن ئورتاقلىشىپ كۆرۈڭ.

4. لو جيالۇن «ئەقىل ـ پاراسەتسىز ئىلىم ئۆلۈك ئىلىم» دەيدۇ، بېكون «بىلىم ئىنساننىڭ تەبىئىيىتىنى تېخىمۇ تاكامۇللاشتۇرىدۇ» دەيدۇ. ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىن «ئەگەر كىتاب بولمىغان بولسا، دۇنيانى مىڭلىغان قۇياشمۇ جاھالەت ئازابىدىن قۇتۇلدۇرالىشى مۇمكىن بولمىغان بولاتتى!» دەيدۇ.

سىزنىڭ ئۆگىنىشكە بولغان تونۇشىڭىز ئۇلارنىڭكى بىلەن پەرقلىنەمدۇ؟ تۈپ پەرق بارمۇ ـ يوق؟

بۇ مەسىلىنى ئوقۇغۇچىلار بىلەن مۇزاكىرە قىلىشقا بولىدۇ، گۇرۇپپىلار بويىچە مۇزاكىرە قىلىش شەكلىنى قوللىنىشقىمۇ، قارا دوسكا گېزىتى، تام گېزىتى ياكى قوليازما گېزىتى شەكلىنى قوللىنىپ مۇزاكىرە قىلىشقىمۇ بولىدۇ. ئوخشاش بولمىغان پىكىرلەرگە ھۆرمەت قىلىشقا دىققەت قىلىش كېرەك.

5. تاپشۇرۇق (بىردىن ئىككىگىچە مەسىلىنى تاللاپ ئىشلىسە بولىدۇ)

1) بەزى مەكتەپلەرنىڭ ئوقۇغۇچىلارغا يازغان باھاسى شەكىللىۋازلىققا ئايلىنىپ قالدى. تىلى بەئەينى ھۆججەت ـ ئالاقىلەرنىڭ تىلىدەك. مەسىلەن، «مەزكۇر ئوقۇغۇچى پارتىيىنى، ۋەتەننى سۆيىدۇ، مەكتەپنى ئائىلىسىدەك كۆرىدۇ، ئوقۇتقۇچىلىرىنى ھۆرمەتلەيدۇ، ساۋاقداشلىرى بىلەن ئىتتىپاق ئۆتىدۇ، مەكتەپ ئىنتىزامىغا رىئايە قىلىدۇ. ئەستايىدىل، بېرىلىپ ئۆگىنىدۇ، تاپشۇرۇقلارنى ئەستايىدىل ئىشلەيدۇ، تەنتەربىيە، چېنىقىشلارغا ئاكتىپ قاتنىشىدۇ»،

ۋەھاكازالار.

سىزنىڭچە قانداق باھا يازغاندا قىممىتى بولىدۇ؟ سىزگە قانداق باھا سۆزى كېرەك؟ سىنىپىڭىزدىكى بىرەر ساۋاقدىشىڭىزغا قىممىتى بار ھەم ئادەمنىڭ كۆڭلىنى ۋاللىدە يورۇتقۇدەك باھا يېزىپ بېرەلەمسىز؟

2) سابىق سوۋېت ئىتتىپاقىدا بىر قىسقا يۈگۈرۈش چېمپىيونى بولۇپ، ئەرلەرنىڭ يۈز مېتىرغا يۈگۈرۈشى بويىچە ئون نەچچە يىل مەملىكەتلىك رېكورتنى ساقلىغانىكەن. مۇخبىرلار ئۇنىڭدىن شۇنچە يىللاردىن بۇيان غالىب كېلىشىنىڭ نېمە سىرى بارلىقىنى سورىغىنىدا، ئۇ: «مەن 100 مېتىرغا يۈگۈرۈپ باقمىدىم، مەن 20 مېتىردىن بەشكە يۈگۈردۈم. ھەر 20 مېتىر ئىچىدە بىرىنچى بولۇشقا تىرىشتىم، بۇنداق قىلىش مەن ئۈچۈن بىرقەدەر ئوڭايراق» دەپ جاۋاب بەرگەن. ئۇنىڭ بۇ سۆزى ئەمەلىيەتتە تۇرمۇشنىڭ بىر خىل داۋلىسى. تۇرمۇشىڭىزدا مۇشۇنىڭغا ئوخشايدىغان ھېكايە بارمۇ؟ ئوقۇغان ئەسەرلىرىڭىز ئىچىدە مۇشۇنىڭغا ئوخشايدىغان خەۋەرلەر بارمۇ؟ ئەگەر بولسا، قارىشىڭىزنى يېزىپ سىنىپ يىغىنى ياكى تىل - ئەدەبىيات دەرسىدە ساۋاقداشلىرىڭىز بىلەن ئورتاقلىشىپ كۆرۈڭ.

3) مەلۇم بىر مۇخبىر بىر پېشقەدەم ئوقۇتقۇچىنى زىيارەت قىلىۋېتىپ بۇ ئوقۇتقۇچىنىڭ ئوقۇتقان ئوقۇغۇچىلىرىنى تىلغا ئالغاندا، ئۇنىڭ «ئالىي مەكتەپ ئىمتىھانىدىكى ئەلىيۇلئەلا» ۋە مۇسابىقىدە مۇكاپاتقا ئېرىشكەنلەر توغرىسىدا تەسىراتىنىڭ ئانچە چوڭقۇر ئەمەسلىكىنى، بىراق ئۇنىڭ قايسى ئوقۇغۇچىنىڭ قايسى يىلى دەرسخانىدا ناھايىتى قىممەتلىك سوئال سورىغانلىقى، قايسى ئوقۇغۇچىنىڭ قايسى ئايدىكى تەجرىبە دەرسىدە دەرسلىكتە سۆزلەنمىگەن ھادىسىنى بايقىغانلىقى، قايسى ئوقۇغۇچىنىڭ مەكتەپ پۈتكۈزگىلى 30 نەچچە يىل

بولغان بولسىمۇ ، يازغان خېتىدە بىرمۇ تىنىش بەلگىسىنى خاتا ئىشلەتمىگەنلىكى ... نى بىر ـ بىرلەپ توپتوغرا ئېيتىپ بېرەلەيدىغانلىقىنى بايقاپتۇ . مۇخبىر بۇنى چۈشەنمەي سەۋەبىنى سورىغانىكەن ، ئوقۇتقۇچى ئويلىنىپ تۇرۇپ كېتىپ ، بەلكىم مېنىڭ «مەكتەپ دېگەن ئىبارە توغرىسىدىكى چۈشەنچەم باشقىلارنىڭكىدىن چوڭقۇرراق بولسا كېرەك ، دەپ جاۋاب بېرىپتۇ .

ئوقۇتقۇچىنىڭ بۇ سۆزى ئادەمنى چوڭقۇر ئويغا سالىدۇ ، ئۇنىڭ دېمەكچى بولغانلىرىنى مۇلاھىزە قىلىپ كۆرۈپ ، قىسقىچە چۈشەندۇرۇپ بېرىڭ ، بىر بەتتىن ئېشىپ كەتمىسۇن .

4) يېزىقچىلىق دەرسىدە ئوقۇتقۇچى ئوقۇغۇچىلارغا ئەسەر يېزىش ئۈچۈن مۇنۇ ماتېرىيالنى كۆرسەتسە بولىدۇ :

*بىرەيلەن تامغا خىش قويۇۋاتقان ئۈچ ئادەمدىن : «نېمە قىلىۋاتىسىلەر ؟» دەپ سوراپتۇ . ئۇلارنىڭ بىرىنچىسى «تام سېلىۋاتىمەن» دەپ جاۋاب بېرىپتۇ ؛ ئىككىنچىسى «پۇل تېپىۋاتىمەن» دەپ جاۋاب بېرىپتۇ ؛ ئۈچىنچىسى «دۇنيا بويىچە ئەڭ زور ئالاھىدىلىككە ئىگە ئۆي سېلىۋاتىمەن» دەپتۇ ... كېيىن ، ئۈچىنچى ئىشچى مەشھۇر مىمارغا ئايلىنىپتۇ .*

ئوقۇغۇچىلار ئوقۇغاندىن كېيىن «چوڭقۇر مەنىلىككەن ، شۇنداق بولۇشى كېرەك» دەپتۇ ، ئوقۇتقۇچى بولسا كۈلۈپ تۇرۇپ : «مېنىڭچە ناتايىن» دەپتۇ .

يۇقىرىدا بېرىلگەن ماتېرىيالنى ئەمەلىيەتكە بىرلەشتۈرۈپ بىر پارچە مۇھاكىمىلىك ئەسەر يېزىڭ ؛ ماۋزۇسىنى ئۆزىڭىز بېكىتسىڭىز بولىدۇ ، ئىككى بەت ئەتراپىدا بولسۇن .



مەشھۇر ئەسەرلەرنى تونۇشتۇرۇش ۋە ئوقۇش

# «ئانا يۇرت»

## تونۇشتۇرۇش ۋە ئوقۇش

بۇ سەھىپىدە سىزگە بۈگۈنكى زامان ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ ئالدىنقى قاتاردىكى يازغۇچىسى زوردۇن سابىرنىڭ داڭلىق رومانى «ئانا يۇرت» تونۇشتۇرۇلدى. «ئانا يۇرت» ناملىق بۇ ترىلوگىيىدە 1940 - يىللاردا شىنجاڭ تارىخىدا يۈز بەرگەن ئەڭ زور ۋەقە — «ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى» ئاساسىي تېما قىلىنغان. ئاپتور قان - تەرى بەدىلىگە پۈتكەن ئابىدە خاراكتېرلىك بۇ بۈيۈك ئەسىرىدە ئاجايىپ يارقىن ئوبرازلار، ئۇنتۇلغۇسىز ۋەقەلەر ۋە بەدىئىي چىنلىق تۇيغۇسى كۈچلۈك تەپسىلاتلار، مۇرەككەپ ھېس - تۇيغۇلارغا باي ئىنچىكە تەسۋىرلەر ۋە ئۆزىگە خاس بەدىئىي ئۇسلۇبى، راۋان، مەنىلىك تىل سەنئىتى بىلەن بىر پۈتۈن تارىخىي دەۋرنىڭ بەدىئىي كارتىنىسىنى مۇۋەپپەقىيەتلىك سىزىپ بەرگەن.

ئاپتور ئەينى دەۋردىكى تۈرلۈك ئىجتىمائىي قاتلام ۋە تەبىقىدىكى كىشىلەرنىڭ، ئىنقىلابقا ھەر خىل مەقسەت - مۇددىئا ۋە ئاڭلىق - ئاڭسىز رەۋىشتە قاتناشقان شەخسلەرنىڭ ئوبرازىنى يارىتىشتا ئۇلارنىڭ ئىجتىمائىي ئارقا كۆرۈنۈشى، مەدەنىيەت قاتلىمى ۋە خاسلىقى

ئوغلىنى ئاشخانىدا، كاڭدا ياتقان يېرىدىن ۋارقىراپ تۇرغۇزدى. «سە-
ھەر قوپسالڭ سائادەت، ھەممىبەخلىرىڭ پاراغەت!» دېگەن خۇش بولغاندا
دەيدىغان سۆزىنى بىرىگىمۇ ئىشلەتمەي، ھەممىسىنىلا: «پوقىقا پېتىپ
يېتىشامسەن!» دەپ تىللىدى. شۇنداق قىلىپ ئۇ ھەممىگە ئىش
بۇيرۇدى. باللار ئۆگزىگە چىقىپ بېدىلەرنىڭ ئۈستىگە زىغىر پاخىلى
ياپتى، ھويلا سۈپۈردى، ئات سۇغاردى، ئوتۇن كەسلىدى ... ئۇ
ھەممىنى يەنە تىللاۋەردى: «نان قېپىلار!» «ھارام تاماقلار!» ...
ئۇنىڭ خاپىلىقى تۈنۈگۈنكى ئوغلاق تارتىشتىن پەيدا بولغان. بۇ مە-
ھەللىنىڭ نە يارامىلىق ئاتلىرى، نە تېقىمچى يىگىتلىرى قالمىغان
چېغى، ئۇن نەچچە ئوغلاقچى ئۆلگۈدەك تېپىرلاپمۇ ئوغلاقنى مەھەللە-
گە ئەكىلەلمەي تارتقۇزۇپ قويدى. ھەتتا مۇختەرباي قارىگىر ئېتىنى
ياقۇپ ئوغلاقچىغا بېرىپ ئاتنىڭ ساغرىسىغا قامچا سالدى. قارىگىرنىڭ
بېشىنى مۇختەرباي ئۆزى يېتىلىدى، ئىككى ياندىن ئىككى يىگىت
ياندىشتى، قارىگىر سوزۇلۇپ يىلاندەك تولغىنىپ كەتتى، شۇنداقتىمۇ
قارشى تەرەپنىڭ تېقىمچىسى ياقۇپنىڭ تېقىمىدىن ئوغلاقنى يۇلۇپ
ئاچىقىپ كەتتى ۋە قېرىشقاندەك ئابدۇمەر مىخبېگىنىڭ ئالدىغا ئېلىپ
باردى. ئابدۇمەرنىڭ ئاستىدىكى ئويناقلاپ تۇرغان دەملىك قارا ئات
شۇنداق يۈگۈردىكى، چىغلار، ھەر - ھەر غول ئېرىقلاردىن ئۇچقاندەك
سەكرەپ ئۆتۈپ توپتىن ئۈزۈپ چىقىپ، يول- يولدا توسۇپ تۇرغان
دەملىك ئات مىنگەن قوغلىغۇچىلارغا تۇتۇلماسلىق ئۈچۈن، ئېتىز
ئارىلاپ يۈگۈرۈپ بىردەمدىلا كۆزدىن يىتتى. مۇختەرباي مەھەللىنىڭ
ئەڭ ياخشى ئېتى بىلەن قوغلاپمۇ ئابدۇمەرنىڭ قارىسىنى كۆرەلمىدى.
مەھەللىنىڭ بوسۇغىسىغا كەلگەن ئوغلاقنى تارتقۇزۇپ قويغىنىغا كې-
چىچە ئۇيقۇسى كەلمەي تېرىكىپ چىقتى. بۈگۈن سەھەردىكى قوزغال-
غان سەپرالىق ئەنە شۇنىڭ داۋامى ئىدى.

— تېخى بامداتقا ئەزان ئېيتىمىدىغۇ، نېمانچە قىلىدىكىنە، —
دېدى گۈلنىسا بوۋى ئاقارغان چاچلىرىنى كەينىگە تاشلاپ قويۇپ، —

www.uyghurkitap.com

ئوتتۇز يىلدىن بېرى تەرىتىگە سۇ بېرىپ بۇ ئادەمنى رازى قىلالمىدىمىغۇ تاڭ !

مۇختەربايدىن بىر ياشلا كىچىك ، قىز ۋاقتىدا تۆت تۆگمىرەكتە تەڭدىشى يوق گۈزەل ھېسابلانغان بۇ خوتۇن ھازىر مۇختەربايىنىڭ ئانىسىغىلا ئوخشاپ قالغان . ئۇلار بىر يەردە تۇرسا ھېچكىم گۈلنىسا بۇۋىنى مۇختەربايىنىڭ ئايالى دېمەيدۇ . ئالتە بالىغا قورساق كۆتۈرۈپ ، ئالتە قېتىم قورقۇنچلۇق ئىنجىق بىلەن نازۇك ئاۋازلىق بوۋاقنى بۇ دۇنياغا كۆز ئاچقۇزماق ئاسانمۇ ؟ ئۇ ئېرىنىڭ دەردىنىمۇ ، بالىلىرىنىڭ جاپاسىنىمۇ يەتكۈچە تارتتى . گۈلنىسا بۇۋى مانا شۇنداق ئانا . ئۇنىڭغا ھايات ئالتە بالىنىڭ ئوتلۇق مېھرى بىلەن بىللە ھازىرقى كۆرۈمسىز ھالىتى ، مۇكچەيگەن بەل ، ئاقارغان چاچ ، چىشسىز ئۆمچەيگەن قورۇق چىرايىنى خاتىرە قالدۇردى . لېكىن ، ئانا چىرايىدىن كەتكىنىگە ، مۇختەربايىنىڭ سوغۇقلىشىپ كەتكىنىگە ھېچقاچان ئازابلانمىدى .

— مەزىن دېگەن كالىڭ - كالىڭ ئەزىنىنى توۋلىماي نېمە قىلىۋاتىدىكىنە ! — دەپ ۋارقىرىدى مۇختەرباي ئۆتۈكىنى تامغا تېپىپ كىيىۋېتىپ ، — ئاغزىغا چىۋىن چىچىپ قويسا قورۇيالمايدىغان كالىڭ - كالىڭ مەزىنلىك قىلىمەن دېگۈچە پىت باقسا بولىدۇ ، ئۆزۈم بېرىپ ئەزان ئېيتىمىسام !

ئۇ ئۆيدىكى ھەممە ئادەمنى ئويغىتىۋېتىپ ، ھويلا - ئارامنى پاكىز سۈپۈرگۈزۈۋېتىپ ، بېشىغا سۆسۈن تۆپىسىنى كىيىپ مەسچىتكە قاراپ ئالدىراپ ماڭدى . يولدا كېتىۋېتىپ جاراڭلىق ، توم ئاۋازى بىلەن :

— زىيەك ، ھوي زىياۋۇدۇن ! — دەپ ۋارقىراپ قويدى .

ئۇ مەسچىتنىڭ شوتىسىنى غارسىلدىتىپ ئالدىراپ مېڭىپ ئۆگزىگە چىقتى ۋە بارماقلىرى بىلەن قۇلىقىنى بوش تۇتۇپ ئەزان توۋلىدى .

ئۇنىڭ ئەزىنى ئاڭلىنىش بىلەن يىگىرمە توققۇز ئۆينىڭ ھەممىسىدىن قورۇق يۆتەل ئاۋازى ئاڭلاندى ، دەرۋازىلار غىچىرلاپ ، غورۇلار تاراقلاشقا باشلىدى . ئۇنىڭ ئاۋازى گويا جەڭ سىگنالى ، دۆلەت بۇيرۇقى ، خاننىڭ ھۆكمى ...

مۇختەر باي بامدات نامىزىدىن قايتقاچ زىياۋۇدۇنغا :

— ھەي زىيەك ، بۈگۈن ئۇ قاتتىن بىر بەيگە ئات ئەكەلدۈرىمەن ، تۈنۈگۈن سەن يوق ، ئوغلاقنى بورىچىلىقلارغا تارتقۇزۇپ قويدۇق . بۈگۈن ھېۋىز سەپرانىڭ تويىكەن ، ئوغلاق تاشلىغۇدەك . سەن بىزنىڭ قىزىل ئاتنى مىنىپ بارىسەن ، ئېقىمغا هارۋا ئېتى ياخشى . يۇلۇپ ئاچىقىسەن ـ دە ، ماڭا بېرىسەن . مەن بىر يەرنى كۆزلەپ قويدۇم . ئوغلاقنى شۇ يەرگە تاشلايمەن ، قالغان گەپنى كېيىن ئاڭلايسەن ! — دېدى .

ئۇنىڭ گېپى بۇيرۇق ، دېمەك ، زىياۋۇدۇن بۈگۈن مەھەللە ئايرىيى ئۈچۈن ئوغلاققا چۈشۈپ باشقا مەھەللىلەرنىڭ ئېقىمچىلىرى بىلەن كۈچ سىنىشىدۇ . ئۇنىڭ يەڭگۈدەك كۈچى بارمۇ ، ئۇ ھازىر بۇرۇنقى تورگۈن يىگىت ئەمەس ، يىللار ئۇنىڭ يىلىكىنى شوراپ ئۇنى قىممەتلىك بايلىقلىرىدىن ئايرىماقتا . لېكىن ، مۇختەربايىنىڭ گېپى بۇيرۇق ، ئۇنىڭ جىق ياخشىلىقىنى كۆرگەن زىياۋۇدۇن ئۇنىڭ يۈزخاتىرىسى ئۈچۈن ئاخىرقى كۈچ ـ ماھارىتىنى كۆرسىتىدۇ ـ دە !

بۈنىڭدىن بەش كۈن بۇرۇن ھېۋىز باينىڭ ئۈچ نەۋرىسى — بەلۋاغلىرىغا ئالىيېشىل ياغلىقلار چىگىلگەن ، قولاقچىسىغا ئۆكە قادالىپ ، كوكۇلىسىغا ياغلىق چىگىلگەن ، ئاتلىرىنى مەخسۇس ئادەملەر يېتىلىگەن ئۈچ ئوماق بالا بۇ مەھەللىگە كىرگەندە ، ھەممىلا ئۆي ئۇلارغا پوتا باغلاپ ، ياغلىق چىگىپ ، يانچۇقلىرىغا پۇل ، قەنت - گىزەك ، پىششىق تۇخۇم سېلىپ خۇشاللىق بىلەن مۇبارەكلەشكەندى : «ھېۋىزباي بەيگىنىڭ ئالدىغا تۆگە ، كەينىگە قوزا قىپتۇ . ئۇنىڭچى ئاتقىچە مۆھۈر بەرگۈدەك» دېيىشكەنىدى . ئادەملەر ھەيرانۇھەۋەس

بىلەن بۇ خەتنە تويىنى ئۇلۇغلىغان. مانا بۈگۈن ھاۋانىڭ تازا يامان كۈنى شۇ توي بولىدۇ. بەيگە، ئاخىرىدا ئوغلاق. مۇختەرباي توي سوۋغىسى قىلىپ بىر غۇنان ئات تەييارلىدى. ئۇ مۇختەرباي ئائىلىسىنىڭ ئابرۇيى — دە!



ھېۋىزباينىڭ ئۆيى يار بېشىدا — بۈك دەرەخلىك ئارىسىدا. چوڭ دەرۋازا جەنۇبقا قارىغان، ئالدى كەڭ سەينا، تۆۋەن تەرىپى چەكسىز كەتكەن سازلىق، نېرىسى قويۇق ئورمان، ئورمان ئارىسىدا ئىلى دەرياسى. دەريانىڭ ئۇ قېتى پايانسىز تۈزلەڭ، ئۈستى قارلىق ئۆچكىلىك تېغى. قورۇنىڭ ئورنىمۇ، مەنزىرىسىمۇ گۈزەل، تۇرمۇشقا ئەپچىل. سازلىق مال بىلەن تولغان، قاراسۇ سازلىقنىڭ ئوتتۇرىسىدىن كېسىپ ئۆتكەن، ئۇنىڭ دەرياغا قۇيۇلۇش ئېغىزىغا ئىككى تاشلىق تۈگمەن ياسالغان، تۈگمەن ئەتراپى قويۇق تاللىق، جىغانلىق — قىرغاۋۇل، توشقان — جەرەنلەرنىڭ ماكانى. بۇ قاراسۇدا بېلىقلار

شۇنچە كۆپ، يازدا پۇتۇڭنى چىلاپ ئولتۇرساڭ، ھەر ـ ھەر چاربېلىق-
لار كېلىپ ئوينىشىپ پۇتۇڭنى چىشلەپ باقىدۇ. تېخى سۇ چاشقىنى،
قامىلارنىڭ كۆپلۈكچۇ؟ ھېۋىز باينى باي قىلغان مۇشۇ يەر. ئوت-
چۆپى، ئوتۇن ـ ياغىچى، سۈيى، ياۋايى ھايۋانلىرى بايغا ئولجا. ئۇ
ھەر يىلى رەسگە[1] نەچچە مىڭ تۇياق قوي، نەچچە يۈز ئات ـ ئۆكۈز،
ئېسىل قاما، تۈلكە، بۆرە تېرىلىرى ۋە قوي، كالا، ئات تېرىلىرى،
يۇڭ، ئات يايلىغا ئوخشاش چارۋا مەھسۇلاتلىرىنى ئۆتكۈزۈپ، ئۇياق-
تىن رەخت، قەنت ـ گېزەك، پالتىدىن تارتىپ سوقا قاتارلىق
دېھقانچىلىق سايمانلىرى ۋە تۇرمۇش بۇيۇملىرىنى ئەكىرىپ پۇل ـ
بايلىقىقا تىنىپ كېتىدۇ. ئۇنىڭ يېرى بىلەن مېلىنىڭ سانىنى ئۆزىدىن
باشقا ھېچكىم بىلمەيدۇ. ئۇ بىر غەلىتە ئادەم: ئادەملەرگە ئانچە
ئارىلاشمايدۇ، گېپى ئاز، تۇيدۇرماي غىپلا قىلىپ ھەج قىلىپمۇ
كەلدى، ھەتتا ئۆزىنى «ھاجى» دېگۈزۈش ئۈچۈن داۋراڭ سالمىدى.
ئۇ يۈز بېگى، مىڭبېگى دېگەندەك مەنسەپلەردىن «توشقان ئىتتىن
قاچقاندەك» قاچىدۇ. ھەتتا ئۇنىڭ مال ـ دۇنياسىغا ئوغرىلارمۇ
تەگمەيدۇ. «ھېۋىزباينىڭ مالايلىرىدا بەشئاتار باركەن»، «ھېۋىزباي-
نىڭ ئىتلىرى ئادەمنى ئاتتىن ئۆرۈۋالىدىكەن»، «ھېۋىزباينىڭ ئاي-
غىرلىرى ئادەمنى تالايدىكەن»، «بۇقىسى قاۋاننى يېرىۋېتىپتۇ!»...
دېگەندەك سىرلىق گەپلەر ئەل ئىچىدە رىۋايەت...
مانا بۈگۈن شۇ باي ئۈچ نەۋرىسىنىڭ خەتنە تويىنى كاتتا قىلىپ
ئۆتكۈزىدۇ. مۇختەرباي بۇ تويغا ئالاھىدە ياسىنىپ، ساقال ـ بۇرۇتى-
نى چەكتۈرۈپ، چىبەرقۇت پەشمەتىنى كىيىپ، بېلىگە قارا پوتا
باغلاپ، مەسكاپ ئۆتۈكىنى قوي يېغىدا مايلاپ، تۆپىسىنى كۆزىگە
كىيىپ، قىزىل دۇخاۋا بۆكىنى گەجگىسىدىن چىقىرىپ قويۇپ، ئاتتا
تىك ئولتۇرۇپ مەھەللە ئەرلىرىنىڭ ئالدىدا ئىتتىنى ئوينىتىپ يېتىپ

---

[1] روسىيە كۆزدە تۇتۇلىدۇ.

كەلدى . ئات باغلاشقا خادىلار قادىلىپ ، ئارقانلار تارتىلغان يەرگە كېلىپ ئاتتىن چۈشۈۋىدى ، ئات ئالغۇچىلار يۈگۈرۈشۈپ كېلىپ ئۇ. نىڭ ئېتىنى ئالدى . ئۇنىڭ ئالدىغا ھېۋىزباينىڭ ئۆزى كەلدى : كەككە ساقال ، ۋىجىك ، خۇمار كۆز ، قىزىل يۈز — پاكىز ئادەم ئىنچىكە ، مۇلايىم ئاۋاز بىلەن :

— رەھمەت ، رەھمەت مۇختەرباي ! — دېدى ئۇنىڭ يىرىك ، يوغان قوللىرىنى كىچىك ، نازۇك قوللىرى بىلەن چىڭ سىقىپ ، — شەھەردىن غوجامنى چىقتى . قېنى سارايغا ، غوجام بىلەن ھەمداستىخان بولۇشقا مەرھەمەت !

ھېۋىزباينىڭ تىلىمۇ بىر بايلىق ، ئۇ دىنىي ، پەننىي كىتابلارنى جىق ئوقۇيدۇ . ئورۇسچە ، خەنزۇچە سۆزلىيەلەيدۇ . قازاقچە ، ئۆز. بېكچە ، تۈركچە دېگەنگىمۇ سۇ .

ھېۋىزباي ناچار كىيىنگەن دېھقانلار بىلەنمۇ ئاشۇنداق قىزغىن كۆرۈشۈپ ، ئۇلارنى مەخسۇس تەييارلانغان ئۆيلەرگە تەكلىپ قىلدى . ئون پۈتلۈق گۈرۈچ يەيدىغان قازاندىن ئالتىسىدە پولۇ تەييارلانغان ، قازان بېشلىرىدا ئادەملەر پالتىلار بىلەن دۈۋە ـ دۈۋە كالا ـ قوي گۆشلىرىنى پارچىلاشماقتا . چەبدەس يىگىتلەر لېگەن ـ تاۋاقلارنى كۆتۈرۈشۈپ يۈگۈرۈشۈپ يۈرمەكتە . تەرەپ ـ تەرەپتىن توپ ـ توپ ئاتلىقلار ، هارۋىلىقلار ئۈزۈلمەي كېلىشمەكتە ، قورساقلىرى تارتى. لىپ كەتكەن بەيگە ئاتلىرىنى سوۋۇتۇپ چىرايلىق ، چەبدەس كىيىن. گەن باللار ئەتراپتا يۈرۈشمەكتە . ئادەملەرنىڭ كۈلكە ـ چاقچاقلى. رى ، ئايالارنىڭ يازلىقى تېرەك بېشىغا قونۇپ قاقىلداشقان توقۇناق قاغىلاردەك چۇكۇلداشلىرى ، ئاتلارنىڭ كىشنەشلىرى ئاچچىق شامال. نىڭ ھۇۋلاشلىرىنى بېسىپ كەتكەن ، ئادەملەر قار ئارىلاش يېغىۋاتقان يامغۇرنىمۇ ئۇنتۇشقان .

ھېۋىزباينىڭ تويى ئۈچۈن ھەپتە ـ ھەپتىلەپ تەييارلىق كۆرۈش. كەن دېھقانلار بۇنداق چاغلاردا ئاسماندىن تاش ـ شېغىل ياغسىمۇ

بەربىر خۇشال . بۇ كۈن ئۇلار ئۈچۈن ئۇنتۇلغۇسىز خاتىرە . بۇنداق كۈنلەر ئۇلار ئۈچۈن بىر يىل يەتكۈدەك سۆھبەت خاتىرىلىرىنى قالدۇ- رالايدۇ . ئۇلارنىڭ هاياتى مۇشۇنداق كۈنلەر بىلەن مەنە تاپىدۇ ، يېڭى- لىنىدۇ …

مانا ، باغلانغان ئاتلار شۇنچىلىك كۆپەيدى : هېچقاچان بۇنچىلىك كۆپ ئات بىر يەرگە توپلانغان ئەمەس ، ئىككى مىڭبىرگىلىك ، يەنى يىگىرمە يۈزبېگىلىك يەرنىڭ ئادىمى بۇ يەرگە توپلانغان . شەھەردىن چىققان مېهمانلار تېخى بۇنىڭ سىرتىدا . نەچچە يۈز ، تاكى مىڭلىغان ئادەم بىلەن ئاتنىڭ توپلىنىشى هەم هەيۋەتلىك ، هەم سۈرلۈك . هەم- مىلا ئادەم بىر قىلىقى بىلەنلا نام چىقىرىۋالسام دەيدۇ ، هەممىلا ئادەمدە شۆهرەت تەمەسى ، ئارمان ئىستىكى .

— هەي ، ئوغلاققا سەركە تاشلانغۇدەك !

— سەركىنى قانداق ئېلىپ قاچقىلى بولىدۇ ؟ تېقىمغا باسماقمۇ تەس !

— ئاۋۇ باغنىڭ تېمىغا مىنىپ ، پىيادىلەر تېقىمغا باسايلى .

— يىگىرمە يىگىت پىيادە بولۇپ چۈشىمىز . باغلىۋالساقلا ئۆگ- زىگە ئاچىقىپ كېتىمىز !

مانا بۇ نە ــ نەلەردىن پىيادە كېلىشكەن دېھقانلارنىڭ ئارزۇسى .

— سەن زىيەك تېقىمداپ تۇپتىن يۇلۇپ ئاچىقىپ بەرسەڭلا ، مۇختەرباي ئالدىغا ئېلىپ مەهەللىگە ئۇچىدۇ .

— مۇختەربايىنىڭ قولا ئېتى قولانغا ئوخشايدۇ جۇمۇ !

— نى ـ نى ئاتلار تۇرمامدۇ . ئاۋۇ كۆك ئاتنى قارا ، قولاقلىرى قارلىغاچنىڭ قانىتى . قارا ، جانىۋارنىڭ تۇرالماي تېپىچەكلەۋاتقى- نىنى !

— دېسەم ـ دېمىسەم ئۇ بىر ساپساپچى !

— كۆرسەن ، ئاشۇ ئات ئوغلاقنى ئېلىپ قاچسا !

مانا بۇ چەۋەندازلار ۋەسۋەسىسى .

ھەممىلا ئادەم شان ـ شەرەپ ، ئۇستۇنلۇك ھەققىدە باش قاتۇرماقتا .

ئادەملەر ئۆيلەردىن مايلاشقان ئىغىز ـ بۇرۇتلىرىنى مەغرۇر سۈرتۇشۇپ يار بېشىغا مېڭىشماقتا . ئاتلىقلىرى ئاتلىق ، پىيادىلىرى پىيادە .

دەريا بويىدا چۆرگىلىمە چىپىشىش ئۈچۈن مەيدان ھازىرلانغان . سازلىق ـ چىمەنلىك ، توپتوز يەرنىڭ ئۇيەر ـ بۇيېرىگە توغلار قادىلىپ يول بەلگىسى ئۈچۈن توغلارنىڭ باشلىرىغا ياغلىقلار چىگىلگەن . ھەربىر ئەگىمدە مەخسۇس ئاتلىق قاراۋۇللار قويۇلغان . بۈگۈنكى بەيگىگە ئەڭ تاللانغان يىگىرمە سەككىز بەيگە ئېتى تەييارلانغان . ھەربىر ئات ھەربىر يۇرت ـ مەھەللىنىڭ غۇرۇرى ، شان ـ شەرىپى . شۇ ئات شۇ يۇرت كاتتىلىرىنىڭ يە بېشىنى تىك قىلىدۇ ، يە يەرگە ساڭگىلىتىدۇ . بىر ئايدىن بېرى تاڭ ئاشۇرۇپ تەييارلانغان ئاتلار بىر ـ بىرىدىن كۆركەم ، خىيالچان كۆرۈنىدۇ . ھەقىقىي بەيگە ئېتى بەيگە ئالدىدا خىيالچان ، شۈك بولۇپ قالىدۇ . تېپچەكلەپ ، ئىغىزدۇرۇق چايناپ ، يەر چاپچىپ ئالدىراۋاتقانلىرى دېھقان تىلى بىلەن ئېيتقاندا ، بىردەمگىلا يۈگۈرىدىغان ساپساپچى ئاتلار . مەيداننى بىر ئايلىنىش بەش مىڭ مېتىر . مانا شۇ بەش مىڭ مېتىرلىق ئايلانمىنى يىگىرمە ئايلىنىش كېرەك . ئۇزۇنغا چىپىش بولغان بولسا شەھەرنىڭ ئۇ تەرىپىگە — تەلكە ئېغىزىغا چىپىپ بارغان بولارىدى ، بۇنداق يۇز كىلومېتىر ئۇزۇنلۇقتا ئاتنىڭ ئېتى چىدىمىسا كۆرگەنلا ئات ياراۋەرمەيدۇ ـ دە !

مانا ، ئاتلار پەللىگە ماڭدى . بەيگە مەيدانى سانجاق ئادەم .

ئاتلار ماڭغاندا ، دەريا تەرەپتىن گەۋدىلىك بىرى ۋارقىراپ چىقىپ كەلدى .

— مېنىڭ ئېتىممۇ بەيگىگە چۈشىدۇ ! — دېدى ئۇ — بېشىغا ئاق مالىخاي كىيگەن ، چاققان ، قىسقا كورەك جۇۋىلىق ، مەيدىسى

www.uighurkitap.com

ئوچۇق ئادەم.

— غېنى ئوغرى! — دېدى ئادەملەر بىر - بىرىگە ھەيران ۋە خۇشال بولۇشۇپ.

غېنى ئوغرىنىڭ ئاۋازى كىمنى قارىتالمايدۇ. ئۇنىڭ يېنىدىكى كۆكسى كەڭ، ساغرىسى چوڭ، بېلى ئىنچىكە، قۇيرۇقى بوغۇلغان تورۇق ئات بېشىنى لۆڭگە بىلەن تېڭىۋالغان قازاق بالا بىلەن بېرىپ بەيگىچىلەر توپىغا قېتىلدى.

— بۇ ئوغرى بەيگە ئاتنى نەدىن ئوغرىلىغاندۇ؟

— رەسىدىن ئوغرىلاپ كەلدى جەزمەن!

— كۆنەسىنىڭ ئېتىمدەك قىلىدۇ.

— تورغاۋۇتنىڭ بولسا مېڭىشى ياخشى، بەيگىگە يارىمايدۇ!

— قالماق ئېتىمدەك قىلىدۇ جۇمۇ!

— ياق، قازاق ئېتى!

— بەرناۋۇلدەك ئېگىز - ھە!

— قارا، ئاياغ ئېلىشىنى، ئىتتىك ئاتتەك قىلىدۇ!...

ھەممە ئادەمنىڭ كۆزى پەللىدە. مانا، ئاتلار قاتار تىزىلدى، مانا، پاختا بەن مىلتىق ئېتىلدى، ئاتلار قويۇپ بېرىلدى. بىر - ئىككى چۆرگىلىگۈچە ئاتلار توپ - توپ بولۇپ يۈگۈرۈشتى، ئاستا - ئاستا سوزۇلۇپ ئالدىدا ئون، ئوتتۇرىدا بەش، ئاخىرىدا ئون ئۈچ ئات يۈگۈرۈپ بارماقتا، ھەربىر توپنىڭ ئارىلىقى بەش - ئالتە مېتىر... مانا، ئونىنچى چۆرگىلەم باشلىنىۋىدى، ئاتلارنىڭ ياخشى - يامىنى خىللىنىشقا باشلىدى. نەچچە ئات سەپتىن چىقىپ كەتتى. مانا، يىگىرمە سەككىز ئاتتىن ئون ئالتىسى يول تالىشىپ كېتىۋاتماقتا، ئون بەشىنچى ئايلىنىشقا كەلگەندە، ئالتە ئات بىر قاتار، ئون ئات بىر قاتار بولۇپ قالدى. غېنى ئوغرىنىڭ ئېتى ئاخىرقى سەپتە. پاھ، تورۇق ئات يۈگۈرگەنسېرى قىزىپ، ئايىغى ئېچىلىپ ئۈزۈپ چىقىشقا باشلىدى. مانا، ئاخىرقى ئىككى ئايلىنىش، بالا بەيگىچىلەر ئاتلىرى-

نىڭ تىزگىنلىرىنى قويۇۋەتتى ، ئاتلارنىڭ قەدەملىرى شۇنچىلىك تېز ، تۇياقلىرى كۆرۈنمەي قالدى . قۇلاقلىرى يوپۇرۇلغان ، ئىككى ئالدى ئايغىنى تۇمشۇقىنىڭ بېقىنىدىن چىقىرىپ يوگۇرۇۋاتقان ئاتلار ئۆزىنىڭ ئاخىرقى ماھارىتىنى كۆرسەتمەكتە ئىدى . كۆك ئات ، قارا قاشقا ، خالتار ئات ئالدىدا تەڭ كېتىۋاتاتتى . بىردىنلا ئۇلارغا غېنى ئوغرىنىڭ ئېتى يېتىشىۋالدى . مانا ، ئاخىرقى ئايلىنىش ، ئاتلار ئۇچ-ماقتا . تەرەپ ـ تەرەپتىن ياندىغۇچىلار چىقىپ بەيگە ئاتلارغا ياندىشىپ ئاتلارنىڭ پېشانىلىرىنى سىيپاپ ، يېنىك قامچىلاپ قويۇپ ، بەزىلىرى چۇلۋۇرىنى تۇتۇپ يېتىلەپ چېپىپ ئاخىرقى پەللىنى تالاشماقتا . مانا ، قارا قاشقا ئالدىغا ئۆزۈپ چىقتى . پەللىگە يۈز مېتىر قالغاندا غېنى ئوغرىنىڭ ئېتى ئوڭىغا ياندىشتى . ئىككى ئاتنىڭ بېشىمۇ ، قەدەملى-رىمۇ تەڭ ، ئاخىرقى يىگىرمە ـ ئوتتۇز مېتىر قالغاندا ، غېنىنىڭ ئېتىنىڭ بېشى بىر غېرىچ ئۆزۈۋېدى ، قارا قاشقىنىڭ ياندىغۇچىسى غېنىنىڭ ئېتىنىڭ تۇمشۇقىغا بىر قامچا ئۇرۇۋەتتى . ئات بىرلا سىل-كىنىۋېدى ، قارا قاشقا ئوڭىدىن بىر غېرىچ ئالدىغا ئۆتتى . پەللىگە بەش مېتىر قالغاندا ئىككى ئات يەنە تەپمۇتەڭ بولۇپ قالدى . پەللە ئارقىنىغا غېنىنىڭ قازاق بالىسى بىرىنچى بولۇپ قامچىسىنى ئۇردى . لېكىن ، ئادەملەر :

— قارا قاشقا بىرىنچى ! — دەپ ۋارقىراشتى . ۋارقىراشقانلار كاتتىلار ئىدى ، بەيگە باشقۇرغۇچىمۇ ئۇلارغا ئەگىشىپلا :

— قارا قاشقا ! — دەپ ئېلان قىلىۋەتتى .

— ۋاي ئاناڭنى ! — دېدى غېنى باشقۇرغۇچىغا قامچىسىنى تەڭلەپ ، — تورۇق ئات بىرىنچى دە !

چۇقان كۆتۈرۈلدى . ئادەملەر ھەقىقەت بىلەن خۇشامەتنىڭ كۈرە-شىنى باشلىۋەتتى !

— قارا قاشقا !

— تورۇق ئات !

ۋارقىرىشىش ، تىللىشىش ، ئاخىرىدا قامچىلىشىش باشلىنىپ ، دەريا بويىدىكى تۈزلەڭدە بىر يەرنىڭ سۈيى ، نېنى بىلەن چوڭ بولغان ئەزىمەتلەر بىر ـ بىرىنىڭ بېشىنى يېرىپ ، ئاتتىن بىر ـ بىرىنى تارتىپ چۈشۈرۈشۈپ جەڭ مەيدانى پەيدا قىلىشتى . جېدەل تازا ئۇلغايـ غاندا ، بوز ئات مىنگەن ، ئەت رەڭ پەلتو كىيگەن ، سۆسەر تۆپىلىك ئادەم — ھېكىمبەگ غوجام بوز ئات ئۈستىدە تۇرۇپ قولىنى ئېگىز كۆتۈردى . شاڭيولار دەرھال ئۆز ئادەملىرىنى تىنجىتىش ئۈچۈن مەـ ھەللە چوڭلىرىغا ۋارقىراشتى . ئاخىر جېدەل جىمىدى ، ھەممە ئادەم غوجامنىڭ ئاغزىغا قاراشتى .

— ئىمان بىلەن گەپ قىلىڭلار ! ھەي خورجالار ، لەۋەي ، تورۇق ئاتنىڭ بىرىنچى بولغىنى راستقۇ ، ھەممە ئادەم كۆردى ـ دە ! — دېدى غوجام ھۆكۈم ئېلان قىلغاندەك ئىنچىكە ، سالماقلىق ئاۋازى بىلەن .

— غوجام بولمىسا بۇ خەق بىر ـ بىرىنى يەيدۇ !

— غوجام شۇنىڭ ئۈچۈن يۇرت ئاتىسى ـ دە !

غېنى غوجامنىڭ ئالدىغا كەلدى ۋە ۋارقىراپ تۇرۇپ :

— ماڭا كەلگەن تۆگىنى غوجامغا تۇتتۇم ، قېنى غوجام دۇئا قىلسىلا ! — دېدى .

كۆپچىلىك قىقاس كۆتۈردى ، تەرەپ ـ تەرەپتىن مەدھىيىلەر كەلدى :

— ئامىن !

— ئاپىرىن !

— ھوشىشەرە !

— ئوغرى ئەمەس ، باتۇر !

قار ياغماقتا ، ئادەملەر ئۈستىدە قويۇق ھور ـ تۇمان پەيدا بولغان . غېنى گېپىنى تۈگىتىپلا ئادەملىرىنى ئەگەشتۈرۈپ دەريا تەرەپكە يۈرۈپ كەتتى . ھېۋىزباي ئۆز قولى بىلەن نار تۆگىنى غوجامغا

تۆتتى .

— بۇ نېمىسى ، لەۋەي !

— غېنى باتۇرنىڭ سىزگە تۇتقان مېلى !

— ياق ، ئوغرىنىڭ شېرىكى بولسۇن دەمسىلەر مېنى !

غوجام چاقچاق قىلىۋىدى ، غوجامغا ئەگىشىپ چىققان «جوهۇت» لەقىمى بار ، سېمىز ئادەم خادىك ئۈستىدە ئۆرە تۇرۇپ :

— ئەمىسە دۇئا قىلاي ، ماڭا ھەرقانداق نەرسە ھالال . مەن دېگەن جوھۇت ! — دەپ چاقچاق قىلدى .

ئادەملەر قاقاقلىشىپ كۈلۈشتى . نار تۆگە خادىكنىڭ كەينىگە باغلاندى .

تەرەپ - تەرەپتىن «ئوغلاق ، ئوغلاق !» دېگەن قىقاس كۆتۈرۈلدى . شۇ زامان مەيدانغا يوغان ئالا تېكە كەلتۈرۈلدى . قاسساپلار ئۇنى مەرتىپ ياتقۇزۇپ پۇتلىرىنى تاڭدى - دە ، «ئاللاھۇ ئەكبەر» دەپ كانىيغا پىچاق سۈردى .

كاللىسى ، ئىچ - قارنى ئېلىنغان تېكە چىمەنلىككە قويۇلدى ، بىلەكلىرى تۈرۈلگەن ، چاققان كىيىنگەن ئوغلاقچىلار تەرەپ - تەرەپتىن ئات دېۋىتىپ كېلىپ يەرگە ئېڭىشىپ بىر قولى بىلەن تېكىنى ئېلىپ باقتى ، ھېچكىم ئۇنى يۇلۇپ تېقىمىغا باسالمىدى ، ئالدىغا ئالالمىدى . بوز ئات مىنگەن زىياۋۇدۇن پىششىق ئۇلاڭ ۋە قوشلاپ چۇ ئۇلاڭ تارتىلغان قاۋۇل ھارۋا ئېتىدىن ئىككى قولى بىلەن ئوغلاققا ئېڭىشتى . ئۇ باشقىلاردەك بىر قولىدا ئات يايلىنى تۇتۇپ ، بىر قولى بىلەن تېكىنىڭ كەينى پۇتىدىن تۇتماستىن ، ئىككى قولى بىلەن تېكىنىڭ ئىككى كەينى پۇتىدىن تۇتۇپ پۇتلىرى بىلەن ئۈزەڭگىگە چىڭ تىرەپ تۇرۇپ ، تېكىنى يەردىن يۇلۇۋالدى - دە ، ئوڭ پۇتىنى چاققانلىق بىلەن كۆتۈرۈپ ، ھەش - پەش دېگۈچە ئۈزەڭگە باغنى تېكىنىڭ قورسىقى ئۈستىگە قويدى ، ئاندىن تۆۋەنگە قارىتىپ چىڭ دەسسەپ ئىككى قولى بىلەن تېكىنىڭ ئىككى كەينى پۇتىنى چىڭ

تۇتۇپ ئاتنى دېۋىتتى . ئۇنىڭ ئېتى مىدىرلىغۇچە ئونلاپ تېقىمچىلار ئۇنى مىدىرلىغۇسىز قىلىپ قورشىۋېلىشتى .

بوز ئات — شەھەرگە ئۇن خو بۇغدايىنى هارۋا سۆرەپ ئەكىرەلەيدىغان قاۋۇل هارۋا ئېتى گويا ئۇن خو يۈك بىلەن هارۋىسى پاتقاققا پېتىپ قالغاندەك يۇلقۇنۇپ كۆچىنىپ سىلكىنىدى ، لېكىن ئوغلاقنىڭ ئالدى پۇتىنى ئۆزىگە ئوخشاش ئىككى ئات ئىككى ياققا تارتماقتا ، يۇرت - يۇرتنىڭ تېقىمچىلىرى بۇ يەرگە توپلانغاچقا ، داڭلىق تېقىمچى يالغۇزلا زىياۋۇدۇن ئەمەستە ! شۇڭا ، بوز ئات يۇلۇپ چىقالمىدى . ئۇنىڭ ئۈستىگە زىياۋۇدۇننىڭ ئىككى قولىنىڭ يېنىدىمۇ بىرنەچچە قاۋۇل قول ئوغلاقنى قاماللاپ تۇتۇپ ، ئۇنىڭ تېقىمىنى يۇقىرىغا كۆتۈرۈپ ، ئۇنى ئۆرۈۋېتىش ئۈچۈن كۆچىمەكتە ئىدى .

مۇختەرباي ئېتىنى كەينىچە سو قىلىپ ئوغلاقچىلار ئارىسىغا كىرىشكە هەرىكەت قىلماقتا ۋە هەدەپ :

— زىيەك ، ئاتنىڭ تىزگىنىنى ماڭا تاشلا ! — دەپ ۋارقىرىماقتا ئىدى . زىيەكنىڭ ئاغزىغا قامچىسى چىشلەكلىك ، ئۇ ئۆپكىدەك قىزىرىپ ، ئالدىغا ئېگىشىپ ئۈنچە ئادەم بىلەن ئېلىشماقتا ئىدى .

بوز ئات ئۆرىدەپ تۇرۇپ ئالدىغا بىر يۇلقۇنۇۋىدى ، تېقىمداشقان ئىككى ئاتنى سۆرەپ توپتىن يۇلۇنۇپ چىقتى . مۇختەرباي يېنىدىكى بۆرىۋاي ئىسىملىك قازاققا :

— تارت ، تارت ! — دەپ ۋارقىراپ ئۇنى زىياۋۇدۇنغا ياندىشتۇردى . زىياۋۇدۇن بىلەن بۆرىۋاي ئوغلاقنى ئارىغا ئالدى ، مۇختەرباي : «ها - ها - هاي ··· !» دەپ ۋارقىراپ ئوغلاققا يېقىنلاشقانلارنى ئېتىنىڭ كۆكسى بىلەن ئۇرۇپ ، ئوغلاقنى توپتىن يۇلۇپ ئاچىقتى . ئۈچ ئاتلىق ئوغلاقنى ئارىغا ئالدى . ئۇنىڭ قالغان ئوغلاقچىلىرى باشقا يۇرتنىڭ ئاتلىرىنى يېقىن كەلتۈرمىدى ، ئوغلاق سازلىققا ، كېيىن يار ياقىلاپ كۆنچىقىشقا ، ئۇ يەردىن ئۆرلەپ شىمالغا قاراپ يۈرۈپ كەتتى .

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com



ئوغلاقنى ئابدۇمەر مىڭبېگىنىڭ ئۆيىگە تاشلاپ قايتقان مۇختەرباي

www.uyghurkitap.com

مىڭلىغان ئاتلىقلار ئۇلارنى قورشاپ، چوڭ ئالامان بولۇپ شىمالغا سىلجىدى ... ئۇلار ئۆمىلىشىپ، يۇرت ـ مەھەللە ئابرۇيى ئۈچۈن جان تىكىپ تاكى گۈگۈم چۈشكۈچە ئېلىشتى. ئاخىر كەچ كىرگەندە، مۇختەرباي ئېغىر ئوغلاقنى ھېلىقى يۈگۈرۈك — دەملىك ئېتىنىڭ ئالدىغا ئالدى ـ دە، مەھەللىسىدىن ئۆتۈپ، ئابدۇمەرمىڭبېگىنىڭ كۆزلىكىگە قاراپ يۈرۈپ كەتتى ۋە ئەكىلىپ مىڭبېگىنىڭ ھويلىسىغا تاشلىدى.

ئوغلاق تاشلاش قەيسەرلىكنىڭ بەلگىسى. تاشلىغۇچىنىڭ بويىنىغا مىڭبېگى قائىدە بويىچە ياغلىق باغلىدى ۋە:

— خالايىق، بۈگۈن كەچ بىزنىڭكىدە مەشرەپ! — دەپ ۋارقىرىدى. «مۇختەرباي ھېۋىزباينىڭ ئوغلىقىنى ئابدۇمەر مىڭبېگىنىڭ ئۆيىگە تاشلىدى!» دېگەن خەۋەر بىردەمدىلا ھەممە يەرگە تارالدى.

*مۇختەرباي مەزكۇر روماندىكى بەدىئىي ئوبرازلار ئىچىدە ئەڭ مۇۋەپپەقىيەتلىك يارىتىلغان پېرسوناژ. بۇ پارچىدىمۇ ئۇنىڭ خاراكتېرى ناھايىتى روشەن ئىپادىلەنگەن. ئۇنىڭ ئۆزگىچە سۆز ـ ھەرىكەتلىرى بىزگە ناھايىتى تونۇشتەك بىلىنىدۇ. بۇ ھال ئۇنىڭ خاراكتېرىنىڭ چىن يارىتىلغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ. بۇنداق پېرسوناژلارنى ئەدەبىيات تەنقىدچىلىرى «جېنى بار پېرسوناژ» دەپ تەرىپلەيدۇ. بۇنى ئۇلار سۆز ـ ھەرىكەتلىرى كىشىگە سۈنئىي تۇيغۇ بېرىدىغان جانسىز پېرسوناژلارغا سېلىشتۇرۇپ ئېيتىدۇ. مۇختەرباينىڭ ۋۇجۇدىدىن بىز مىللىي خاراكتېرىمىزنىڭ ئالامەتلىرىنىمۇ، يەرلىك خۇسۇسىيەتنىڭ تامغىلىرىنىمۇ، شۇنداقلا ئۆزىگە خاس ئىندىۋىدۇئاللىقىنىمۇ ئېنىق كۆرەلەيمىز. ئۇنىڭ ئاتقا مىنىپ خەتنە تويغا ماڭغان چاغدىكى قىياپەت تەسۋىرىمۇ كىشىدە ئۇنتۇلغۇسىز ئوبراز سۈپىتىدە تەسىر قالدۇرىدۇ.*

*بۇ پارچىدە يەنە مىللىي ئۆرپ ـ ئادەتلىرىمىزگە ياتىد-*
*غان خەتنە توي ، بەيگە ، ئوغلاق تارتىشىش پائالىيەتلىرى*
*ناھايىتى ئىخچام ، ئىنچىكە يېزىلغان . ئالاھىدە يېرى شۇكى ،*
*يازغۇچى بۇ پائالىيەتلەر جەريانىدىكى كىشىلەرنىڭ ھەرىكەت*
*تەسۋىرى ، قىياپەت تەسۋىرى ۋە مىجەز ـ خاراكتېرىنىمۇ*
*ناھايىتى ئۇستىلىق بىلەن يورۇتۇپ بەرگەن . بۇ تەرىپى تې-*
*خىمۇ ئۇتۇقلۇق بولغان .*

1 . بەيگە ئۆتكۈزۈش ۋە ئوغلاق تارتىشىش — خەلقىمىزنىڭ
ئەنئەنىۋى مىللىي تەنتەربىيە ئادىتى . سىز مۇشۇ پارچىدە تەسۋىرلەن-
گەن بەيگە ئۆتكۈزۈش ۋە ئوغلاق تارتىشىش پائالىيىتىگە ھەۋەس قىلا-
مسىز؟ نېمە ئۈچۈن ؟

2 . مۇختەر باينىڭ مىجەز ـ خاراكتېرىدىكى ئۆزگىچىلىكنى
ئۇنىڭ قايسى سۆز ـ ھەرىكەتلىرىدىن ئېنىق ھېس قىلدىڭىز ؟

3 . مەزكۇر تېكىستتىكى سىزگە چوڭقۇر تەسىر قىلغان ئوبراز
ۋە كۆرۈنۈشلەرنى گۇرۇپپىغا بۆلۈنۈپ رەسىم قىلىپ سىزىپ چىقىڭلار
ھەم قايسى گۇرۇپپىنىڭ ياخشى سىزغانلىقىنى باھالاڭلار .

## ▲ ئىلاۋە ۋە مۇناسىۋەتلىك ماتېرىياللار ▲

### 1 . ئاپتورى ۋە دەۋر ئارقا كۆرۈنۈشى

يازغۇچى زوردۇن سابىر (1937 — 1998) بۈگۈنكى زامان
ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدىكى تەسىرى ئەڭ زور ، ئوقۇرمەنلەرنىڭ قىزغىن
ئالقىشىغا سازاۋەر بولغان تالانتلىق يازغۇچى . ئۇ غۇلجا ناھىيىسىنىڭ
بايتوقاي يېزىسىدا دۇنياغا كەلگەن . ئۇنىڭ ئاتا ـ ئانىسى دېھقانچىلىق
بىلەن شۇغۇللىناتتى . ئۇ 1957 ـ يىلى ئىلى دارىلمۇئەللىمىننى
پۈتكۈزۈپ ، لەنجۇدىكى غەربىي شىمال مىللەتلەر ئىنستىتۇتىدا ئوقۇ-

غان ۋە 1964 ـ يىلى 11 ـ ئايدا غۇلجا شەھەرلىك 2 ـ ئوتتۇرا مەكتەپكە يۆتكەلگىچە شۇ مەكتەپنىڭ تىل ـ ئەدەبىيات فاكۇلتېتىدا ئوقۇتقۇچى بولغان .

زوردۇن سابىر لېۋ تولستوي ، بالزاك ، شولوخوف ، چېخوف ، تۇرگېنېۋ قاتارلىق يازغۇچىلارنىڭ ئەسەرلىرىنى ، ئۇلارنىڭ ئىجادىيەت ئۇسلۇبىنى ، بەدىئىي ماھارىتىنى ناھايىتى بېرىلىپ ئۆگەنگەن .

«مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى»دا ، زوردۇن سابىر ناھايىتى كۆپ كۇلپەتلەرنى باشتىن كەچۈرگەن . بىر ـ بىرىدىن ئازابلىق ئەگرى ـ توقاي كەچۈرمىشلەر ئۇنىڭ كىشىلىك تۇرمۇش قارىشىنى يېتەرلىك تاۋلىغان .

زوردۇن سابىر 1979 ـ يىلى شىنجاڭ خەلق نەشرىياتىغا يۆتكىلىپ كېلىپ «بۇلاق» ژۇرنىلىدا مۇھەررىر بولغان . 1981 ـ يىلىدىن باشلاپ كەسپىي يازغۇچىلىق ھاياتىنى باشلىغان . 1980 ـ يىللاردا ئۇنىڭ «شەبنەم» ، «ساداقەت» ، «ئۇنتۇمايمەن گۇلسارە» ، «جىگدىلەر پىچىرلايدۇ» ناملىق ھېكايە توپلاملىرى ؛ «ئارچا ياپرىقى» ناملىق پوۋېستلار توپلىمى ، «ئابرال شامالLىرى» ، «ئىزدىنىش» ناملىق رومانلىرى نەشر قىلىنغان . ئۇنىڭ بۇ ئىجادىيەتلىرى يېڭىدىن شەكىللىنىۋاتقان ئۇيغۇر پروزىچىلىقىغا كۈچلۈك ئاساس سالغان . ئۇنىڭ نامى ئۇيغۇر ئەدەبىياتى ساھەسىدىن ھالقىپ بىر پۈتۈن جۇڭگو ئەدەبىياتى ، ھەتتا چەت ئەللەرگە تونۇلۇشقا باشلىغان .

1990 ـ يىللاردا ئۇ داۋاملىق ئىزدىنىپ يەنە كۆپلىگەن ھېكايە ، پوۋېستلارنى ، «ئانا» ناملىق رومانىنى يېزىپ چىققان . ئەمما ، كۆپرەك زېھنىنى «ئانا يۇرت» رومانىنى يېزىشقا قاراتقان .

داڭلىق يازغۇچى زوردۇن سابىر 1998 ـ يىلى «ئانا يۇرت» ناملىق بۇ ترىلوگىيىسىنىڭ ئەڭ ئاخىرقى بابلىرىنى شىنجاڭ ياشلار ـ ئۆسمۈرلەر نەشرىياتىغا تاپشۇرۇپ ئون كۈندىن كېيىن يۈرەك كېسىلى بىلەن ئۇشتۇمتۇت ۋاپات بولغان .

يازغۇچىنىڭ ئۆمرىنىڭ ئاخىرىدا يازغان بۇ كاتتا رومانى 2000 ـ يىلى قىشتا نەشر قىلىنغاندىن كېيىن جەمئىيەتتە كۈچلۈك زىلزىلە پەيدا قىلىپ «ئانا يۇرت، قىزغىنلىقى»نى قوزغىغان. 2002 ـ يىلى 12 ـ ئايدا بۇ رومان ئاقسۇ ئاۋاتلىق ئىلغار كارخانىچى هامۇتجان داۋۇتنىڭ مەبلەغ سېلىشى بىلەن تەسىس قىلىنغان «يېڭى ئەسىر ئۇيغۇر ئەدەبىياتى گۈلزار مۇكاپاتى»نىڭ تۇنجى نۆۋەتلىك مۇنەۋۋەر ئەسەر مۇكاپاتىغا ئېرىشكەن. 2003 ـ يىلى «ئاتا مەكەن» دېگەن نامدا قازاق تىلىدا نەشر قىلىنغان.

روماندا 1940 ـ يىللاردا ئىلىنى مەركەز قىلغان هالدا شىمالىي شىنجاڭدا يۈز بەرگەن «ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى» ئارقا كۆرۈنۈش قىلىنغان. ئەسەردە بۇ زور ئىنقىلابنىڭ كېلىپ چىقىش سەۋەبلىرى، ئەگرى ـ توقاي، مۇرەككەپ تارىخىي مۇساپىلىرى، تۈرلۈك پېرسوناژلار ئوبرازى يۈكسەك بەدىئىي ماهارەت بىلەن يورۇتۇپ بېرىلگەن. جۇڭخۇا خەلق جۇمهۇرىيىتىنىڭ رەئىسى ماۋ زېدۇڭنىڭ: «ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى پۈتۈن جۇڭگو خەلقى دېموكراتىك ئىنقىلابىي هەرىكىتىنىڭ بىر قىسمى» دېگەن يۈكسەك باهاسى تارىخىي پاكىتلار بىلەن دەلىللەنگەن.

**2. ئەدەبىيات تەنقىدچىلىرىنىڭ زوردۇن سابىرغا باهاسى**

ئەگەر بىز 80 ـ يىللارنىڭ بېشىدا ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدا كۆرۈلگەن ئەسەرلەرنىڭ ئېمىسىدىن تارتىپ مەزمۇنىغىچە، ئىپادىلەش ئۇسۇللىرىدىن تارتىپ ئېستېتىك خاھىشىغىچە، شۇنىڭدەك يېڭى شەكىل ۋە باشقا ساهەلەرگىچە كېڭەيگەن يېڭىلىق يارىتىش، ئىسلاهات قىلىش قىزغىنلىقىنى زامانىمىز ئەدەبىياتىنىڭ تۇنجى قېتىملىق ئومۇميۈزلۈك ئىزدىنىش هادىسىسى دەپ قارايدىغان بولساق، زوردۇن سابىر ئەنە شۇ هادىسىنىڭ كېڭىيىشىگە، چوڭقۇرلىشىشىغا كۈچلۈك تەسىر كۆرسەتتى.

— ئازاد رەهمىتۇللا سۇلتان

www.uyghurkitab.com

زوردۇن سابىر — ئۆزگىچە ئۇسلۇبقا ئىگە، مەسئۇلىيەتچان، جاسارەتلىك، تالانتلىق يازغۇچى. ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ كەڭ سەھنىسىدە پېرسوناژلارنىڭ خاسلىقىغا، تاللاش ھوقۇقىغا، ئۆزىگە خاس روھىي مەنتىقىسىگە، ئۆزگىرىشچان ھەم چىگىش ھېسسىياتىغا ھۆرمەت قىلىشتا؛ ئىنسان تەبىئىيتىنىڭ ئەڭ نازۇك، ئەڭ سىرلىق، ئەڭ چوڭقۇر قاتلاملىرىنى دادىللىق بىلەن قېزىشتا ئۇنىڭدىن ئېشىپ چۈشكەن يازغۇچىنى بىز تېخى ئۇچراتمىدۇق. ئىنسانىيەت تەپەككۇرىنىڭ ئېغىرلىق مەركىزى ئادەمنىڭ ئۆزىنى، بولۇپمۇ ئادەمنىڭ ئىچكى ئالىمىنى بىلىشكە يۆتكىلىۋاتقان؛ ئادەمنىڭ مەنىۋى دۇنياسىنى تەتقىق قىلىش تارىخىي خاراكتېرلىك مەدەنىيەت تەلىپىگە ئايلىنىۋاتقان؛ «ئادەم» ئۇقۇمىنىڭ ئىنتايىن مۇرەككەپلىكى بارغانسېرى روشەنلىشىۋاتقان؛ ئەدەبىياتتا ئادەمنىڭ مەقسەت ھەم مەركەزلىك ئورنى ئەسلىگە كەلتۈرۈلۈۋاتقان بۈگۈنكى دەۋردە يازغۇچىمىز زوردۇن سابىر ئۆز ئەسەرلىرىدە بۇ جەھەتتە باشلامچىلىق بىلەن يول ئېچىپ بەردى.

— ئەنۋەر ئابدۇرېھىم

### 3. ئەدەبىيات تەنقىدچىلىرىنىڭ «ئانا يۇرت»قا باھاسى

يازغۇچى زوردۇن سابىر ئۆزىنىڭ كىشى قەلبىنى لەرزىگە سالىدىغان ئاجايىپ رومانى «ئانا يۇرت»تا قەھرىمان ئەجدادلىرىمىزنىڭ ئادالەت ۋە ئازادلىق يولىدىكى ھەققانىي كۈرىشىنى يورۇتۇشقا نىيەت باغلاپ، خەلقىمىزنىڭ 20 ـ ئەسىرنىڭ 40 ـ يىللىرىدىكى باي ۋە مۇرەككەپ ھايات سەرگۈزەشتلىرىنى قەلەمگە ئېلىپ، ئۇنى بىز تېخى تەسەۋۋۇر قىلىپ يەتمىگەن يېڭى، ئىجابىي نۇقتىدىن يورۇتۇپ بېرىپ، خەلقىمىز تارىخىنىڭ يەنە بىر شانلىق بەدىئىي خاتىرىسىنى بارلىققا كەلتۈردى.

بۇ رومان مېنىڭ ئەڭ كۆپ ئوقۇغان كىتابلىرىمنىڭ بىرى بولۇپ قالدى. ئۇ ماڭا ناھايىتى كۆپ نەرسىلەرنى بەردى، مېنى سائەتلەپ

ئۇلتۇرۇپ پىكىر سۈرگۈدەك چوڭقۇر ئوي ـ خىياللارغا، كۆلۈپ تېلىقىپ قالغۇدەك باي يۇمۇرلۇق تۇيغۇلارغا ئەسىر قىلدى .

— مۇھەممەت پولات

زوردۇن سابىرنىڭ «ئانا يۇرت» ترىلوگىيىسىنى ئوقۇپ بولۇپ، نېمە ئۈچۈندۇر ئۇزاق خىيال سۈرۈشكە مەجبۇر بولدۇم، بۇنى ھەر-گىزمۇ كىشىگە يەڭگىللىك ۋە ئازادىلىك ئەكىلىدىغان خىيال دېگىلى بولمايتتى، بەلكى ئۇ تارىخنىڭ قاتتىق تولغاقلىرى، ئاچچىق ساۋاقلى-رى، ئۈچ ـ چېكى يوق نادامەتلىرى بىلەن قوشۇلۇپ كەتكەن ۋىجدان مۇھاكىمىسى ئىدى .

... روماندا پېرسوناژلار شۇنچە كۆپ بولسىمۇ، ئاساسلىق پېرسو-ناژلار خاراكتېر جەھەتتىكى مۇستەقىللىقى بىلەن كۆزىمىزگە تاشلى-نىدۇ . ئۇنىڭ ئۈستىگە بۇلارنىڭ مۇتلەق كۆپ ساندىكىلىرى تارىخىي شەخسلەر بولۇپ، تارىخىي شەخسلەرگە ئوبيېكتىپ باھا بېرىش شەرتى بىلەن بەدىئىي سۈپەتتە نامايان قىلىش يازغۇچىدىن ھەم ئۆتكۈرلۈك، ھەم زىلىلىقنى تەلەپ قىلىدۇ .

— ئابدۇقادىر جالالىدىن

قولۇمدا «تىنچ دون»دەك ئۇلۇغ ئەسەر «ئانا يۇرت» تۇرۇپتۇ . تەسەۋۋۇرۇمدا دون دەرياسى بىلەن ئىلى دەرياسى تەڭ شاۋقۇنلاپ ئاقماقتا . مۇختەرباي بىلەن ئاكسىنىيە خۇپىيانە كۆز قىسىشماقتا . نۇرى بىلەن گرىگورىي ئۇرۇش ئوتى ئىچىدىن ھەققانىيەت ئىزدىمەك-تە . مىخائىل شولوخوف بىلەن زوردۇن سابىر مەردانىلەرچە قول ئېلىشماقتا ...

— يالقۇن روزى

زوردۇن سابىر ئۆز بايانلىرىدا، پېرسوناژلارنىڭ مۇلاھىزە، دىئا-لوگلىرىدا ئاشۇ دەۋرگە لايىق، خەلق ئادەتلەنگەن سۆز ـ ئىبارىلەرنى ئىشلەتكەن . توقۇلما پېرسوناژلارنىڭ پائالىيەتلىرىنىمۇ ئاشۇ دەۋرگە ئۇيغۇن ھالەتتە ئورۇنلاشتۇرغان . ئۇلارنىڭ ھاياتى، تۇرمۇشى، رو-

ھىي ھالىتى ، كۆزقاراشلىرى ، ئىجادىي ، سەلبىي ھەرىكەتلىرىنى زامان ، ماكاندىن يىراقلاشتۇرمىغان ، ياسالمىلىق قىلمىغان ، بىھۇدە رەڭ - بوياق بېرىپ يۇرمىگەن . تىل جەھەتتە ، سۆز - ئىبارىلەرنى ، جۈملە شەكىللىرىنى خەلقنىڭ ئەڭ جانلىق تىلىغا ، پېرسوناژلارنىڭ پسىخىكىسى ، ئاڭ سەۋىيىسىگە يېقىنلاشتۇرغان .

— ماخمۇتجان ئىسلام

## يېزىقچىلىق ۋە پائالىيەت

1 . بىرەر ساۋاقدىشىڭىز ياكى ئۆزىڭىزنى سىنىپتا «ئانا يۇرت» رومانىنى ئوقۇشتىن قىسقىچە تەسىرات سۆزلەشكە كۆرسىتىڭ . باشقا ساۋاقداشلار قوشۇمچە قىلسۇن .

2 . كىتابتىكى سىزگە چوڭقۇر تەسىر قىلغان بىرەر پېرسوناژ ئوبرازى ھەققىدە تەسىرات يېزىڭ . يازغىنىڭىزنى ساۋاقداشلىرىڭىزغا ئوقۇپ بېرىڭ .

3 . «ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى»غا دائىر تارىخىي رەسىم ، كىتاب - ماتېرىياللارنى توپلاپ «ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى» تېمىسىدا سۆھبەت ئۆتكۈزۈڭلار . ئىمكانىيەت يار بەرسە «ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى»غا قاتناشقان پېشقەدەملەرنى ياكى شۇ ھەقتە ئەسەر يازغان ، تەتقىقات ئېلىپ بارغان كىشىلەرنى تەكلىپ قىلساڭلارمۇ بولىدۇ .

# سەئىدىيە خانلىقىدىن كېيىنكى شېئىرىيەت

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىيات تارىخىدا قاراخانىيلار دەۋرىدە يۈسۈپ خاس ھاجىپ، تۆمۈرىيلەر دەۋرىدە ئەلىشىر نەۋائى بۈيۈك نامايەندە ھېسابلىنىدۇ. سەئىدىيە خانلىقى دەۋرىدىن باشلاپ بىزنىڭ ئەدەبىيات ـ سەنئەت ۋە مەدەنىيەت تارىخىمىزدا ئۆز زامانىسىغا ۋەكىللىك قىلالىغۇدەك قەلەم ساھىبلىرى ۋە داڭلىق ئەسەرلەر ئۆزلۈكسىز بارلىققا كەلدى. بۇ بۆلەكتە سىلەر شۇلار ئىچىدىكى ئاماننىساخان، نۆۋبەتى، ئەھمەدشاھ قاراقاشى، بىلال نازىم قاتارلىق ئەدىبلەرنىڭ ئەسەرلىرى بىلەن تونۇشۇسىلەر.



# 17 . غەزەل

## ئامانىنساخان[①]

ساڭا يۈز شۈكر ، يا رەب ، بىزگە ئادىل پادشاھ قىلدىڭ ،
فەقىر ـ مىسكىنگە ئابدۇرەشىدخاننى پەناھ قىلدىڭ .

نەفىسى ، كىچە ـ كۈندۈز قىل دۇئا تەڭرى تەقەددۇسغە ،
كى شاھىڭ ھەققىدە قىلماي دۇئا قاتتىق گۇناھ قىلدىڭ .

### مۇھاكىمە ۋە مەشىق

1 . بۇ غەزەلدە پىقىر ـ مىسكىن ئاۋامنىڭ ۋەكىلى بولغان ئامانىنساخاننىڭ قانداق ئىدىيىۋى ھېسسىياتى ئىپادىلەنگەن؟ بۇ غەزەلنىڭ مەيدانغا كېلىش ئارقا كۆرۈنۈشىگە باغلاپ قارىشىڭلارنى سۆزلەپ بېقىڭلار .

2 . ئادەتتە كلاسسىك شېئىر ـ غەزەللەرنىڭ تىلىنى چۈشىنىش بىرقەدەر قىيىن . بۇ غەزەلمۇ كلاسسىك ئەسەر . بىراق ، بۇ غەزەلنىڭ تىلى ئىنتايىن چۈشىنىشلىك ، بۇنىڭ سەۋەبىنىڭ نېمە ئىكەنلىكى ئۈستىدە ئىزدىنىپ كۆرۈڭلار .

---

① ئامانىنساخان — يەركەن سەئىدىيە خانلىقى (1514 — 1678 ـ يىللاردا دەۋران سۈرگەن)نىڭ ئىككىنچى سۇلتانى ئابدۇرەشىدخاننىڭ خانىشى . داڭلىق مۇقامشۇناس ۋە شائىر . ئۇ تەخمىنەن 1534 ـ يىلى تۇغۇلۇپ 1567 ـ يىلى 34 يېشىدا تۇغۇت ئۈستىدە قازا قىلغان ، دەپ قارىلىدۇ . «نەفىسە» ئۇنىڭ ئەدەبىي تەخەللۇسى .

# 18 . خوتەن ھەققىدە غەزەل

نەۋبەتى[1]

【ئەسلىيسى】

رەۋزىگە مانەند خىيال ئەت خوتەننى ،
بىھىشتدىن زىيادە مىسال ئەت خوتەننى .
يا رەب ، بىتەمۇغ جەننەتىيلەرنىڭ
ئەرجۇمەندىگە ۋىسال ئەت خوتەننى .
خۇجەستە خاكى رەھمەت سۈرمەسى ،
كۆزۈڭگە تۇتىيا ، خال ئەت خوتەننى .
پەرىلەر بۇسەسى تۇرفە شىرىندۇر ،
ھۆرلەر لەبىگە بال ئەت خوتەننى .
تەلئەتىگە خۇرشىد ، كۆزلەرگە ئەختەر ،
يادەك قاشىغە ھىلال ئەت خوتەننى .
چىقسە نەسىمى ، كىبلۇر شەمىمى ،
لەيلى بويىغە دال ئەت خوتەننى .
بەرسە قادىرى بەختىڭگە تەۋفىق ،
قۇربىڭغە قۇدرەت ، كەمال ئەت خوتەننى .
گۈلىستانى ئىرەم بولسۇن تەھەييۇر ،
ئۇنىڭغا نەۋرەس نىھال ئەت خوتەننى .

---

① نەۋبەتى — 17 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرى ، 18 ـ ئەسىرنىڭ ئالدىنقى يېرىمىدا خوتەندە ياشاپ ئۆتكەن مەشھۇر شائىر . ئۇنىڭ «دىۋانى نەۋبەتى» ناملىق غەزەللەر كىتابى بار .

قاندۇر بىھاجەت لالە يۈزىگە ،
قىزىللىق فەزا چۈن ئال ئەت خوتەننى .
مۆئەللىمى ئافاق بىنىشىن سۆخەنگۈي ،
تىفلىگە دەرسى مەقال ئەت خوتەننى .
ئەي جەھان شائىرى ، گۈلشەنى باغى ،
خەمسەڭگە قۇرباش ئىتتىسال ئەت خوتەننى .
سەن ھەم نەۋبەتى سىياھ رۇي ئىلىگە ،
رەقىبلەر كۆزىگە زەۋال ئەت خوتەننى .

【يەشمىسى】

△ خوتەننى بېھىشكە ئوخشاش خىيال قىل ، ئۇنى بەلكى بېھىشتىنمۇ زىيادە دەپ بىل .

△ ئەي تەڭرىم ، دوزاختا ئەمەس ، جەننەتكە كىرىدىغانلارنىڭ ئەزىزلىرىگە خوتەننى نېسىپ قىل .

△ خوتەننىڭ مۇبارەك تۇپرىقى رەھمەت سۈرمىسىدۇر ، ئۇنى كۆزۈڭگە تۇتىيا ، يۈزۈڭگە خال ئەتكىن .

△ ئاجايىپ سۈيۈملۈك ھۆر ـ پەرىلەرنىڭ لەۋلىرىگە خوتەننى بال (ھەسەل) قىلغىن .

△ خوتەننى گۈزەللەرنىڭ يۈزلىرىدىكى قۇياش ، كۆزلىرىدىكى يۇلتۇز ، يادەك قاشلىرىدىكى ھىلال دەپ بىلگىن .

△ مەيىن شامال چىقسا خوتەننىڭ خۇش پۇرىقىنى ئېلىپ كېلىدۇ . ئۇنى لەيلىنىڭ بۇيىغا دەلىل دەپ بىلگىن .

△ قۇدرەتلىك تەڭرى بەختىڭگە يول بەرسە ، خوتەننى قوۋم ـ قېرىنداشلىرىڭغا كۈچ ـ قۇدرەت ۋە كامالەت بىلگىن .

△ خوتەننى ئەرشتىكى ئىرەم بېغىنىڭ گۈلىستانى ھەيران قالغۇدەك گۈزەل بىر كۈچەت دەپ بىل .

△ ئۇنىڭ لالىدەك يۈزىگە قان ھاجەتسىز ، خوتەننى قىزىللىق

بېغىشلىغۇچى ھال دەپ بىلگىن .

△ ئەي جاھاننىڭ مۇئەللىمى ، ئۆتكۈر كۆزلۈك سۆزمەن ، باللارغا خوتەننى ماقال دەرسى قىلغىن .

△ ئەي جاھان بېغى گۈلشىنىنىڭ شائىرلىرى ، خوتەننى خەمسەڭگە (داستانلىرىڭغا) باش قۇر قىلىپ تاللا .

△ ئەي نەۋبەتى ، سەنمۇ خوتەننى قارا يۈزلەرگە ۋە رەقىبلەرنىڭ كۆزىگە زاۋال (قارائىغۇ) قىلغىن .

## مۇھاكىمە ۋە مەشىق

1 . بىر ئادەمنىڭ ئۆز ۋەتىنىنى ، ئۆز خەلقىنى ، ئۆز يۇرتىنى ، ئۆز ئائىلىسىنى ھەتتا ئۆزىنى ياخشى كۆرۈشى تامامەن ھەقلىق . سىز مۇشۇ نۇقتىدىن چىقىپ ئۆز يۇرتىڭىزنى ئەمەلىيەتنى ئاساس قىلىپ ، چوڭقۇر مۇھەببەت بىلەن مەدھىيىلەپ بىر پارچە ئەسەر يېزىپ ساۋاقداشلىرىڭىزغا ئوقۇپ بېرىڭ . مۇۋاپىق بولغان ـ بولمىغانلىقىنى باھالاپ باقسۇن .

2 . بۇ غەزەلدە قانداق ئىستىلىستىكىلىق ۋاستە قوللىنىلغانلىقىنى ، ئۇنىڭ قانداق رول ئوينىغانلىقىنى سۆزلەپ بېقىڭلار .

3 . بۇ غەزەلگە تەقلىد قىلىپ ، ئىستىلىستىكىلىق ۋاستىلەردىن پايدىلىنىپ ئۆز يۇرتۇڭلار توغرىسىدا بىرنەچچە كۇپلېت شېئىر ـ قوشاق يېزىپ چىقىڭلار .

www.uyghurkitap.com

# 19 . نەزەر مۇفتىغا خەت

ئەھمەدشاھ قاراقاشى[1]

دۇئايى بىئەدەد ، خوجام ، نەزەر مۇفتىمغا ئەلۋەتتە ،
تەھىيياتۇ سالىمىم ئانچۇنان ئاھۇ ـ نادامەتتە ،
ۋىسال بولغاي دۇئا بىلەن سالىمىم ياخشى سائەتتە ،
سىنى ياد ئەيلىدىم ھەر كۈن سەھەرلەردە ئىبادەتتە ،
كى سەندىن ئۆزگە دوستۇم يوق ئىدى ئاقىۋ ۋىلايەتتە .

ساڭا مەن نامە يازدىم ، نامۇناسىپ لەۋزىدىن ئەي يار ،
بىھەمدۇللاھ ، تىرىكلىكتىن نىشانە ئەيلىدىم ئىزھار ،
بىلىشنى ئىستىسەڭ ، مۇندا شۈكۈركىم ، بىز ئەمەس بىمار ،
تېنىڭ ساقمۇ بۇ كۈنلەردە سېنىڭ ، ئاندا نە ھالىڭ بار ،
مۇشەققەتلىكمۇ سەن ، يا ئۆتتىمۇ ئۆمرۈڭ پاراغەتتە ؟

قېرىلىق ھالىدىن سورىسام ، يېتىشتى نەچچىگە ياشىڭ ،
سېنىڭ ھالا بۇ كۈنلەردە ئاقارمىشمۇ قارا باشىڭ ،
ئايال ، ئۆششاقلىرىڭ ساقمۇ ، يەنە قوۋمۇ قېرىنداشىڭ ،
قانداقتۇر ئىشتىھايىڭ ، سىڭەمدۇ ھەر ۋاق يېگەن ئاشىڭ ،
تەنلىرىڭ ساق ، چىرايىڭ تازىمۇ ھۆسنى مالامەتتە ؟

---

[1] ئەھمەدشاھ قاراقاشى — تەخمىنەن 1740 ـ يىلى خوتەن قاراقاشتا تۇغۇلغان ، 1828 ـ يىلى ئالەمدىن ئۆتكەن . داڭلىق ساتىرىك شائىر . ئۇنىڭ بىر دىۋانى «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى»دا كۆيدۈرۈۋېتىلگەن . بۇ تېكىست ئەل ئارىسىدا «ئات ھەققىدە مۇخەممەس» ، «ئاتنامە» ، «سالامنامە» ، «ئات قىسسىسى» دېگەندەك ناملار بىلەنمۇ مەشھۇر بولۇپ كەلگەن .

ئاڭلىغىن ، ئەي رەپىقا ، سۆزنى ئەھمەدشاھ قاراقاشتىن ،
بايان ئەيلەيكى ھالىمنى ساڭا ئەمدى يىغىۋاشتىن ،
ئەقىدەم بار ئىدى شۇنچە يىقىن تۇغقان ـ قېرىنداشتىن ،
سىنىڭ كۆڭلۈڭ ماڭا قاتتىق ئىكەن گويا قارا تاشتىن ،
كۆرۈپ مەن ، بىلگىنىم يوق مەن ئۇنى ئەينى زۆرۈرىيەتتە .

سىنى مەن دوستۇ يارىم دەپ ، كۆڭۈلدە ئىتىقاد ئەتكەچ ،
مۇھەببەت رىشتىسىدىن ھەر زامان كۆڭلۈمنى شاد ئەتكەچ ،
سۈيۈنگىنى قىلىپ دائىم خوتەن ئەھلىگە ، ياد ئەتكەچ ،
ئەۋەتتىم ساڭا ئاتمىش تەڭگىنى ، كۆپ ئىئتىماد ئەتكەچ ،
ئەۋەتكەي بىر ياخشى ئات دەپ ، ھامان ئۆتتۇم خىيالەتتە .

پۇلۇمنى توختىتىپ بىر يىل ، ئەۋەتىپسەن ماڭا بىر ئات ،
ئىشەكچە يوقتۇر رەپتارى ، بۇ ئاتنىڭ ھەربىر مىجەزى يات ،
كى يولدا توختىۋالدى قامچا بىلەن ئۇرمىسام پات ـ پات ،
كۆلا ـ ئارغامچىنى ئۈزدى قوزۇقتا باغلىسام قات ـ قات ،
ئۇلاپ ئارغامچىنى ھاردىم ، كۈنى قالدىم ھالاكەتتە .

بايان ئەيلەي يەنە بىر ـ بىر بۇ ئاتنىڭ ئەيىبىنى ، ئاڭقا ،
قىڭىر قۇيرۇق ، سىڭا سۆڭگەچ ، پۇتى مايماق ، بويى لاڭقا ،
بىرى تەپكەك ، بىر مۆڭگەك ، بۇ ئەيىبلەر ئۈستىگە ماڭقا ،
ساماندىن بەش كۆشۈك يەپ ، ھەر قەدەمدە بىر تۈرۈپ ساڭقا ،
تۇغۇلماس ھىچ ۋىلايەت ئىچرە بىر ئات بۇ قىياپەتتە .

مىنىپ چىقسام ئىلىپ ئۇردى ، يىقىلدىم ، نەچچە كۈن ياتتىم ،
قويۇپ بەرسەم ، بۇزۇپ باغنى ، ھەممىشە ئەلنى قاقشاتتىم ،
سۇغارغاندا قېچىپ سۆرەپ ، ئاران ھارغاندا توختاتتىم ،

تېگىشتىم ئۇي بىلەن بەش ـ ئالتە نۆۋەت ، ئون قېتىم ساتتىم ،
قىلىپ دەۋا كېلىشۈەردى ، ماڭا ياندى شەرىئەتتە .

ئەگەر يولغا مىنىپ چىقسام ، تۇزۇك يۇگۇرۇپ چاپالمايدۇ ،
ۋە يا ئۇي ھارۋىسى بىلەن باراۋەرمۇ ماڭالمايدۇ ،
مۇبادا توختىۋالغاندا ئۇرۇپ قويسا چىچاڭلايدۇ ،
مىنىپ تۇرغان كىشى شۇئان بېرىپ يەرنى قۇچاقلايدۇ ،
خەتەرلىكتىن بۆلەك خىسلەت تېپىلماس بۇ كاساپەتتە .

ئۇرۇپ مىڭ تەستە چاپتۇرسام ، سوكۇلدايدۇ ئېشەك ئوخشاش ،
قورساق سانجىق بىلەن ئاغرىپ ، كېتەر گويا زىڭىلداپ باش ،
يەنە بىر ئەيىبى شۇدۇر چىرقىراپ سەت ، يولدا تاپ توختاش ،
زېرىكمەي مىنسە ، بىر سائەت بېرەلمەس ھېچ كىشى بەرداش ،
شەھەر ـ يېزا ئارا قىلغان سەپەر ، سەيلە ـ ساياھەتتە .

ئېرىقنى كۆرسە ياندى ئارقىسىغا ، ئۆتمىدى ئاتلاپ ،
ئەگرى يولغا كىرىپ ئالسا ئەگەركىم ، ھارمىدى قاتراپ ،
غولاپ بويىنىغا چۈشتۈم ، قاتىرىغاننىڭ زەربىدىن چاچراپ ،
ئىچىم سانجىق بىلەن تولدى ، قوۋۇرغام بەنتىدىن ئاجراپ ،
ساقايدىم ھەر زامان پارپى يالاپ مەئجۇنى شەربەتتە .

جاھان بازارىدا ھېچكىم بۇ ئاتقا تەڭنى تاپماسلەر ،
يېقىلسا گاھىدا مۇدرۇپ ، تېپىپ ـ ئۇرمىسا قوپماسلەر ،
زورىدىن بىر يۇگۇرسۇن دەپ ھەرنېمە قىلسا ، چاپماسلەر ،
سالاملاشسام ، تۇرۇۋېلىپ ، تاياقسىز زادى ماڭماسلەر ،
ئوسال ئات كۆپ قېتىم قويدى مېنى شۇنچە خىجالەتتە .

ئېغىلنى توختاتماي بۇزدى، ئىشكنى كۆپ قېتىم چاقتى،
بوغۇپ تەخەينى ئۆلتۈردى، موزاينىڭ ھەم خۇنى ئاقتى،
قېچىپ كەتسە تۇتۇق بەرمەي، تالاي كۈن باشقىلار باقتى،
تۆلەپ ھەق ھارمىدىم مەنمۇ، ھامان ھەركىمگە خۇشياقتى،
تالاپەتتىن بۆلەكنى كۆرمىدىم، قايغۇ ـ نادامەتتە.

مېنى زاڭلىق ئېتىشتى خەلق، بۇ ئات ئەھۋالى كۆپ تارقاپ،
ئېلىپ چىقماسقا بەند قىلدىم، ئۇنى تۆۋرۈككە چىڭ باغلاپ،
قومۇردى ـ يۇلدى تۆۋرۈكنى، كېچە كىرسەم مۆكۈپ قوتراپ،
كاساپەتنى ئېغىل باسقاچ توكۇر بولدى پۇتى ئاقساپ،
دېدىم مەن: ئۆلسىمۇ ئۆلسۇن، خۇدا قىلغان ئىرادەتتە.

ئۇرۇق ـ تۇغقانلىرىم قانچە قېشىمغا ئات سوراپ كەلدى،
بۇ ئاتنىڭ ئەسلى خۇي ـ پەيلى مېنى غەمگە ئوراپ كەلدى،
باھانە ئەيلىسەم نەچچە، ئۇلار يامان قاراپ كەلدى،
ئىلاجىم يوق بېرىپ تۇردۇم، مىنەلمەي ياندۇرۇپ كەلدى،
بۇ جېنىم چىققىلى تۇردى كۈنى يۈزمىڭ خىجالەتتە.

ئەۋەتكەن بۇ ئېتىمغا ھېچ كىشى بىر يول قاراپ باقماس،
قەلەندەر بىلەن ئابدالدىن بۆلەكلەرگە غولى ياقماس،
كۆتۈرۈپ گەز بويى ھېچ ئات ساغرىنى ئۇنىڭدەك چاقماس،
كىشىكىم ئات بالاسىدىن بۇنىڭدەك بىھېساب قورقماس،
ئېلىشتىم، غەم بىلەن قايغۇ بىسىپ تائەت ـ ئىبادەتتە.

قۇتۇلسام ئۇشبۇ ئاتتىن دەپ خېرىدارىنى ئاختۇردۇم،
بېدىكنى ھەرقاچان كۆرسەم، چۈچۈك تىل بىرلە يالۋۇردۇم،
قېرى ھالىم بىلەن قاتراپ ئۆيىگە كۆپ مېڭىپ ھاردىم،

يېپىشلىك ھەم كۈچى بار دەپ ئۇنى مەن شۇنچە ماختىمىدىم ،
بازاردا يەتمىدى ئالغان پۇلۇمغا بۇ سالاھەتتە .

ساتالمىدىم بۇ ئاتنى مەن ، سىيلىپ ھەر ھەپتە بازارى ،
بۇ ئاتنىڭ ئەپتىدىن قورقۇپ يېقىن كەلمەس خېرىدارى ،
يامانلىق شۆھرىتى بولدى خوتەن بازارىدا جارى ،
بىراۋ كۆرسە ئۇنى ، قاچتى ، ئېلىپ بارغىن دەپلا نارى ،
قانداق قىلاي بۇ كۈن دوست ـ يار ئارا كۆپ ـ كۆپ مالامەتتە .

بىزار بولغاچ تولا ، كۈن ـ تۈن يەنە بازارغا ئەپ چىقتىم ،
تىلىنگەنگە ساتايچۇ دەپ ، بۇ سۆزنى ئۆيدە دەپ چىقتىم ،
يېپىپ جۇل ھەم يەنە ئۇبدان ئېگەر ئۈستىگە سېپ چىقتىم ،
سېتىلماي قالمىغىيدى دەپ تۈمەن مىڭ غەمنى يەپ چىقتىم ،
نادامەت ئەيلىدىم ، قالدىم ئەجەب بىچاغ زەلالەتتە .

كى ئاندىن ئىككى ئاي باقتىم پىچانغا كۈنى ـ تۈن باغلاپ ،
سىلاپ جىسمىنى ھەر كۈندە كۈنجۈت يېغىدا ياغلاپ ،
بوغۇزنى قايىنتىپ بەردىم ، يېدى ھەر چاغ ئۆزى چاغلاپ ،
بېدىكلەر ئۇلىشىپ يالغانىنى ئېيتىپ ، بەكمۇ جىق داڭلاپ ،
ئاخىر ساتتىم نېسىگە ، بىر قەلەمدار ئالدى مۆھلەتتە .

چۈشۈپتۇر ئاسماندىن ئۇن تۈلۈمدا لاپ بىلەن يالغان ،
بىرى ئالەمگە تارقاپ ، توققۇزى مۇفتىمغىلا قالغان ،
پۈتۈن يالغان ئەمەسمۇ ئاتنى ئاتمىش تەڭگىگە ئالغان ،
بۇ ئاتمىش تەڭگىدىن ئېنىقكى ئوتتۇز تەڭگىنى سالغان ،
بىلىپ كەتكەن ئىكەنمەن ئەسلىدىن شۇنداق خىيانەتتە .

ئۆزۈڭ موللا بۇرادەر ، ئەجەبكى نەپسىڭىز غالىپ ،
چىرايىڭ خوپ سالاپەتلىك ، بىلۇرمەنكىم دىلىڭ قالىپ ،
بولۇپدۇرسەن بېرىپ ئاندا كىشىنىڭ ھەققىگە تالىپ ،
كۆڭلۈڭ ئوبدانىمىدۇر ، ئەي يار ، مېنىڭ ھەققىمنى ئېپقالىپ ،
كۆچۈرۈپ روزىغارىڭنى يۇرۇپسەنمۇ ھالاۋەتتە ؟

سېنى مۇفتى دېگەن بىلەن تۈزۈك ئانچە ساۋاتىڭ يوق ،
سېنىڭ ھەق بىلەن ناھەقنى بىلىش چاغلىق ئىمانىڭ يوق ،
ساداقەت يارۇ دوستلارغا ئۇمىد ۋە ئېتىقادىڭ يوق ،
قېرىنداش ، ئەلگە ، تۇغقانغا تېرىقچە ئىئتىمادىڭ يوق ،
ئىشەنگەي كىم ساڭا ئەمدى ، بۇرادەر ، ئۇشبۇ ھالەتتە ؟

نومۇس قىل خەلقىئالەمدىن ، سالامەت سەن ، ئەمەس بىمار ،
خىيانەتلىك قىلىپ شۇنچە ، خىجىللىق ئەيلىمەك دەركار ،
مېنىڭ ھەققىمنى يەپسەن ، ئۆزگىنىڭ ھەققىنى يېمە زىنھار ،
كىشىنىڭ ھەققىنى يەپ ، مىڭ ئىبادەت قىلغىنىڭ بىكار ،
سەئىي بىرلە كۈنى ـ تۈن ئۇخلىماي تۇرساڭمۇ تائەتتە .

ماڭا ئۇ ئات ئۈچۈن دائىم ئۆيۈمدە كۆپ مالامەتتۇر ،
يېمەك بىر ئاتتا ئوتتۇز تەڭگىنى قانداق خىيانەتتۇر ،
يېقىنلاشقاچ قىيامەت ، بەد دىيانەتلىك ئالامەتتۇر ،
مېنىڭ قالغان پۇلۇم بىرنەچچە كۈن سەندە ئامانەتتۇر ،
بېرەردۇرسەن ئۇنى تاڭلا تولۇق روزى قىيامەتتە .

www.uyghurkitap.com

## مۇھاكىمە ۋە مەشىق

1 . بۇ ناھايىتى ياخشى يېزىلغان ھەجۋىي شېئىر . ھەجۋىي شېئىر ئادەتتە ساتىرا دەپمۇ ئاتىلىدۇ . مۇخەممەس شەكلىدە يېزىلغان بۇ ساتىرادا ئەينى چاغدىكى شېئىرىي ئىستىداتقا ئىگە ، يۇمۇرلۇق تۇيغۇغا باي ئىككى يېقىن دوستىنىڭ يىراقتا تۇرۇپ قىلىشقان دوستانە چاقچىقى ئەكس ئەتكەن . ماتېرىياللاردا يېزىلىشىچە ، نەزەر مۇفتىمۇ دوستى ئەھمەددشاھ قاراقاشىغا «ياپىلاق» دېگەن ماۋزۇدا بىر پارچە ساتىرا يېزىپ ئەۋەتكەن ئىكەن . شائىر ئەھمەددشاھ قاراقاشى ئۆتكۈر ھەجۋىي تىل بىلەن ئەبگا ئاتنىڭ ۋە «خىيانەتكار » دوستىنىڭ ئوبرازىنى جانلىق سۈرەتلەپ جاۋابەن بۇ ساتىرانى يازغانىكەن . سىلەر بۇ مۇخەممەسنى پىششىق ئوقۇپ تۆۋەندىكى سوئال ـ تەلەپلەر بويىچە تەھلىل قىلىپ كۆرۈڭلار .

1) سىز بۇ مۇخەممەسنى ئوقۇغاندىن كېيىن چوقۇم ئۆزگىچە بەدىئىي لەززەت ئالدىڭىز . سىزگە ئاشۇنداق بەدىئىي زوق ئاتا قىلىۋاتقان سېھرىي كۈچ شېئىرنىڭ قايسى خۇسۇسىيىتىدىن كەلگەن ؟ مىسال كەلتۈرۈپ سۆزلەڭ .

2) شائىر بۇ شېئىرىدا دوستىنى سەممىيەتسىزلىكتە قاتتىق ھەجۋىي قىلغان ، بىراق ئۆزىمۇ تۇيمىغان ھالدا ناچار ئاتنى ماختاپ ساتماقچى بولۇپ سەممىيەتسىزلىككە يول قويغان . مەسىلەن :

قۇتۇلسام ئۇشبۇ ئاتتىن دەپ خېرىدارىنى ئاختۇردۇم ،
بېدىكنى ھەرقاچان كۆرسەم ، چۇچۇك تىل بىرلە يالۋۇردۇم ،
قېرى ھالىم بىلەن قاتراپ ئۆيىگە كۆپ مېڭىپ ھاردىم ،
يېپىشلىك ھەم كۆچى بار دەپ ئۇنى مەن شۇنچە ماختىدىم ،
بازاردا يەتمىدى ئالغان پۇلۇمغا بۇ سالاھەتتە .

سىلەر ئاپتورنىڭ ھېسسىياتىدىكى بۇ خىل زىددىيەتلىك ئەھۋالغا قانداق قارايسىلەر؟

2. سىلەر ئۆزۈڭلار ياقتۇرغان ھەجۋىي ئەسەرلەر (ھەجۋىي شېئىر، ھەجۋىي رەسىم، لەتىپە ـ يۇمۇر قاتارلىقلار)نى تېپىپ كېلىپ سىنىپ ئىچىدە بىر قېتىملىق ھەجۋىي ئەسەرلەردىن زوقلىنىش پائالىيىتى ئېلىپ بېرىڭلار.

3. شېئىردىكى مەنىسى سىزگە روشەن بولمىغان بىر قىسىم سۆزلەرنى «چاغاتاي تىلىنىڭ ئىزاھلىق لۇغىتى» ناملىق لۇغەتتىن پايدىلىنىپ بىلىۋېلىڭ.



# 20 . «غەزەلىيات»تىن پارچە

بىلال نازىم[1]

**【ئەسلىيسى】**

ئاھ ، مۇيەسسەر بولمادى كۆڭلۈمدە ئەرمانىم مېنىڭ ،
بۇ جىھەتتىن تامدى يەرگە ئەشكى خۇنبارىم مېنىڭ .

سەر نەۋشت روزى ئەزەلدە ئۇشبۇ ئېرمىش قىسمەتىم ،
ئۆرۈلۈر فەسلى خەزانغە ، فەسلى گۈلزارىم مېنىڭ .

---

① بىلال نازىم تەخمىنەن 1825 ـ يىلى غۇلجىنىڭ قازانچى مەھەللىسىدە تۇغۇلغان . 1899 ـ يىلى قازاقىستاندىكى ياركەنتتە ۋاپات بولغان . ئۇنىڭ تولۇق ئىسمى موللا بىلال بىن موللا يۈسۈپ ، تەخەللۇسى نازىم . ئەل ئارىسىدا موللا بىلال ياكى بىلال نازىم ، دېگەن ناملار بىلەن مەشھۇر . ئۇنىڭ «غەزەلىيات» ، «نۇزۇگۇم» ، «چاڭمۇزا يۈسۈپخان» قاتارلىق شېئىر ، داستانلىرى بار . ئۇنىڭ «غەزەلىيات» ناملىق غەزەللەر دىۋانى مەشھۇر ئۇيغۇر ئالىمى مۇرات ھەمرايېۋنىڭ نەشرگە تەييارلىشى بىلەن 1981 ـ يىلى تاشكەنتتە «بىلال نازىم شېئىرىياتىدىن» دېگەن نامدا ئۆزبېك يېزىقىدا نەشر قىلىنغان .

دوستلار ، يەتتى دىلىمغە ھەر زەمان يۈز مىڭ شىكەست ،
قالمادى شەرمى يۈزۈمدە ، تەندە ئىمكانىم مېنىڭ .

* * *

بىۋەفا گەردۇن ئەفلاك يۈرەكنى قىلىپتۇر چاك ،
قىلىپتۇر زەھەر ئاغۇشت ھەر كۈن ئىچەر ئاشىمنى .

* * *

قايۇ شاھ ئادىل ئىرسە سەن ئۇنى مىسلى سۇلايمان بىل ،
قايۇ زالىمنى كۆرسەڭ سەن ئۇنى يەر بىرلە يەكسان بىل .

* * *

يامان كۆرمەڭ مېنى ، دوستلار ، ئىگەمنىڭ بىر قۇلىدۇرمەن ،
كىشى قەدرىمنى بىلمەيدۇر ، ۋەتەنىنىڭ گەۋھىرىدۇرمەن .

【يەشمىسى】
ئاھ ، مېنىڭ كۆڭلۈمدىكى ئارمانىم ھاسىل بولمىدى ،
شۇ جەھەتتىن قانلىق يېشىم يەرگە ئاقىدۇ .

مېنىڭ گۈلزار پەسلىم غازاڭ پەسلىگە ئايلاندى ،
تەقدىر ئەزەلدە قىسمىتىم شۇنداق پۈتۈلگەنىكەن .

دوستلار ، دىلىمغا ھەرۋاقىت يۈزمىڭ ئازار يەتتى ،
يۈزۈمدە ئۇيات ، چىداشقا تېنىمدە ئىمكان قالمىدى .

* * *

بۇ ۋاپاسىز دەۋران يۈرىكىمنى پارە ـ پارە قىلدى ،
ئۇ ھەر كۈنى ئىچىدىغان ئېشىمنى زەھەرگە ئايلاندۇردى .

*　　　*　　　*

قايسى پادىشاھ ئادىل بولسا ، سەن ئۇنى سۇلايمان پەيغەمبەر دەك بىل ،
قايسى زالىمنى كۆرسەڭ ، سەن ئۇنى يەر بىلەن تەڭ كۆر .

*　　　*　　　*

دوستلار ، مېنى يامان كۆرمەڭلار ، مەن ئىگەمنىڭ بىر قۇلى ،
كىشىلەر قەدرىمنى بىلمەيدۇ ، (لېكىن ) ۋەتەننىڭ گۆھىرى .

## مۇھاكىمە ۋە مەشىق

1 . بۇ غەزەلنىڭ ئەسلىيسى بىلەن يەشمىسىنى سېلىشتۇرۇپ ئوقۇپ ، غەزەلدىكى ئوخشىتىشلارنى تېپىپ چىقىڭلار ھەم ئۇنىڭ شائىرنىڭ ئىدىيىۋى ھېسسىياتىنى ئىپادىلەپ بېرىشتىكى رولىنى چۈشىنىۋېلىڭلار .

2 . «مېنىڭ گۈلزار پەسلىم غازاڭ پەسلىگە ئايلاندى ،
تەقدىر ئەزەلدە قىسمىتىم شۇنداق پۈتۈلگەنىكەن»
دېگەن مىسرالاردا شائىرنىڭ تەقدىرچىلىك ئىدىيىسى ئىپادىلەنگەن دەپ قارامسىز ؟

3 . شائىر نېمە ئۈچۈن شۇنچە ئىشەنچ بىلەن ئۆزىنى «كىشىلەر قەدرىمنى بىلمەيدۇ ، (لېكىن ) ۋەتەننىڭ گۆھىرى» دەپ ئېيتىدۇ ؟ سىزنىڭچە مۇشۇنداق دېيىشى مۇۋاپىقمۇ ؟

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

# ئۇنىۋېرسال ئۆگىنىش ۋە ئىزدىنىش

## پۇل — بىز ئورتاق دۇچ كەلگەن تېما

پۇل دېگەن نېمە؟ پەيلاسوپ ئېيتىدۇكى: «پۇل — قەرز ئىگىسىدۇر. ئۇ سىزگە بىر دەملىك خۇشاللىق بېرىپ، سىزنى ئۆمۈرۋايەت بەختسىز قىلىدۇ.» پۇقرا ئېيتىدۇكى: «پۇل — تاماق، كىيىم - كېچەك، ماشىنا، ئۆي دېمەكتۇر.»

خىزمەت ۋە تۇرمۇشىمىزدا ھەممەيلەن پۇل بىلەن ئۇچرىشىمىز، پۇلدىن ئايرىلالمايمىز. سىز پۇلنى قانچىلىك چۈشىنىسىز؟ سىزنىڭچە پۇلغا قانداق پوزىتسىيە بىلەن مۇئامىلە قىلىش كېرەك؟

### 1. پۇلنىڭ ئۆتمۈشى، ھازىرى ۋە كەلگۈسى

جۇڭگونىڭ ھازىرغىچە ساقلانغان قەدىمكى زامان پۇللىرى سانى ئەڭ كۆپ، مەزمۇنى ئەڭ مول ماددىي تارىخ ھېسابلىنىدۇ. پۇل ياساشنىڭ ئۆزگىرىشى ۋە پۇل شەكلىنىڭ ئۆزگىرىشى ھەرقايسى تارىخىي دەۋرلەردىكى سىياسىي، ئىقتىساد ئەھۋالىنى، پۇل قۇيۇش تېخنىكىسىنىڭ ئىلگىرىلىشى ۋە خەتتاتلىق سەنئىتىنىڭ تەرەققىيات ھالىتىنى بىۋاسىتە ئىپادىلەپ بېرىدۇ. ئەڭ بۇرۇنقى پۇلنىڭ قانداق شەكىلدە ئىكەنلىكىنى بىلەمسىز؟ ئىگىلىك تەرەققىي قىلغان ئۇزاق تارىختا پۇلدا قانداق ئۆزگىرىشلەر بولدى؟ كەلگۈسىدىكى جەمئىيەتتە

پۇلنىڭ ئۆزگىرىش يۈزلىنىشى قانداق بولىدۇ؟ گۇرۇپپىلارغا بۆلۈنۈپ مۇناسىۋەتلىك ماتېرىياللارنى تېپىپ، پۇلنىڭ پەيدا بولۇش ۋە تەرەققىي قىلىش ئەھۋالىنى، ئۇنىڭ بىلەن ئالاقىدار تارىخىي ۋەقەلەر ۋە تارىخىي شەخسلەرنى، پۇل توغرىسىدىكى باشقا بىلىملەرنى ئىگىلەپ، سىنىپتا سۆزلەپ بېرىڭ ھەمدە: «تۈنۈگۈنكى، بۈگۈنكى، ئەتىكى پۇل» تېمىسىدا بىر پارچە ماقالە يېزىڭ.

## 2. كىشىلەرنىڭ پۇل توغرىسىدا ئېيتقانلىرى

دەۋرنىڭ تەرەققىي قىلىشىغا ئەگىشىپ، كىشىلەرنىڭ قىممەت قارىشىدىمۇ ئۆزگىرىش بولۇۋاتىدۇ. بىر تەرەپتىن، جۇڭگونىڭ قەدىمكى مەدەنىيەت ئەنئەنىسىدىكى «باياشاتچىلىقتىمۇ ئەيش - ئىشرەتكە بېرىلمەسلىك»، «بەش كۈرە گۈرۈچ ئۈچۈن تەزىم قىلماسلىق» تەك پەزىلەتكە ئاپىرىن ئېيتىمىز؛ يەنە بىر تەرەپتىن، پۇلغا بولغان ئارزۇيىمىزنى، جاپاغا چىداپ ئىشلەپ بېيىغانلارغا بولغان ھەۋىسىمىزنى ئاشكارا سۆزلەيمىز. لېكىن، پۇلنىڭ رېئال تۇرمۇشتىكى رولى ۋە ئورنىنى، پۇلغا چوقۇنۇشنىڭ پەيدا قىلىدىغان ھەر خىل يامان ئاقىۋەتلىرىنى سوغۇق قانلىق بىلەن ئويلىنىپ باقتىڭىزمىكىن؟ تۆۋەندىكى تېمىلاردىن بىرنى تاللىۋېلىپ، ئۇنى كۆرگەن - ئاڭلىغانلىرىڭىز بىلەن بىرلەشتۈرۈپ، ساۋاقداشلار بىلەن مۇھاكىمە قىلىڭ ھەمدە مۇشۇ ئاساستا ئۆزىڭىزنىڭ قارىشىنى شەرھلەيدىغان بىر پارچە يېزىڭ.

1) شەھەرلەردە بارغانسېرى كۆپ ئائىلىلەردىكى بالىلار ئۆي ئىشى قىلسا، چوڭلار ئۇلارغا «ھەق» بېرىدۇ.

2) بارغانسېرى كۆپ ساۋاقداشلار كەلگۈسى شىركەتلەرنىڭ خوجايىنى، «بايۋەچچە» بولىدىغانلىقىنى، ھەتتا چوڭ بولغاندىن كېيىن «جىق پۇل تېپىش، ئېسىل ئۆيلەردە ئولتۇرۇش، كاتتا تۇرمۇش كەچۈرۈش» ئۈچۈن ئوقۇيدىغانلىقىنى ئاشكارا سۆزلەپ يۈرىدۇ.

3) بايلىق بىر ئادەمنىڭ مۇۋەپپەقىيەت قازانغانلىقىنى ئۆلچەيدۇ-

غان ئۆلچەم .

4) «ئالىيجانابلار بايلىققا ئامراق بولسا، ئۇنىڭغا يولى بىلەن ئېگە بولىدۇ» .

### 3 . مەنمۇ بىر قېتىم ئۆي باشقۇرۇپ باقاي

«قولۇڭدا بار چاغدا يوقلۇقنىڭ غېمىنى يېسەڭ، قولۇڭدا قالمىغاندا، قولۇڭدا بولغاننىڭ ھەسرىتىنى چەكمەيسەن» ، «ھالىڭغا بېقىپ ھال تارت» دېگەن سۆزلەر جۇڭگولۇقلارنىڭ ئەنئەنىۋى پۇل باشقۇرۇش شەكلى ھېسابلىنىدۇ . ئائىلىنىڭ ئەزاسى بولۇش سۈپىتىمىز بىلەن ئاتا - ئانىمىزنىڭ ئائىلىدىكى ئىستېمال چىقىمىنى مۇۋاپىق پىلانلاپ، پۇلنى ئىلمىي ئۇسۇلدا باشقۇرۇشقا ياردەم بېرىشىمىز كېرەك . ئاتا - ئانىمىز بىلەن مەسلىھەتلىشىپ، ئۆزىمىز ئۆيدە بىرەر ئاي باشقۇرغۇچى بولۇپ، شۇ ئايلىق ئائىلە چىقىمىنى مۇۋاپىق ئورۇنلاشتۇرۇشىمىز، ئائىلىنىڭ كىرىم - چىقىم ھېساباتىنى قىلىشىمىز ھەمدە ئۆز تەسىراتىمىزنى يېزىپ مېڭىشىمىز لازىم .

### 4 . ساۋاقداشلارنىڭ پۇلنى قانداق خەجلەيدىغانلىقىنى تەكشۈرۈش

ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرى كىرىمى يوق تەبىقىگە مەنسۇپ بولسىمۇ، لېكىن تەكشۈرۈشلەردىن مەلۇم بولۇشىچە، بەزى جايلاردا ئۇلار ئىستېمال ساھەسىدىكى كۈچلۈك كوللېكتىپ بولۇپ قالغان . ئەمىسە سىزنىڭ ساۋاقداشلىرىڭىزنىڭ ئىستېمال ئەھۋالى زادى قانداق؟ بۇنداق ئەھۋالنى پەيدا قىلغان سەۋەب نېمە؟ بۇنىڭ ئىچىدە چوڭقۇر ئويلىنىشقا ئەرزىيدىغان قايسى مەسىلىلەر يوشۇرۇنغان؟ بۇ مەسىلىلەر توغرىسىدا مەكتىپىڭلاردىكى ساۋاقداشلار ئارىسىدا بىر قېتىم تەكشۈرۈپ كۆرۈڭ . تەكشۈرۈشتىن ئىلگىرى تەكشۈرۈش دائىرىسىنى، مەقسىتىنى، مەزمۇنىنى ئايدىڭلاشتۇرۇپ، تەكشۈرۈش جەد-

ۋىلنى ئوبدان لايىھىلىۋېلىش . تەكشۈرگەندىن كېيىن ، مۇناسىۋەتلىك سانلىق مەلۇماتلارنى ئەستايىدىل ستاتىستىكىلاپ ، تېمىنى ئۆزگەرتمەي تۇرۇپ ، بىر پارچە تەكشۈرۈش دوكلاتى يېزىپ چىقىش .

## تەكشۈرۈش دوكلاتى يېزىشنى ئۆگىنىش

1 . تەكشۈرۈشنىڭ مەقسىتىگە ئاساسەن ، تەكشۈرۈشنىڭ مەزمۇنىنى ئېنىق يېزىش لازىم . ئەگەر بىرەر ۋەقەنىڭ باش ـ ئاخىرىنى تەكشۈرمەكچى بولسا ، بۇ ۋەقەنىڭ پەيدا بولۇشىنى ، تەرەققىي قىلىشىنى ، نەتىجىسىنى يېزىپ چىقىش لازىم ؛ ئەگەر بىرەر مەسىلىنى تەكشۈرمەكچى بولسا ، بۇ مەسىلىگە چېتىلىدىغان ھەرقايسى تەرەپلەرنى ، بولۇپمۇ ئاساسلىق تەرەپنى ئېنىق يېزىش لازىم . ئېنىق يېزىش ئۈچۈن ، ئادەتتە مىسال ۋە سانلىق مەلۇماتلارنى كۆرسىتىش لازىم . مىسال تىپىك بولۇشى ، سانلار توغرا بولۇشى لازىم .

2 . بايان قىلىنىدىغان ئەھۋاللار ئۈستىدە زور زور تەھلىللەرنى ئېلىپ بېرىش ، ئېنىق يەكۈن چىقىرىش لازىم . تەكشۈرۈش داۋامىدا ئەھۋالنى تەھلىل ـ تەتقىق قىلىشنى تەكشۈرۈش دوكلاتىدا ناھايىتى ئوبدان ئەكس ئەتتۈرۈش لازىم . ئاۋۋال بايان قىلىپ كېيىن مۇھاكىمە قىلىشقا بولىدۇ . ئاۋۋال ئەھۋالنى بايان قىلىپ ، ئاندىن تەھلىل قىلىشقا ، يەكۈن چىقىرىشقا بولىدۇ ؛ ئاۋۋال مۇھاكىمە قىلىپ كېيىن بايان قىلىشقىمۇ ، ئاۋۋال يەكۈننى ئوتتۇرىغا قويۇپ ، يەكۈننىڭ يېتەكچىلىكىدە ئەھۋالنى بايان قىلىشقىمۇ بولىدۇ ، شۇنداقلا بايانغا مۇھاكىمىنى قىستۇرۇپ ، بىر تەرەپتىن ئەھۋالنى بايان قىلىپ ، بىر تەرەپتىن تەھلىل قىلىپ ھۆكۈم چىقىرىشقىمۇ بولىدۇ . لېكىن ، قانداق شەكىل

قوللىنىلمىسۇن، بايان بىلەن مۇھاكىمىنى بىرلەشتۈرۈشنى، يەنى كۆزقاراش بىلەن ماتېرىيالنى بىرلىككە كەلتۈرۈشنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش لازىم.

3. تەكشۈرۈش دوكلاتى يېزىشنىڭ مۇقىم قېلىپى بولمايدۇ. بازغاندا ئادەتتە ئۈچ قىسىمغا بۆلۈنىدۇ.

ماۋزۇ: ئادەتتە باش ماۋزۇ ۋە قوشۇمچە ماۋزۇ بولىدۇ. باش ماۋزۇدا ئادەتتە تەكشۈرۈش مەزمۇنى كونكرېت كۆرسىتىلىدۇ ياكى ئاساسىي تېما ئوبرازلىق ئىپادىلىنىدۇ؛ قوشۇمچە ماۋزۇدا تەكشۈرۈلگەن ئورۇن، جاي ياكى يېزىلغان ئىشلار ئىپادىلىنىدۇ. بەزى تەكشۈرۈش دوكلاتلىرىدا باش ماۋزۇ بولۇپ، قوشۇمچە ماۋزۇ بولمايدۇ.

مۇقەددىمە، تېكىست، خاتىمە: تەكشۈرۈش ئوبيېكتىنىڭ ئاساسىي ئەھۋالى، تەكشۈرۈش مەقسىتى، جەريانى قاتارلىقلار قىسقىچە تونۇشتۇرۇلىدۇ. تەكشۈرۈش نەتىجىسىنى باش قىسمىغا يېزىشقىمۇ بولىدۇ.

ئاساسىي قىسمى (تېكىست): پاكىتلارنىڭ پۈتۈن جەريانى پاكىتلىق، تەھلىل بىلەن چۈشەندۈرۈلۈپ، ئاساسىي تەجرىبىلەر ۋە ئۇسۇللار ياكى ئاساسىي مەسىلىلەر ۋە ساۋاقلار تونۇشتۇرۇلىدۇ. توغرىسىغا يېزىش شەكلىنىڭ قۇرۇلمىنى قوللىنىپ، ۋەقەنىڭ پەيدا بولۇش، تەرەققىي قىلىش جەريانى بويىچە ماتېرىيال ئۇيۇشتۇرۇپ، ۋەقەنىڭ پۈتۈن جەريانى، سەۋەب، نەتىجە مۇناسىۋىتىنى كۆرسىتىپ بېرىشكە بولىدۇ؛ تىك شەكلىنىڭ قۇرۇلمىنى قوللىنىپ، ماتېرىيالنىڭ خاراكتېرى، ئالاھىدىلىكىگە ئاساسەن، بىرنەچچە قىسىمغا بۆلۈشكە، مۇئەييەن ئىچكى باغلىنىش بويىچە ماتېرىيال ئۇيۇشتۇرۇشقىمۇ بولىدۇ. بۇ ئىككىسىنى گىرەلەشتۈرۈشكىمۇ بولىدۇ. خاتىمىسى: كۆپ خىل ئۇسۇلدا يېزىلىپ ياكى پۈتۈن تېكىستتىن يەكۈن

چىقىرىلىپ، يەكۈن ئېنىق كۆرسىتىلىدۇ ياكى تىرىشىش نىشانى كۆرسىتىلىپ، ھەل قىلىش ئۇسۇلى ئوتتۇرىغا قويۇلىدۇ؛ ياكى ئالاقىدار تارماقلارنىڭ پايدىلىنىشى ئۈچۈن تەكلىپلەر ئوتتۇرىغا قويۇلىدۇ؛ ياكى تېكىستتە تىلغا ئېلىنمىغان، لېكىن ئەھمىيەت بېرىشكە ئەرزىيدىغان ئەھۋال ۋە مەسىلىلەر قوشۇمچە قىلىنىدۇ. بەزىدە خاتىمە يېزىلمىسىمۇ بولىدۇ.

ئىمزا ۋە ۋاقىت: تەكشۈرگەن ئورۇننىڭ نامى ياكى تەكشۈرگۈچىنىڭ ئىسىم فامىلىسى. بۇنى ماۋزۇنىڭ ئاستىغا يازسىمۇ، ماقالىنىڭ ئاخىرىغا يازسىمۇ بولىدۇ. ئىمزانىڭ ئاستىغا يىل، ئاي، كۈننى يېزىش كېرەك.

4. پاكىت بىلەن سۆزلەش تەكشۈرۈش دوكلاتى يېزىشنىڭ ئاساسىي تەلىپى ھېسابلىنىدۇ. تىل بىلەن ئىپادىلەشتە قۇرۇق سۆز قىلىشتىن ساقلىنىش، سۆزنى توغرا ئىشلىتىش، جۈملە قىسقا، مەنىسى ئېنىق بولۇشى لازىم. پاكىتنى بايان قىلغاندا قىسقا - يىغىنچاق بولۇش، مۇھاكىمە تولۇق - ئېنىق بولۇش لازىم. ئادەتتە، تەسۋىرلەشنىڭ ھاجىتى يوق. ئىمكانقەدەر قىسقىراق، ئىخچامراق يېزىش، بولسىمۇ، بولمىسىمۇ بولىدىغان ئاتالغۇ، جۈملە، ئابزاسلارنى قىسقارتىۋېتىش كېرەك. پاكىتلارنى قىسقا - ئىخچام، ئاددىي، جانلىق، ئاممىباب تىل بىلەن بايان قىلىش ۋە ئىشنىڭ ئەھمىيىتىنى ئېنىق كۆرسىتىپ بېرىش لازىم. بەزىدە مەسىلىلەرنى سان ۋە جەدۋەل ئارقىلىق چۈشەندۈرۈشكىمۇ بولىدۇ.

# خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى

(ئىختىيارىي ئوقۇش بۆلىكى)

خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى — يازما ئەدەبىياتنىڭ سۈت ئانىسى. ئۇ ئەل ئىچىدە يارىتىلىش، ئېغىزدىن - ئېغىزغا كۆچۈش، زامانلاردىن - زامانلارغا يېتىپ كېلىشتەك خۇسۇسىيەتكە ئىگە. ئۇ تىل جەھەتتە تاۋلانغان، قۇرۇلما جەھەتتە پۇختا، مەزمۇن جەھەتتە مول، شەكىل جەھەتتە رەڭدار بولىدۇ. ئەدىب - سەنئەتكارلارنىڭ ئۇنىڭدىن ئوزۇق ئالمىغىنى، ئۇنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىمىغىنى يوق. سىلەر بۇ بۆلەكتە خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىنىڭ بىر قىسىم دۇردانىلىرى بىلەن تونۇشۇسىلەر.



# 21 . ئوغۇز ئەپسانىسى[①]

بىزنىڭ نە پادىشاھىنىڭكىدەك پەرمانىمىز، نە لوقمانىنىڭكىدەك دەرمانىمىز يوق. سازدىن - سۆزدىن ئاڭلىغانلارغا، ئاق - قارىنى ئايرىغانلارغا داستانلارنىڭ بېشى بولغان بىر داستانىمىز ئوغۇز داستانى بار. بۇ داستان بىر يايلاق ··· بۇ داستان بىر بۇلاق ··· تارىخلار بۇ يايلاقتىن كېچەر، ئەپسانىلەر بۇ بۇلاقتىن سۇ ئىچەر. سىزمۇ ئىچىڭ بىر يۇتۇم بۇ ئابىھاياتتىن، مەرھەمەت ···

بۇرۇنقى زاماندا ئوغۇزخان دېگەن بىر ئۇلۇغ خاقان ئۆتكەنىكەن. تاغۇ تاشقا ھۆكمى، بۆرە - قۇشقا سۆزى ئۆتكەنىكەن.

ئۇ دۇنياغا كەلگەندە دۇنيا يېڭىۋاشتىن بىر ياشقا كىرىپتۇ. گۈزەللىككە گەپ كېتەمدىغان. ئۇنى ئاندىن تۇغۇلغان دېيىشكە تىل بارماس ئىمىش ··· ئانار دانىسى، نۇر دانىسى، تەگرىتېغىنىڭ بىر دانىسى. قاشلىرى بار ئىمىش قەلەم قارىسى، كۆزلىرى بار ئىمىش ئاھۇ يازمىسى[②]، ئېغىزلىرى ئويماق كەبى، داستان بولغۇدەك قالغان يېرى. پېشانىسىنىڭ ئوتتۇرىسىدا كۆپكۆك نۇرى، كۆكسىدە بار ئىمىش ئۈچ تال مويى: بىرى ئارسلان، بىرى يولۋاس، بىرى بۆرە تۈكى. ھېچكىمنىڭكىگە ئوخشىماس ئىمىش مىجەز - خۇيى. كۈلسە گۈللەر ئېچىلار ئىمىش، يىغلىسا ئۈنچىلەر چېچىلار ئىمىش. ئاجايىپ بىر ئىنسان ئىمىشكى، كىمنىڭمۇ كۆرگۈسى كەلمىسۇن ئۇنى ··· ئانىسىنىڭ سۈتىنى بىر شوراپلا ئىككىنچى ئەممىگەن ئىمىش.

① بۇ تېكىست مىللەتلەر نەشرىياتى 2001 - يىلى نەشر قىلغان «دەدە قورقۇت چۆچەكلىرى» دىن ئېلىندى.
② ئاھۇ يازمىسى — تەلمۈرۈپ تۇرغان كېيىك مەنىسىدە.

قورۇق نان يەپ ، قورۇق ئاش ئىچەر ئىمىش. گەپ قىلسا ئاغزىدىن بال ئېقىپ ، تىلىدىن قايماق تامار ئىمىش ... كۆزنى يۇمۇپ ـ ئاچقۇچە چوڭ بولۇپ ، قىرىقىغا توشماي ماڭغان ئىمىش. ئايغى يەتكەن يەرلەردە لالە ـ سۇمبۇللار ئۈنەر ئىمىش ، خۇش پۇراقلار چاچار ئىمىش.

نە ياشقا باقماپتۇ ، نە باشقا ، ئويۇنغا قېتىلماپتۇ ، نە تاماشىغا ... بىر كۈنى ئات چېپىشتۇرسا ، بىر كۈن ئوق ئېتىپتۇ. ئۇچۇپ كېتىۋاتقان قۇشنى ئېتىپ چۈشۈرۈۋالايدىغان ئادەم يىرتقۇچ ھايۋاننىڭ پېيىگە چۈشمەي قالسۇنمۇ!

گاھ ئېقىن بولۇپ ئېقىپ ، گاھ دەريا بولۇپ تېشىپ ، كۆڭلەرنىڭ بىرىدە قىرىق پالۋانغا باش بولۇپتۇ. ئەمدى ئۇ ئۆيگە ، يۇرتقا سىغسۇنمۇ! قىرىق پالۋاننى كەينىگە سېلىپ ، يايلاقنىڭ قارلىقى ، يات ئەلنىڭ قانلىقى دېمەپتۇ. تاغدىن ـ تاغقا ، يۇرتتىن ـ يۇرتقا سۇدەك ئېقىپ يۈرۈپتۇ.

ئۇ ياقلاردا بىر ئورمانلىق بار ئىكەن. ئىچىدە قىزىل تۇمشۇق كەكلىكلەر ، سۈرمە كۆزلۈك كېيىكلەر ئوينىشىپ يۈرىدىكەن. شارقىراپ ئاققان سۇلارنىڭ ، شىلدىرلىغان ياپراقلارنىڭ ، سايراشقان قۇشلارنىڭ سادالىرى قوشۇلۇپ كىشىنى مەپتۇن قىلىدىكەن. بۇ ئورماندا يەتتە باشلىق بىر دىۋە بولۇپ ، ئۇ يەرگە كىرگەن نەرسە ساق چىقمايدىكەن. بۇ دىۋە سۇنىڭ ئوتتۇرىسىدا زوڭ ئولتۇرۇۋېلىپ ، ئاغزى ئېچىلغان ھامان قوربانلىرى كەلتۈرۈلمىسە ، بىر يۇتۇم سۇغا «سۇق» دەپ ، قانچىلىغان غۇنچە بويلۇقلارنى چايناپ يۇتۇۋېتىدىكەن. ئادەم دېگەن يەردىن چىقمايدۇ ـ دە! بۇ ۋەجىدىن قانچىلىغان ئوچاقلارنىڭ كۈلى توزۇپ ، قانچىلىغان زېمىنلار قۇرۇپ چۆل بوپتۇ. يۇرت ـ يايلاق چىدىسۇنمۇ بۇنىڭغا!

زامانلاردىن بۇيان نى ـ نى پالۋانلار توپلىشىپ بېرىشىپتۇ ، لېكىن ئۇنىڭ تېرىسى تۆمۈردىن ، باغرى پولاتتىن قاتتىق ئىمىش.

ئوق ئېتىپتۇ، تەگمەپتۇ، قىلىچ چېپىپتۇ، كەسمەپتۇ، نەيزە سانجىپتۇ، تەشمەپتۇ، تاغۇتاشنى بېشىغا ياغدۇرۇپتۇ، بىر تال مويىمۇ تەۋرىمەپتۇ.

ئانىلار تاش يۈرەك بولغان بىر كۈنى ئوغۇز ئورمانغا قاراپ يول ئاپتۇ. ئۇنىڭ نىيىتىنى كۆزىدىن پەم قىلغانلار:

— ئەي ئوغۇل، پۈتۈن دۇنيانى كەزسە، باتۇرلۇقتا سېنىڭ ئالدىڭغا ئۆتىدىغىنى يوق، لېكىن بۇ دىۋە ئويىنىشىدىغان مەخلۇق ئەمەس. جېنىڭدىن تويدۇڭمۇ سەن! — دەپ يولدىن قايتۇرماقچى بولۇپتۇ، لېكىن ياش يىگىت:

— مەن بۇنىڭغا ئەھدە قىلدىم. ئۆلسەم يەر خۇش بولار، قالسام ئەل ... — دەپ مېڭىپتۇ، مېڭىپتۇ. جىلغىلاردىن سەلدەك، تۆپىلەردىن بوراندەك ئۆتۈپ بارماقچى بولغان يەرگە يېتىپ بېرىپتۇ. ئۇ بىر كۈنى بىر كېيىكنى تۇتۇپ سۆگەت تېلى بىلەن بىر دەرەخقە باغلاپ قويۇپتۇ ... تاڭ سەھەردە بېرىپ قارىسا، كېيىكنىڭ ئورنىدا بورانلار ئۇچۇۋېتىپتۇ. بۇ كۈنمۇ بىر جانىۋارنى قولغا چۈشۈرۈپ، كۈمۈش كەمىرى بىلەن دەرەخقە باغلاپ قويۇپتۇ ... ئەتىسى يەنە بېرىپ قارىسا، ئۇنىڭ ئورنىدىمۇ شاماللار چىقىۋېتىپتۇ! شۇنداق قىلىپ دىۋىنى بۇ يەرگە ئۆگىتىۋاپتۇ. ئۇ كېچە بېشىنى ئالىقىنىغا ئېلىپ دەرەخنىڭ تۈۋىدە ماراپ يېتىپتۇ. قاراڭغۇ چۈشۈشكە باشلاپتۇ. نە قورقىسۇن، نە قورۇنسۇن، يۈرىكى ئېغىپمۇ قويماپتۇ. ئورماندا بىر دەھشەتلىك سادا كۆتۈرۈلۈپ، تاللار باشلىرىنى ئېگىپ، ياپراقلىرى يەرنى قاپلاپتۇ. ئامان ـ زامان دېمەپتۇ، شۇ ئەسنادا قارا دىۋە قارا بوراندەك ئېتىلىپ كېلىپ، ئوغۇزنىڭ قالقىنىغا تېگىپتۇ. قالقان تىلىنىپ، ساۋۇتلار پارچىلىنىپتۇ. لېكىن، ئوغۇزنىڭ بىر تال مويىمۇ تەۋرىمەپتۇ. ئۇ ياراتقان ئىگىسىگە سېغىنىپ شاپ پىچىقىنى قولىغا ئېلىپ، دىۋىنىڭ بېشىغا بىر ئېتىپتىكەن، دىۋە جەھەننەمگە راۋان بولۇپتۇ. ئوغۇز قاراپ تۇرسۇنمۇ، كاللىسىنى تېنىدىن جۇدا قىلىپتۇ ...

بۇ خەۋەر تارقالغاندا يايلاقنىڭ ، يۇرتنىڭ كامالى كۆلۈپتۇ . شۇنداق بىر ھېيت - مەرىكە قىلىشىپتۇكى ، پەلەكمۇ خۇش بولۇپتۇ . شۇ كۈندىن كېيىن ئىنسانلار پالۋانلار بېشى ئوغۇزنى خانلاردىن ئۈستۈن خان بىلىپ باشلىرىغا تاج قىلىپتۇ ...

كۈنلەردىن بىر كۈنى ئوغۇز بىر تاغنىڭ چوققىسىدا ئىبادەت قىلىپ ئولتۇرغىنىدا بىردىن ئەتراپنى قاراڭغۇلۇق بېسىپ ، كۆز كۆزنى كۆرگىلى بولماي قاپتۇ . بۇ قاراڭغۇلۇق ئىچىدە كۆپكۆك بىر نۇر پەيدا بولۇپتۇ ... ئۇ ئۇدۇل قارىسا نە ئاي ئەمەس ، نە يۇلتۇز ئەمەس ، ئاي بىلەن تەڭلەشتۇرسە كۈن بولۇپ تۇغقان بىر قىز ئىمىش . كۈلسە نۇرمۇ كۈلەر ئىمىش ، يىغلىسا نۇرمۇ يىغلار ئىمىش ... ئوغۇز بىر قاراپ ئەس - ھوشىنى يوقىتىپتۇ ، يەنە بىر قاراپ ئېسىگە كەپتۇ ...

كېيىن ، ئۇلار قىرىق كېچە - كۈندۈز توي قىلىپ مۇرادىغا يېتىپتۇ ... ئايلار ، يىللار ئۆتۈپتۇ . ئوغۇزنىڭ بۇ نۇرجامالدىن ئۈچ ئوغلى بولۇپتۇ . بىرى قۇياش ، بىرى ئاي ، بىرى يۇلتۇز ئىكەن ...

كۈنلەرنىڭ بىرىدە ئوغۇز شىكارغا چىقىپتۇ ... مېڭىپتۇ - مېڭىپتۇ ، چىمەنلىكلەرنى كېزىپتۇ ، لالە - سۇمبۇل تېرىپتۇ ، ساي - جىلغىلار ئېشىپتۇ ، ئالدىدا كۆپكۆك بىر كۆل پەيدا بولۇپتۇ . كۆلنىڭ ئوتتۇرىسىدا بىر تۈپ دەرەخ ، دەرەخنىڭ ئۈستىدە بىر قىزنى كۆرۈپتۇ . گۈزەل دېسە دېگۈچىلىكى بار ئىمىش . بېقىشلىرى ئاھۇ كېيىكتەك ، يېقىشلىرى قىپقىزىل چوغدەك ئىمىش . كۈلسە كۆلمۇ كۈلەر ئىمىش ، يىغلىسا كۆلمۇ يىغلار ئىمىش ... ئادەمنى كۆرسە چىراي ئاچماس ، قېمىزدەك ئېرىپ ئاقماس ئىمىش . خوجا ئوغۇزنىڭ يۈرىكىگە شۇنداق بىر ئوت چۈشۈپتۇكى ، كۆيۈپ كۈل بولۇشقا ئاز قاپتۇ . «قانداق قىلاي ، ئۇ پېشانەمگە يېزىلغان بولسا ، بۇمۇ يۈرىكىمنىڭ بىر ئاغرىقى !» دەپ ئۇنىڭ بىلەن ۋىسال ئارزۇسىغا يېتىپتۇ . ئايلار ، يىللار ئۆتۈپتۇ ، بۇ ئاھۇ كۆزلۈكتىنمۇ ئۈچ پەرزەنت كۆرۈپتۇ . بىرى ئەرش ، بىرى تاغ ، بىرى دېڭىز بولۇپتۇ .

تەڭرى ئوغۇزنى ھەممە مۇرادىغا يەتكۈزۈپتۇ. لېكىن، ئۇنىڭ ھاسىل بولمىغان بىر مۇرادى قاپتۇ... كۈنلەرنىڭ بىرىدە ئۇ ئەلگە چوڭ داستىخان سېلىپ توي بېرىپتۇ. يەتتە ياشتىن يەتمىش ياشقىچە ھەممە بەگلەرنى تەكلىپ قىلىپ، چوڭلارنى ھۆرمەتلەپ، كىچىكلەرنى ئىززەتلىگەندىن كېيىن:

— ئەي باتۇرلىرىم، پالۋانلىرىم، — دەپتۇ، — تەڭرى خالاپتىكەن، سىلەرگە خان بولدۇم، خاقان بولدۇم، تەختكە چىققان كۈنۈمدىن بېرى زىممەمگە چۈشكەننى قىلدىم. ئۆيۈڭلارنى ئۆيۈم، ئوچىقىڭلارنى ئوچىقىم بىلىپ، يىغلىغانلار بىلەن يىغلىدىم، كۈلگەنلەر بىلەن كۈلدۈم. بۇ تۇپرىقىمىزنى شۇنداق بىر تىرىكچىلىك مەئىشىتىگە ئېرىشتۈردۈمكى، ئەمدى نە دۈشىلەر كېلەلمەس، نە جىن - شەيتانلار تېگەلمەس بولدى... لېكىن، يايلىقىمىز بىر غېرىچ، يۇرتىمىز بىر غۇلاچ. بۇ يەرلەرگە سىغماس بولدۇق... بىلىكىمگە بىلەك، يۈرىكىمگە يۈرەك بولساڭلار شۇ دۇنيانى ئالىقىنىمغا ئېلىپ، يەتمىش ئىككى قوۋمنى بىر تۇغ ئاستىغا توپلاشنى ئويلايمەن. تىلىڭلارنىڭ تېگىدىكىنى ئېيتىڭلار ئەمدى!

بۇنداق خانغا كىم قۇربان بولماس... ئوغۇز بەگلىرى بىر ئېغىزدىن:

— ئەي خانلار خانى، — دەپتۇ، — كۆڭلىڭىزگە شۇ ئوي كەلگەن بولسا ھەممىمىز ئاغزىڭىزغا قارايمىز. نامىڭىز نامىمىز، مۇرادىڭىز مۇرادىمىز. ئۆل دېگەن يېرىڭىزدە ئۆلىمىز، قال دېگەن يېرىڭىزدە قالىمىز...

بۇ ئەھدۇپەيمان بىلەن ئوغۇز تۆت ئەتراپقا قۇشنىڭ قانىتى بىلەن خەۋەرلەر يەتكۈزۈپ، ھەممە خانلارنى تۇغى ئاستىغا چاقىرىپتۇ:

— بۇيرۇقۇمغا باش ئەگكەنلەرنى بېشىمغا ئالىمەن. بېرىپ يەنە ئۆز دۆلىتىنى سورىسۇن. لېكىن، باش ئەگمىگەنلەرنىڭ جېنىغا ۋاي، ئەجىلىگە ھازىر بولسۇن!...

ئۇ چاغلاردا ئوغۇزلارنىڭ ئوڭ قانىتىدا «ئالتۇن خان» ، سول قانىتىدا «كۈمۈش خان» دېگەن خانلار بار ئىكەن . ئالتۇن خان پەرمان-نى ئالغاندا ، سۆيۈنۈپ بېشىغا قويۇپتۇ :

— تاج ـ تەختىمگە تەگمىگەندىن كېيىن ، بار ـ يوقۇم ئۇنىڭ بولسۇن ! — دەپ ئوغۇزنىڭ تۇغى ئاستىغا كىرىپتۇ . لېكىن ، كۈمۈش خان :

— مەن ھېچكىمنىڭ تۇغى ، بويۇنتۇرۇقى ئاستىغا كىرمەيمەن ، كەلگۈچى بولسا كۆرىدىغىنى بار ! — دەپ مەيدانغا چىقىپتۇ . بۇنى ئاڭلىغان ئوغۇز دەرغەزەپكە كەپتۇ :

— ئەمرىمگە قارشى چىققان سەنمۇ ؟ ! — دەپ ئۇنىڭغا قارشى ئاتلىنىپتۇ . لەشكەر ئۇستىگە لەشكەر يېغىپ ، نەيزىلەر ئورمان بولۇپ-تۇ . قارا تاغدىن كەلگەن قارا سەلدەك ئېقىپ قوش ئۇچماس ، كارۋان كەزمەس بىر يەرگە كەپتۇ . ئوغۇزخان كېلىپ ئولتۇرا ـ ئولتۇرمايلا چېدىرنىڭ ئىچىگە بىر يورۇقلۇقنىڭ شولىسى چۈشۈپتۇ . بۇ شولا ئىچىدىن كۆك يالىلىق بىر بۆرە چىقىپ :

— نېمە تىلىكىڭ بولسا مەندىن تىلە ، — دەپ ئالدىغا چۈشۈپتۇ . ئۇلار مېڭىپتۇ ··· «ئىدىل» دېگەن دەريانىڭ بويىغا يېتىپتۇ . ھالبۇ-كى ، كۈمۈش خانمۇ تاغۇتاشنى توپلاپ ئۇ دەريانىڭ بېشىغا كەپتىكەن . شۇنداق بىر يېغا بولۇپتۇكى ، يازسا ـ يازسا تۈگىمەس بىر داستان بولۇپتۇ ··· دەريا قان بولۇپ ئېقىپ ، ئاتلارنىمۇ سۇغارغىلى بولماپتۇ . قېنى ئۇ يوغان گەپ قىلغان كۈمۈش خان ! تاتلىق جېنىنى ئېلىپ قېچىپتۇ . تاج ـ تەختى ئوغۇزلارنىڭ قولىغا چۈشۈپتۇ .

بۇ قانلىق يېغىدىن كېيىنمۇ توپىلاڭ بېسىقماپتۇ ···

«شائىر سۆزى ئۇز بولۇر ، كۆپ ئۇزارتساق سۆز بولۇر» . ئو-غۇزخان يەنە بىرنەچچە ئۈتكىلى بولماس سۇلاردىن ئۆتۈپ ، ئاشقىلى بولماس تاغلارنى ئېشىپ ، يېتىلمەس ياۋلارنى يېڭىپ ، ئېچىلماس قەلئەلەرنى ئېچىپ ، يەتتە ئىقلىم ، تۆت ئەتراپنى بىر تۇغ ئاستىغا

توپلاپتۇ . ئۆز تۇغى ئاستىغا ئالغان يەرلەرنى بىلىكى ھەم يۈرىكىگە ئىشەنگەن خان ـ خانىملارغا تاپشۇرۇپ ، ئۇلارنىڭ بىرىگە :
— ئال ، ساقلا ، ساڭا ئاتا قىلدىم بۇ يېشىل يۇرتنى ! — دەپتۇ . شۇ كۈندىن باشلاپ ئۇ ئۇرۇغنىڭ نامى «ساقلىغۇچ» بوپتۇ...
يەنە بىرىگە :
— تۇر ، بۇ يەردە ، يوغىنىغىنىڭچە يوغىنا بۇ يۇرتتا ! — دەپتۇ . شۇ كۈندىن باشلاپ ئۇ جەمەتنىڭ نامى «تۇرغۇچ» بولۇپتۇ . يەنە نېمىلەر بولغانلىقىنى كىم بىلسۇن ، خانلار خانى قىلىچىنىڭ قۇۋۋىتى بىلەن قولغا چۈشكەن ، تاپىنى يەتكەن يەرلەردە يىگىرمە نەچچە بەگلىك قۇرۇپ ، ئۆز يۇرت ـ يايلىقىغا قايتىپتۇ . دەرۋەقە ، ئۇنىڭ چاچلىرى شۇ يوللاردا ئاقىرىپتۇ ...
شۇ زامانلاردا «قۇتلۇق» ئىسىملىك ياشانغان ئاقساقاللىق بىر خوجا ئۆتكەنىكەن . ئۇ ئەقىل ـ پاراسەتلىك كىشى بولۇپ ، دۇنيادا بىلمەيدىغىنى يوق ، ھەر نەرسىگە ئاقىل ئەر ئىكەن . ئوغۇزخان ئۇنى بېشىدا كۆتۈرۈپ ، ھەربىر ئېغىز سۆزىنى بىر كارامەت ھېسابلايدىكەن .
بىر كۈنى بۇ ئاقساقاللىق خوجا چۈشىدە بىر ئالتۇن يا بىلەن بىر كۈمۈش ئوق كۆرۈپتۇ . ئالتۇن يانىڭ كىرىچى كۈندۈز تەرەپكە سوزۇلسا ، كۈمۈش ئوق كېچە تەرەپكە ئۇچۇپتۇ . ئۇ تاڭ سەھەردە ئوغۇزخاننىڭ ئالدىغا بېرىپ چۈشىگە خەيرلىك تەبىر بەرگەندىن كېيىن ئوغۇزغا بېشارەت قىلىپتۇ . خانلار خاقانىمۇ ئۇنىڭ تەلىمى بويىچە ئوغۇللىرىم ، ھەر ئىشنىڭ ۋاقتى غەنىيمەت . چوڭ ئوغۇللىرىم ئەتىلا كۈنچىقىشقا قاراپ مېڭىڭلار ، كىچىك ئوغۇللىرىم كۈنپېتىشقا قاراپ مېڭىڭلار . قىسمىتىڭلاردا نېمە بولسا شۇ چىقار تەلىيىڭلارغا ! — دەپ ئۇلارغا بەخت تىلەپتۇ ...
قۇياش ، ئاي ، يۇلتۇزلار كۈنچىقىش تەرەپكە ، ئەرش ، تاغ ، دېڭىزلار بولسا كۈنپېتىش تەرەپكە قاراپ مېڭىپتۇ ، مېڭىپتۇ ، ئوي ـ

دالا ، ساي ـ سالا دېمەپتۇ ، ئالتە ئاي بىر كۈن مېڭىپتۇ ، كۈنچىقىشقا ماڭغان چوڭ قېرىنداشلار بىر ئالتۇن يا تېپىپتۇ ، كۈنپېتىشقا ماڭغان كىچىك قېرىنداشلارمۇ بىر كۈمۈش ئوق تېپىپتۇ !

«مانا بۇ دۇنيادىكى نېسىۋىمىز !» دېيىشىپ ، ئەكىلىپ ئاتىسىنىڭ ئالدىغا قويۇپتۇ . ئوغۇز خۇرسەن بولۇپتۇ ۋە ئالتۇن يانى ئۈچكە بۆلۈپ :

— چوڭ ئوغۇللىرىم ، — دەپتۇ ، — يا سىلەرنىڭ بولسۇن . يادۇر ئوقنى ئاتقان ، سىلەرمۇ يادەك بولۇڭلار . بۇنىڭدىن كېيىن «كۆك ئوق»[1] بولسۇن نامىڭلار ، — دەپتۇ . كۈمۈش ئوقنىمۇ ئۈچكە بۆلۈپ كىچىك ئوغۇللىرىغا بېرىپ :

— ئەي كىچىك ئوغۇللىرىم ، — دەپتۇ ، — ئوق سىلەرنىڭ بولسۇن ، ئوقدۇر كۆكلەرگە ئېتىلغان . سىلەرمۇ ئوقتەك بولۇڭلار . بۇنىڭدىن كېيىن «ئۈچ ئوق»[2] بولسۇن نامىڭلار ، — دەپتۇ .

بۇ ۋەقە مۇناسىۋىتى بىلەن ئوغۇزخان بىر مۇراسىم ئۆتكۈزۈپ خاندىن چوپانغىچە ھەممەيلەننى يىغىپتۇ ۋە ئوڭ يېنىغا قىرىق غۇلاچ ئېگىزلىكتە بىر خادا تىكتۈرۈپ ، ئۇنىڭ ئۇچىغا بىر ئالتۇن توخۇ قوندۇرۇپ ، تۈۋىگە بىر ئاق قوي باغلاپتۇ ... سول يېنىغىمۇ شۇنداق بىر خادا تىكتۈرۈپ ، ئۇنىڭ ئۇچىغا بىر كۈمۈش توخۇ قوندۇرۇپ ، تۈۋىگە بىر قارا قوي باغلاپتۇ . ئوڭ يېنىدا كۆك ئوقلارنى ، سول يېنىدا ئۈچ ئوقلارنى ئولتۇرغۇزۇپ قىرىق كېچە ـ كۈندۈز توي ـ مەرىكە قىلغاندىن كېيىن خانلار خانى سۆز ئېچىپ :

— ئەي ئوغۇللىرىم ، قاناتلىرىم ، قوللىرىم ! مەن كۆپ ياشىدىم ، كۆپنى كۆردۈم . دۈشمەنلىرىمنى يىغلىتىپ دوستلىرىمنى كۈلدۈردۈم . ئەمدى ئۆمرۈم ئاخىرلاشتى ، ساناقلىق كۈنلىرىم قالدى ... پانىي دۇنيا كىمگە قالسۇن ، يۇرت ـ يايلىقىمنى سىلەرگە ئامانەت

---

① «كۆك ئوق» — ئىچ ئوغۇزلارغا سىمۋول .
② «ئۈچ ئوق» — سىرت ئوغۇزلارغا سىمۋول .

قىلىمەن . سۇلار قۇرۇسا قۇرۇسۇنكى ، نەسلىمىز قۇرۇمىسۇن ، بۇ دۇنيادا نامىمىز ئۆچمىسۇن ... — دەپتۇ .

سۆزى ئاياغلىشىش بىلەن تەڭلا ئوغۇز ئارىدىن غايىب بولۇپتۇ . بۇ ئۇلۇغلار ئۇلۇغى سىر بولدىمۇ ، نۇر بولدىمۇ ، ئۇ يېرى نامەلۇم ، ئەمما ئوغۇزخاننىڭ ۋەسىيىتى ئەمەلگە ئېشىپتۇ . دۇنيادا نى- نى دەريا - دېڭىزلار قۇرۇپتۇ ، ئۇنىڭ نەسلى قۇرۇماپتۇ ، زامانلار كېلىپتۇ ، كېتىپتۇ ، پېلەك تارتىپ خەمەكلەپتۇ . كۆك ئوقلار كۆپىيىپ ، ئۈچ ئوقلار ئۆلغىيىپ دېگەندەك ، بۇ يايلاقتىن ئۇ يايلاققا كۆچۈپتۇ .

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

# 22 . ماناسنىڭ تۇغۇلۇشى[①]

ئۇ ئۈچ ئايغىچە بويىدا قالغانلىقىنى تۇيمىدى . ئۈچ ئايدىن كېيىن ئورۇقلاپ ، يۈزلىرىنى سەپكۈن بېسىپ ، ئاغزىدىن سېرىق سۇ كېلىپ ، قاتتىق سېزىك بولدى . بۇنى كۆرگەن ياقۇپباي ناھايىتى خۇشال بولۇپ :

— چۈمۈلىدەك مېلىم كۆپ ، قوزا ـ تايلاق ، تايىم كۆپ . ئەگەر سەن ئوغۇل تۇغۇپ بېرىدىغان بولساڭ ، ھېچنېمەمنى ئايىمايمەن . مېلىمنىڭ ھەممىسىنى سويۇپ بەر دېسەڭمۇ سويۇپ بېرەي . قېنى يوشۇرماي ئېيتقىن ، زادى نېمىگە سېزىك بولدۇڭ ؟ — دەپ سورىدى .

— ھەممە مېلىڭنى ، ئۇنىڭغا قوشۇپ مۇشۇ بۆرولتوقايدىكى ياۋايى ھايۋانلارنىڭ ھەممىسىنى تۇتۇپ كېلىپ سويۇپ بەرسەڭمۇ سېزىكىمگە ئەرزىمەيدۇ . گۆشتىن بىر چىشلەم يېگۈم كەلمەيدۇ . سەن ھە دېسىلا مالىڭنى ، پۇلىڭنى گېپىنى قىلىسەن . جان بولسا بالا ، جان بولمىسا ساڭا نېمە قالار . مەن كۆڭلۈمدىكى گەپنى ئېيتسام : بىرنەچچە ئاي بولدى ، ئۇيقۇ كۆرمىدىم . كېچەيۇ كۈندۈز بولسۇن مىجەزىم بىرنەچچە نۆۋەت ئۆزگىرىدۇ ، قۇلىقىمغا يېقىملىق ئاۋازلار ئاڭلىنىدۇ ، قانداقتۇر بىر يۇمشاق قول كېلىپ چاچلىرىمنى سىلاپ كېتىدەك بولىدۇ . گاھىدا ئەمچەكلىرىم بالا ئېمىتىۋاتقاندەك مىدىرلاپ ، بىرى ئەمچىكىمنى تارتىۋاتقاندەك سېزىلىدۇ ؛ گاھىدا قورسىقىمغا پۇت-

① «ماناسنىڭ تۇغۇلۇشى» ناملىق بۇ تېكىست قىرغىزلارنىڭ دۇنياغا مەشھۇر ئېپوسى «ماناس» تىن پارچە . «ماناس» ئېپوسى موڭغۇللارنىڭ «جاڭغىر» ، زاڭزۇلارنىڭ «گاسار» ناملىق دۇنياۋى ئېپوسلىرى بىلەن بىر قاتاردا تۇرىدۇ . بۇ ئېپوسنى زامانىمىزدىكى مەشھۇر ماناسچى يۈسۈپ ماماي يادقا ساقلاپ قالغان . دەرسلىككە بۇ ئېپوسنىڭ 1993 ـ يىلى مىللەتلەر نەشرىياتى تەرىپىدىن نەشر قىلىنغان ئۇيغۇرچە نەسرىي نۇسخىسىدىن قىسقارتىپ ئېلىندى .

كەن بۇ بالا خۇددى ئېغىر قوغۇشۇندەك سالماقلاپ، دۈشمىنىمنى ئاغرىتىپ جىنىمغا ئارام بەرمەيدۇ. يېقىندىن بۇيان ئۆچ نەرسىنى خالايدىغان بولۇپ قالدىم:

سۇمۇرغنىڭ كۆز يېشى تېپىلسا يېسەم دەيمەن، كۆز نۇرۇم كۈچلىنەرمىكىن؟

يولۋاسنىڭ يۈرىكىنى يېگۈم كېلىدۇ، سېزىكىم قانارمىكىن؟

شىرنىڭ تىلىنى يېسەم دەيمەن، كۆڭلۈم تىنچلىنارمىكىن؟

چىپىردى بۇ گەپلەرنى ئېيتىپ بولۇپلا ھۆ قىلغىلى تۇردى، ئاغزىدىن سېرىق سۇ قۇيۇلدى، رەڭگى بىردەمدىلا بىرنەچچە خىلغا ئۆزگەردى.

ياقۇپباي خوتۇنىنىڭ بايامقى ئېيتقان سۆزلىرىگە ۋە ھازىرقى بولۇۋاتقان ھالىتىگە قاراپ بېشى قاتتى، كاللىسىغا ھەر خىل خىياللار كېلىپ، نېمە قىلىشىنى بىلەلمەي تەمتىرەپ قالدى.

ئۇيان ئويلىدى، بۇيان ئويلىدى، چىپىردىنىڭ ئېيتقان سۆزى قۇلاق تۈۋىدە جاراڭلاپ تۇردى.

ئاخىر ئۇنىڭ خىيالىغا: «بۇۋۇرولتوقاي دېگەن بۇ كۆز يەتمەس توقايلىقتا يولۋاسلار بار، شىرلار بار، ياۋايى ھايۋانلارنىڭ ھەممىسى بار. بەلكىم ئېگىز دەرەخلەرنىڭ ئۇچىدا ئۇۋىلىغان سۇمۇرغمۇ بولۇپ قېلىشى ئېھتىمال، شۇڭا پۇلۇمنى ئايىماي، مىلتىقىمغا قارىماي ئۇستا مەرگەنلەرنى توپلاپ، بىرنەچچە كۈن ئوۋچىلىق قىلسام قانداق بولاركىن» دېگەن ئوي كەلدى. ئۇ بۇ ئويىنى ئاۋۇلنىڭ ئاقساقىلى ئادىلبەگكە ئېيتىپ، ئۇنىڭدىن مەسلىھەت سورىدى. ئادىلبەگ ياقۇپباينىڭ سۆزىنى ۋە چىپىردىنىڭ ئەھۋالىنى ئاڭلاپ:

— بۇ ئاسان پۈتىدىغان ئىش ئەمەس ئىكەن. ئۆزۈڭ كېپىڭدە تۇرۇپ، بېلىڭنى مەھكەم باغلاپ، ئوۋچى، مەرگەنلەردىن پۇل - مېلىڭنى ئايىمايدىغانلا بولساڭ، يولۋاس، شىرلارنىڭ يۈرەك، تىللىرىغۇ تېپىلىدۇ، ئەمما سۇمۇرغ دېگەن قۇشنىڭ نەدە بولىدىغانلىقىدىن

پەقەت خەۋىرىم يوق ئىكەن . ئۇنىڭ ئامالىنى ئۇ كاكاڭ ئاقپالتادىن سو-راپ باققىن . چۈنكى ، سەن ئوبدان بىلىسەنكى ، ئۇ كاكاڭ ئاقپالتا ئۇن-داق- مۇنداق ئادەملەردىن ئەمەس . كۆزى ئوچۇق ، بىرنەرسىنىڭ پەمىنى بىلەلەيدىغان ئادەم . بۇ ئىشنى تېز بىر تەرەپ قىلمىساق بولمايدۇ . سەن كەمپىرىڭگە ئوبدان قاراپ تۇرغىن ، ئۇنى ئۆزۈم چاقىرىپ كېلىپ مەسلىھەتلىشەيلى ، — دېدى - دە ، ئادىلبەگ ئاقسا-قال ئۆيىگىمۇ كىرمەستىن ، مومىدىكى باغلاقلىق ئېتىنى مىنىپ چى-پىپ كەتتى .

ئۇ ناھايىتى ئالدىراش يول مېڭىپ ، يول بويى ياغقان يامغۇرغى-مۇ ، چىققان بورانغىمۇ پىسەنت قىلمىدى . كىگىز قالپىقىنى بېشىغا چۆكۈرۈپ كىيىپ ، ئاتنى ئۇستى - ئۇستىگە قامچىلاپ يول يۈرۈشنى زادى توختاتمىدى . ئاتتىن چىققان تەر تامچىلاپ ئەمەس ، شارقىراپ ئاقاتتى ...

شۇنداق قىلىپ ئۇ ئۈچ كۈندە پالتا باتۇرنىڭ ئاۋۇلىغا يېتىپ باردى - دە ، ئۇنىڭ ئۆيىگە كىرىپ :

— سۆيۈنچە باتۇر ، سۆيۈنچە ! قېرىندىشىڭدا بالا بولىدىغان بول-دى . بەلگىلىرىگە قارىغاندا ئوغۇل بولۇشى ئېھتىمال ! — دەپ سالام-لىشىپ ، بولغان ۋەقەنى قالدۇرماي ئېيتىپ بەردى .

بۇنى ئاڭلىغان ئاقپالتانىڭ خۇشاللىقىدىن پېشانىسى يېرىلىپ كەتكۈدەك بولدى ، يۈرەكلىرى ئويناقشىپ كەتتى :

— سادىغاڭ كېتەي ئادىلبەگ ، ئاغزىڭغا ماي ! بالىنىڭ بەلگىسى ئوغۇل بولىدىغان بولسا ، سۆيۈنچەڭگە ھەممە مېلىمنى بەرسەممۇ ئاز-لىق قىلىدۇ . ھازىرچە ئاۋۇ ئېگەر توقۇقلۇق تۇرغان جەرەن قاشقا ئاتنى ئېلىپ تۇرغىن ، — دېدى - دە ، ئۇنىڭ بىلەن بىللە ياقوپنىڭ ئاۋۇلىغا بېرىشقا جابدۇندى .

ئۇ مېڭىش ئالدىدا كۆڭلىگە قانداقتۇر بىر بەلگە بېرىلگەندەك بولدى - دە ، خاسىيەتلىك كىتابىغا يەنە بىر قېتىم قاراپ باقتى .

كۆردىكى ، چىپىر دىنىڭ قورسىقىدىكى بالا ماناسنىڭ ئۆزى ئىدى !

ئۇ ئۆزىنى تۇتالماي ۋارقىراپ تاشلىدى ـ دە ، يۆككە يۆلەنگىنىچە كۆزىنى يۇمۇپ خېلىغىچە تۇرۇپ قالدى .

بىر چاغدا كۆزلىرىنى ئېچىپ يەنە كىتابقا قارىغانىدى : «بۇ ھېكمەتلىك بالا ئۆز ئاكىسى ياقۇپنىڭ ئۆيىدە دۇنياغا كېلىدۇ !» دېگەنگە كۆزى چۈشتى . بۇنى كۆرگەندە ، ئاقپالتانىڭ پۈتۈن بەدىنىدىن خۇشاللىق ۋۇلقانلىرى تەڭ ئېتىلىپ چىققاندەك ، نېمە بولغانلىقىنىمۇ بىلەلمەي چاي قاينىمىچە قاقاقلاپ كۈلۈپ كەتتى ، خۇشاللىق ياشلىرى قويندىن كىرىپ ، قونچىدىن چىقاتتى ...

ئادىلبەگ قاتارلىقلار ئۆيگە كىرىپ ئۇنىڭدىن نېمە ئىش بولغانلىقىنى سورىۋىدى ، ئۇ تۇزۇك جاۋاب بەرمەي ، باشقا بىر نېمىلەرنى دېدى . خوتۇنىغا پىچىرلاپ يۈرۈپ يۆك ئاستىدىن بىر يوغان ئاق خۇرجۇننى ئالدۇرۇپ چىقىپ ، قۇلۇپىنى ئۆزى ئېچىپ ، ئۇنىڭدىن بىر يىپەك تۈگۈنچەكنى ئالدى ـ دە ، قويىنىغا سېلىپ ئاتلىنىپ ئادىلبەگ بىلەن بىللە مېڭىپ كەتتى .

ئۇلار ئالدىرايتتى ، قايتىشىدا بۇرۇنقىدىنمۇ تېز مېڭىشتى . ئاقپالتانىڭ خۇشاللىقى قىن ـ قىنىغا پاتمايتتى . ئادىلبەگ ئۇنىڭ نېمىگە شۇنچە خۇشال بولغانلىقىنى ئېنىق بىلەلمىسىمۇ ، لېكىن ئۇنىڭ خۇشاللىقىغا شېرىك بولۇپ يولدا كۈلۈپ ـ ئويناپ گەپ قىلىپ ماڭدى...

ئۇلار ئىككى كۈندە ياقۇپبايىنىڭ ئاۋۇلىغا يېتىپ كېلىشتى . ئاقپالتا چىپىر دىنىڭ ئەھۋالىنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆردى ـ دە ، تۇغۇلىدىغان بالىنىڭ ھەقىقەتەن ماناسنىڭ بەلگىسى بىلەن بىر ئىكەنلىكىگە تېخىمۇ ئىشەندى .

ئۇ ياقۇپباي ، قىپچاقباي ۋە ئادىلبەگلەرنى چىپىر دى بار ئۆيگە قىچقارتىپ مەسلىھەت قۇردى :

— بۇ گەپ تالاغا يېيىلمىسۇن . چۈنكى ، قالماق كېچىللىرى ھەر

ۋاقىت تىمىسقىلاپ يۈرۈشىدۇ . بەخت قولغا ئۈنچە ئاسان كەلمەيدۇ . ئۇ «كەھ» دېسىلا قولغا قونۇۋېرىدىغان قۇش ئەمەس . بەخت ئەمگەك ۋە ئەقىل بىلەن كېلىدۇ . شۇڭا ، بىز بۇ نۆۋەتتىكى ھەرىكەتنى باشقىلارغا ، ھەتتا ئاۋۇلداش قىرغىزلارغىمۇ تۇيدۇرماي قىلايلى . ئۇلار بۇنى بىر ئوۋچىلىق تاماشاسى ئىكەن دەپلا تونۇپ قالسۇن . ئاۋۇلدىكى كېچىلەرگە چاندۇرماسلىق ئۈچۈن ، ئۇلارنىمۇ ئوۋغا بىللە ئېلىپ چىقايلى ، لېكىن بىر بۆلۈك ئەقىللىق قۇۋ كىشىلەر ئۇلارنى ئازدۇرۇپ يۈرسۇن . ئۇلاردا ھەرگىز گۇمان تۇغۇلمىسۇن . ئەمدىكى گەپ ھەرقايسى ئاۋۇللارغا خەۋەر قىلىش . ئەركەك پۈتكەننىڭ ھەممىسى ئاتلىرىنى توقۇپ ، قوراللىرىنى تەييارلاپ ئۈچ كۈنلۈك ئوۋغا چىقسۇن . كىم يولۋاس ئاتسا ، يۈكى بىلەن ئون باش نار ، ئالا تۇياق ئاتتىن ئوننى ئالسۇن . كىم شىر ئاتسا ، قويدىن 100 نى ، بىيەدىن 40 نى ، كالىدىن 10 نى ئالسۇن . بۇ ئىشتا ، سەن ياقۇپ مىلىڭنى ئايىما ، خەلق كۆڭلىنى ئايىمىسۇن . ھەرگىز بېخىللىق قىلما .

ئوۋچىلىق جەريانىدا «ھە ، ھۇ ···» دېيىشىپ بەرگەنلەرگە ، يول كۆرسەتكۈچى ، ئەقىل ئۈگەتكۈچى ئاقساقاللارغا تون يېپىقىن ، بۆرە جۇۋا كىيگۈزگىن . لېكىن ، «بەر» دېگەندە قاپىقىڭنى ئېچىپ كۈلۈپ تۇرۇپ بەرگىن ، — دېدى .

مەسلىھەتكە قاتناشقانلار ئۇنىڭ گېپىنى ماقۇل كۆرۈپ ، شۇنداق پۈتۈشتى . ياقۇپبايمۇ ئۆكسى ئاقپالتاننىڭ گېپىنى ئىلىك ئالدى - دە ، ھەرقايسى ئاۋۇللارغا خەۋەرچىلەر ئەۋەتتى .

ئەتىسى بىر كۈننىڭ ئىچىدىلا ، باي - كەمبەغەللەردىن ، قىرغىز ، قازاق ، قالماقلاردىن 500 دىن ئوشۇق مەرگەن توپلاندى . ئۇلار بۆۋرولتوقاينىڭ قىبلىن ئورمانلىقىغا توپ - توپى بىلەن كىرىپ كېتىشتى .

بۇ بىر ئاجايىپ ، دۇنيادا ئاز ئۇچرايدىغان قىزىقچىلىق بولدى :

قىقاس ـ چۇقان، ھايت ـ ھۇيتلار، ئات تۇيىقى، دوبۇلباس[1] ئاۋازى، مىلتىق ئاۋازلىرى پۈتۈن جاھاننى قاپلىدى.

نەچچە ئەسىردىن بۇيان ئادەم ئىزى، ئات تۇيىقى چۈشمىگەن تۈنت ـ چىتىرمان[2] توقايلىق ئۇڭغۇل ـ دوڭغۇل چەيلەندى.

ئۇخلاۋاتقان يولۋاس، شىر، توڭگۇز ـ قاۋانلىرى سەكرەپ چىقىشتى، ئويناۋاتقان مايمۇنلار ھەر تەرەپكە قېچىشتى، قويغا ئوخشاش توپ ـ توپى بىلەن جۇۋشاپ[3] ياتقان ئېلىك[4]، ئارقار، مارااللار ئۈركۈشتى. قۇلانلار چىرقىراشتى، بۆرە ـ تۈلكىلەر ھۇۋلاشتى. توشقان، تىيىنلار چىرقىراشتى، كەسلەنچۈك، سېرىق ئارسلار[5] خىرىس قىلىشتى، ئۇچار قاناتلار ئاسمانغا پەرۋاز قىلىپ، ھەر تەرەپكە قېچىشتى.

بىر ۋاقىتتا توقايلىقتىن بۆرىلەر چىقتى، چىلبۆرىلەر چىقتى، ئەگرى بويۇن تۆگە چىقتى، قۇلان چىقتى، كالا چىقتى. بۇغا ـ مارال ئارىلاش، ئېلىك، قۇران[6] تەڭ چىقتى.

يىگىتلەر ئۇلارنى قوغلاپ، مىلتىق بىلەن ئېتىپ، قىلىچى بىلەن چېپىپ، نەيزە بىلەن سانجىپ، سالما تاشلاپ باغلاپ بىرنەچچە كۈنگىچە ئوۋ قىلىشتى.

توشقاندىن تارتىپ شىرغىچە ئوۋلانغان ھايۋانلار ئېگىز ـ ئېگىز قىلىپ نەچچە يەرگە دۆۋىلەندى.

ئۇلارنىڭ ئىچىدە يولۋاس ـ شىرلار بىرنەچچە يۈزگە يەتتى.

خالايىق خۇشال بولۇشتى، پالتا باتۇر، ئادىلبەگ ئاقساقاللار خۇش بولۇشتى. بىراق، ياقۇپباي خۇش بولمىدى. ئۇ ئاغزىدا «ھەـھۇ» دېگەن بىلەن مال ـ پۇلىغا چىدىمىدى. «بىر خوتۇن تۇغىدۇ دەپ ئاران تاپىلغان ماللىرىمنى بۇزۇپ ـ چاچامدىم» دەپ ئويلىدى.

---

① دوبۇلباس — ئۇرۇشتا چېلىنىدىغان مىتال دۇمباق. ئويغۇرلار بۇنى تىبىلباز دەيدۇ.
② تۈنت ـ چىتىرمان — ناھايىتى قېلىن ئورمانلىق، كۈن نۇرى چۈشمەيدىغان چاتقاللىق.
③ جۇۋشاپ — بەھۇزۇر دەم ئېلىش مەنىسىدە.
④ ئېلىك — كىيىك ـ جەرەن تىپىدىكى بىر خىل ھايۋان.
⑤ ئارس — گۆشخور بىرتۇقۇم ھايۋان.
⑥ قۇران — بىر خىل ھايۋان.

ۋەدە قىلغان نەرسىلەرنى مەرگەنلەرگە بەرگۈسى كەلمىدى .

ئاقپالتا بۇنى سېزىپ دېدىكى :

— خۇدادىن قورق ! جامائەت ئالدىدا ۋەدە قىلغان نەرسىلەرنىڭ بىرىنىمۇ كەم قىلماي بەر ، بەرگەندىمۇ كۈلۈپ تۇرۇپ بەر ! نەچچە مىڭلىغان مال - دۇنيايىڭ بولغان بىلەن ، ئادەمنىڭ بېشى بىر قۇرۇق سۆڭەك ، ئۆلسەڭ توپىنىڭ ئاستىدا سېسىپ تۈگەيسەن ، كەينىڭدە ئەۋلادىڭ قالمىسا ، چوڭقۇر دېڭىزغا تاشلانغان بىر پارچە چالمىسەن ، شامالدا ئۇچۇپ كۆزگە كۆرۈنمەي يوق بولىدىغان قامغاقسەن ، يىلتىز - سىز ، مېۋىسىز بىر تال قۇرۇق قاخشال دەرەخسەن ! ئۆلسەڭ مېلىڭنى بىللە ئېلىپ كېتەلمەيسەن . خۇدادىن بالا تىلە . تىلىگەندىمۇ باتۇر ئوغلان تىلە ! خەلقتىن — مۇشۇ تۇرغان ئاق ساقال ، قارا ساقاللاردىن دۇئا ئالغىن !

ياقۇپباي بېشىم ۋە ئۇيات ئاستىدا غىڭ قىلالمىدى ، دېگەن ۋەدى - سى بويىچە مال تارقاتتى .

كۆپ سانلىق يىگىتلەر ھەدىيە ئالدى ، قالماق كېچىللىرىمۇ قۇ - رۇق قول يانمىدى . ئەمدى پالتا باتۇرغا كېلەيلى :

پالتا باتۇر بىلەن ئادىلبەگلەر بىرنەچچە يولۋاسنىڭ يۈرىكىنى ، بىرنەچچە شىرنىڭ تىلىنى سوغۇرۇۋېلىشتى - دە ، تەگرىگە چوقۇنۇ - شۇپ ، ئالدىراپ ياقۇپنىڭ ئۆيىگە كېلىشتى .

ياقۇپنىڭ ئىشىكىگە قاراۋۇل قويغۇزۇپ ، مالاي - چۆرىلەرنى ئالدىرىتىپ «ئوتنى چاققان ياق ! قومغاننى چاپسان تاپ !» دېيىشتى .

يولۋاسنىڭ يۈرەكلىرىنى ئايرىم ، شىرنىڭ تىللىرىنى ئايرىم قاي - ناتقاچ ، پالتا باتۇر قوينىدىن بىر يىپەك ئاق تۈگۈنچەكنى ئالدى ۋە :

— ئۆز ۋاقتىدا ئاتىمىز ئورازدۇ ناھايىتى ئىناۋەتلىك خان بولغان - لىقى ئۈچۈن ، يىراق - يېقىندىن ئۇنىڭ نامىنى ئاڭلىمىغان ، ئۇنىڭ بىلەن ئالاقە قىلمىغان خان - بەگلەر قالمىغانىكەن . شۇ بەگ - خانلار ئىچىدە رۇم پادىشاھى ئاتامغا بىر سۇمۇرغنىڭ كۆزىنى سوۋغا قىلغان -

كەن ، ئاتام ئۇنى ئانامغا ساقلاپ قوي دەپ بەرگەنىكەن . ئانىمىز ناھايىتى ئەقىللىق ، ئۇزاقنى ئويلايدىغان مەزلۇم بولغانلىقى ئۈچۈن ، بالىلىرىمغا ياكى نەۋرىلىرىمگە پايدىسى تېگىپ قالار دەپ ئالتە ئەسىر ئۆتسىمۇ ئاپتاپ تېگىپ بۇزۇلمايدىغان ، ئالتە يىل يامغۇر ياغسىمۇ ئىچىگە سۇ كىرەلمەيدىغان بىر كىچىك خالتا تىكىپ ساقلاپ يۈرگەنىكەن . ئانام ئۇنى ماڭا تاشلاپ كەتكەنىدى . مەن كىرەك بولۇپ قالار دەپ ، ئۇزاق يىللاردىن بۇيان خورجۇندىن چىقارماي ساقلاپ كەلگەنىدىم . ئادىلبەگدىن چىپىرىدىنىڭ سىزىك بولغانلىقىنى ئاڭلاپ ، ھەقەچان مۇشۇنداق تېپىلماسقا سىزىك بولۇپ قالمىسۇن دەپ ئالغاچ كەلگەنىدىم . ئويلىغىنىمدەك چىقتى . چېچەننىڭ بەلگىسى سۆزىدىن ، باتۇرنىڭ ئۆتكۈرلۈكى كۆزىدىن سېزىلىدۇ . چىپىرىدىنىڭ بۇنىڭغا سىزىك بولۇشى تۇغۇلىدىغان بالىنىڭ ئادەتتىكى بالا ئەمەسلىكىنى ئىپادىلەيدۇ ، — دېدى ـ دە ، يۈرەك بىلەن تىلنى ئۇششاق توغراپ ، شورپىغا ئارىلاشتۇرۇپ چىپىرىدىگە يېگۈزدى . كەينىدىن سۇمۇرغنىڭ كۆزىنى شورپىغا سېلىپ يۇمشىتىپ ، ئۇنىمۇ يېگۈزدى .

شۇنىڭ بىلەن چىپىرىدىنىڭ كۆڭلى ئېچىلدى ، سىزىكى پۈتۈنلەي يېشىلدى .

پالتا باتۇر ئۆيىگە قايتىپ بارغاندىن كېيىن ئويلىنىپ : «ياقۇپ مالغا بېخىل ، ئەقىلگە چولتا ئادەم ئىدى . ماناسنىڭ تۇغۇلۇشىدا بىرەر پېشكەللىك بولۇپ قالمىغاي» دەپ ئۆزىنى كۆزىتىپ يۈرگەن كېچىلىنى ئالداپ ، ئۆز ئاۋۇلىنى كۆچۈرۈپ ، ياقۇپنىڭ ئاۋۇلىغا بىر كۈنلۈك يېقىن يەرگە كېلىپ قوندى .

ئەمدىكى گەپنى چىپىرىدىن ئاڭلايلى :

ئارىدىن توققۇز ئاي ئۆتكەندە چىپىرىدىنىڭ بويى تولۇپ ، ئورنىدىن زادىلا قوپالماي قالدى .

ئۇنىڭدىن بۇرۇنمۇ ئاي سانى بەش بولغاندىلا بىر كۈنى «دوۋسۇنۇم !» دېسە ، بىر كۈنى «بېلىم !» دەپ چىدىيالماي ، ئۆزى ئورنىدىن

تۇرۇپ ماڭالمايدىغان بولۇپ قالغانىدى.

ياقۇپباي بولسا كېچە - كۈندۈز ئۇنىڭ قېشىدىن غېرىچ نېرى كەتمەي، چىمىردىنى ئوبدان باقتى، ھەر ئۈچ كۈندە بىردىن يېڭى شورپا ئىچسۇن دەپ تايدىن بىرنى سويدۇرۇپ تۇردى.

شۇنداق بولسىمۇ چىمىردى بىرى يۆلىمىسە قوپالمايدىغان، بىرىنىڭ ياردىمى بولمىسا ئويان - بۇيان ئۆرۈلەلمەيدىغان بولۇپ قالدى. بۇ سەۋەبتىن، ئۆيدىكى ياقۇپبايدىن تارتىپ مالاي - دېدەكلەرگىچە پايپېتەك بولۇپ ئالدىراشتى.

بۇنى كۆرگەن چىمىردى بوۋىيىدىن ۋە خىزمەتچىلىرىدىن تولىمۇ رازى بولدى، بىر كۈنى ئاقپالتا، ئادىلبەگلەر ئۇنى كۆرگىلى كىرگەندە:

— تۆردە ئولتۇرغان ئاقساقاللار، مېنىڭ سىزلەردىن ۋە ياقۇپتىن ئۆتۈنىدىغان بىر ئۆتۈنۈشۈم بار. ئۇ بولسىمۇ، ئۆيىمىزدىكى ھەممە ئادەم مېنىڭ بىلەن بولۇپ، كەلگەن - كەتكەنلەرنى ئۇزىتىشقا باش بولىدىغان ئادەم بولمايۋاتىدۇ. مېنىڭ تولغىقىم بولسا بارغانسېرى قاتتىقلىشىپ، بارغانسېرى ئۇزىراپ كەتتى. ياخشى كۈنىنىڭ يامىنى بولۇپ، مېنىڭ مۇشۇ تۇغۇتتا كۆزۈم يۇمۇلسا، ياقۇپباي قىينىلىپ، مۇشۇنداق چوڭ ئۆي ئىگىسىز قالىدىغاندەك تۇرىدۇ. مەختۇم بولسا مەندىن قېچىپ، ئاۋۇلىمىزغا يولىماي، يىراق قونۇپ يېتىۋالدى. شۇڭا، ئاۋۇ پەگادا ئولتۇرغان باقدۆلەت دېگەن مېنىڭ دېدىكىم، ئۇزاقتىن بۇيان ماڭا يېقىن بولۇپ، ئۆز سىڭلىمدەك بولۇپ كەتتى، ھەرقانداق چاغدا قولۇمغا قول، پۇتۇمغا پۇت بولۇپ كەلدى. ياقۇپقا ۋە سىزلەرگە توغرا كەلسە، مانا شۇ باقدۆلەت سىڭلىمنى ياقۇپقا نىكاھ قىلدۇرساڭلار. مېنىڭ كۆزۈم يۇمۇلغۇدەك بولسا، بۇ ئۆينى تۇتۇپ، ياقۇپباينىڭ چوڭ ئۆيىنىڭ ئىگىسى بولۇپ قالسۇن. ئامان- ئېسەن كۆز يورۇغىدەك بولسام، مېنىڭ يېقىن ئابسىنىم[1] بولۇپ قالسۇن،

---

[1] ئابسىن — بىر تۇغقاننىڭ ئاياللىرى قىرغىز تىلىدا ئۆز ئارا ئابسىن دېيىلىدۇ.

دەپ ئۇزاقتىن ـ ئۇزاق يوللۇق گەپلەرنى سۆزلىدى .

چىيىردىنىڭ بۇ مەسلىھەتى ئاۋۋال ئاقساقاللىرى ۋە ياقۇپبايغا خوپ كەلدى . تويغا سېمىز بىيە سويۇپ ئاۋۋال خەلققە مايىنى سۇدەك ئىچكۈزۈپ ، ياقۇپباي قېرىغان چېغىدا ئونبەش كۈنلۈك تولۇن ئايدەك تولۇپ تۇرغان ياش قىزنى نىكاھىغا ئالدى . بۇنىڭ بىلەن چىيىردىنىڭ-مۇ كۆڭلى تىندى ، باي ياقۇپمۇ خۇشال بولدى .

تۇغۇت كۈنى يېقىنلاشقانسېرى ، چىيىردىنىڭ تولغىقى كۈچىيىش-كە باشلىدى . ياقۇپباي بىلەن باقدۆلەت ئۇنىڭ بېشىدىن كەتمەي ، ھەر كۈنى ئەتىگەنلىكى بىردىن ئوغلاق سەدىقە چاپتۇرۇپ تۇردى . غېرىب ـ مىسكىنلەرگە ، يېتىم ـ يېسىرلارغا سانلاپ ـ سانلاپ گۆش بەردى ، تۇتام ـ تۇتام پۇل بەردى . «ئىش ئاخىرى ئوڭۇشلۇق ، تىلىگەن تىلەك ، قىلغان ئارزۇلىرىمىز ئىجاۋەت بولغاي ، كۆڭلىمىز ئاق بول-غاي» دەپ تاۋاق ـ تاۋاقلاپ ئاق ئۇن چاچتۇردى . تۇغۇت تۇغدۇرۇشقا «ئۇ ياخشى ، بۇ ياخشى ··· پالانى ئوبدان ئىدى ، پوكۇنى ئۇستا ئىدى» دېگەن گەپلەرگە قۇلاق سېلىپ ، يىراق ـ يېقىندىن چاقىرتقۇزۇپ كېلىپ ، ئەر ـ ئايال بولۇپ ئاتمىش ئادەم توپلاندى . ئۇلارنى ئوبدان كۈتۈپ ، قورسىقىنى بىر ئازمۇ ئاچۇرماي ھەر كۈنى بىردىن چوڭ مال ۋە بىرنەچچىدىن ئۇششاق مال سويۇپ تۇردى . شۇنىڭ بىلەن بۇ ئىش بىر قىسىم كىشىلەرگە قورقۇنچلۇق بولسا ، بىر قىسىم كىشىلەرگە توي بولدى .

تولغاق بارغانسېرى ئېغىرلاشتى . ئون غۇلاچ بادرىنى تۈگۈلۈكتىن چىقىرىپ ، قوچاق يەتكۈدەك قىلىپ ئۆرۈلگەن ئاق كىيۆزنى باقانغا باغلىشىپ ، چىيىردىغا تۇتقۇزدى . چۆك چۈشۈپ[1] تولغىنىۋاتقان چى-يىردى ئاغرىققا چىدىيالماي ۋارقىراشقا باشلىدى . ئۇنىڭ زارىغا چىدى-يالمىغان ياقۇپباي يەنە كېسىپ ـ كېسىپ گۆش تارقاتتى ، تاۋاق ـ

---

① چۆك چۈشۈپ ئولتۇرۇش — تىزلىنىپ ئولتۇرۇش .

www.uyghurkitap.com

تاۋاق ماي تارقاتتى، چاڭگال ـ چاڭگال پۇل تارقاتتى. تەڭرىدىن بالىنىڭ ساق ـ سالامەت تۇغۇلۇشىنى، ئۆزىنىڭ ئىز باسارى بولۇشىنى تىلىدى.

شۇنداق قىلىپ چىپىردىنىڭ ئاۋازى يىراق ـ يىراقلارغا ئاڭلىنىپ، ئاۋۇلنىڭ تىنچلىقىنى بۇزۇپ، ساقمۇساق 15 كۈن تولغاق تارتتى، بالا تارتىشقا① ئاز دېگەندە ئاتمىش ئادەم قاتناشتى. شۇ باھانىدە چوقايچىلار②، تارتىمچىلار③ تۆر تەرەپتىكى ياقۇپباينىڭ گىلەم ـ گىلچىلىرىنى دەسسەپ مەينەت قىلىۋەتتى. ياقۇپباي بۇنىڭغىمۇ چىدىدى.

قاتتىق تولغاق تۇتقان 15 ـ كۈنى ئەتىگەندە كۈن نۇرى بىلەن تەڭ بالا يەرگە چۈشتى، لېكىن «ئىڭگە!» لىگەن بالا ئاۋازى ئاڭلانمىدى. بۇنىڭغا بوۋاي ـ موماي لار ھەيران قېلىشتى، خالايىق بىر ـ بىرىگە قاراشتى. ھوشىغا كەلگەن چىپىردىنىڭ كۆڭلىگە مىڭلاپ خىياللار كېلىپ كەتتى.

تۇغۇت ئانىسى موماي بالىنى يەردىن ئېلىپ قاراپلا چۆچۈپ كەتتى:

— ۋايجان! بۇ نېمە ئىش؟!

يەردە يالىڭاچ، قىزىل گۆشلۈك بالا ئەمەس، يۇپيۇمىلاق كۆك بىر تۇلۇم ياتاتتى.

ئۆيدە تۇرۇشقان قېرى ـ ياشلارمۇ ئۇنى كۆرۈپ ھەيران بولغىنىدىن كۆزلىرىنى پارقىرىتىشىپ بىرنەرسە دېيىشەلمەي ياقىلىرىنى تۇتقان پېتىچە تۇرۇپ كېتىشتى.

«خوتۇنۇم نېمە تۇغاركىن» دەپ ياقۇپباي سىرتتا ئاقئۆينى ئايلىنىپ يۈرەتتى. خېلىغىچە تىڭشاپمۇ بالىنىڭ يىغا ئاۋازىنى ئاڭلىمىغاـ

---

① بالا تارتىش — قىرغىزلاردا ئاپال تۇغار ۋاقتىدا قورساق ئۈستىگە بەلۋاغ سېلىپ، كەينى تەرەپتىن بەلۋاغ چېتىپ تارتىلىدۇ. بۇ «بالا تارتىش» دېيىلىدۇ.
② چوقاي — ئاياغ كىيىم.
③ تارتىما — خام تېرىنى چېكىپ كىيىۋالىدىغان ئاياغ كىيىم.

لىقتىن ، كۆڭلى ئەندىشىگە چۈشتى . كېيىنچىرەك ئۆيدىن چىقىۋاتقان پىچىر - پىچىر گەپلەرنى ئاڭلاپ ، ئۆيگە يۈگۈرۈپ كىرىپ ، يەردە ياتقان كۆك تۇلۇمنى كۆردى - دە ، يىغلىۋەتتى :

— ئەي ياراتقان ئىگەم ! مېنى نېمىشقا خەلق ئالدىدا بۇنداق شەرمەندە قىلىدىغانسەن ؟ ئۇزاق يىللار يالغۇزباش دېيىلىپ خەلقنىڭ زاڭلىق قىلىش نىشانىغا ئايلىنىپ قالدىم ، خەلقنىڭ يۈزىگە تۈزۈكرەك قارىيالماي يۈزۈم چۈشۈپ يۈردى . ئەمدى بالىلىق بولىدىغان بولدۇم دەپ خۇشال بولسام ، جانسىز چاناچنى بېرىپسەن ! مەن زادى نېمە گۇناھ قىلدىم ؟ ئۇنىڭدىن كۆرە ئۆزۈڭ ياراتقان جاننى ئۆزۈڭلا ئالساڭ بولماسمىدى ؟ !

ياقۇپنىڭ يىغىسىغا تاغ - تاشلارمۇ چىدىيالماي ئاۋاز چىقىرىپ گۈرۈلدىدى ، يايلاقلاردىن ئۇشقىيتىپ بوران چىقتى ، ئاۋۇلدىكى ھەممە ئادەم قايغۇرۇشتى . ئادىلبەگ ئاقساقال ياقۇپبايغا تەسەللىي ئېيتىپ دېدىكى :

— ئەي ياقۇپ ، تەڭرىنىڭ بەرگىنىگە شۈكۈر قىل . تەڭرىم سېنىڭ بىلەن چېيىردىنىڭ نالە - زارىنى ئاڭلاپ ، نېمىلا بولمىسۇن بىر پارچە قىزىل گۆش بېرىپتۇ . ھازىر بۇنى بەرگەن خۇدا كېيىنچە بالىمۇ بېرەر . سەۋر قىلغىن . مۇشۇ تۇرقتا سەن بىلەن بىزنىڭ بېشىمىزدا ناھايىتى زور بالايىئاپەتنىڭ قارا كۆلەڭگىسى ساڭگىلاپ تۇرماقتا . ئۇ بولسىمۇ ، قالماقلار «ياقۇپنىڭ خوتۇنى ئېغىر ئاياغ ئىكەن» دەپ مارىغىلى بىرنەچچە ئاي بولدى ، ئەمدىكى تۇغۇلغان مەخلۇق مۇشۇ بولغاندىكىن ، قالماق كېچىلىرىگە يوشۇرماي كۆرسىتەيلى . بىرەر باھانە تاپالماي تۇرغان قالماقلار «تۇغۇلغان بالىنى يوشۇردى» دەپ تۆھمەت قىلىپ ، ئاران تۇرغان ئېلىمىزگە ئاپەت ياغدۇرمىسۇن . سەن ھازىر قايغۇرۇۋەرمەي ، مانا مۇشۇ ئىشنىڭ ئالدىنى ئالساڭ بولىدۇ . مېنىڭ كېيىمگە كىرسەڭ ، ئاۋۇلىمىزغا قوشنا قالماق كېچىلىگە ھازىرلا ئادەم ئەۋەتكىن . ئۇ ئۆز كۆزى بىلەن

ھەقىقىي ئەھۋالنى كۆرسۇن.

ياقۇپباي ئادىلبەگ ئاقساقالنىڭ سۆزىنى ماقۇل تاپتى ـ دە، قالماق كېچىلىنى چاقىرتىپ كېلىپ، چىپىردى تۇغقان تۇلۇمنى كۆرسەتتى. ئۇنى كۆرگەن كېچىلنىڭ كۆزلىرى چەكچىيىپ چانىقىدىن چىقىپ سۆزلەي دېسە تىلى تۇتۇلۇپ، پۇتلىرى كالۋالاشقان پېتىچە كەينىگىمۇ قارىماي، ئۆز ئاۋۇلىغا قېچىپ كەتتى ـ دە، ئىككىنچىلەپ ئۆيىدىن چىقمىدى.

* * *

كېچىل قېچىپ كەتكەندىن كېيىن، ياقۇپ بىلەن ئادىلبەگ كېڭەشىپ ئاقپالتاغا كىشى چاپتۇردى. ئۇلار بۇ تۇلۇمنى قانداق قىلىش ھەققىدە ئۇنىڭ بىلەن مەسلىھەتلەشمەكچى ئىدى.

ئاقپالتا ئۆزىنى چاقىرىپ كەلگەن ئادەمدىن چىپىردىنىڭ تۇغۇش ئەھۋالىنىڭ جەريانىنى بىرمۇبىر سورىدى ـ دە، ساندۇقتا ساقلاپ يۈرگەن ئالتۇن ئۈزۈكنى قولىغا سېلىپ، دەرھال ئاتلاندى ۋە يېرىم كۈندە ياقۇپنىڭ ئاۋۇلىغا يېتىپ كەلدى.

ئۆينىڭ ئەتراپىنى قورشاپ تۇرغان خەلقلەر پالتا باتۇرنى كۆرگەندە، ئوتتۇرىسىدىن يېرىلىپ يول بېرىشتى.

پالتا باتۇر ئۆيگە كىردىيۇ، تۇلۇمنى تۇتۇپ بېقىپ، ئۆيدىكى ھەممە ئادەمنى سىرتقا چىقىرىۋېتىپ، ياقۇپنىڭ قۇلىقىغا پىچىرلىدى:

— تېز بولغىن، باياتىن مەن كېلىۋاتقاندا قورۇنىڭ چېتىدە بىر ئىت كۈچۈكلەۋاتاتتى. دەرھال بىر توغرا ئالغىن ـ دە، ئەنە شۇ ئىتنىڭ كۈچۈكىدىن بىرنى ئېلىپ كەلگىن، بۇ ھەرىكىتىڭنى ھودۇقماي، چاندۇرماي ئورۇندىغىن. بىلىشىڭ كېرەككى، تەڭرىم بىزگە ئايىماي بېرىپتۇ. بۇ بالا تۇۋاقلىق بالا ئىكەن، ھەقىقىي ئەھۋالنى بىر دەمدىن كېيىن بىلىسەن. تېز بولغىن، چاققانراق ھەرىكەت قىلغىن، خۇشاللىقىڭنى ھېچكىمگە تۇيدۇرمىغىن.

ياقۇپ ئۆيدىن بىر توغرىنى ئالدى ـ دە، غىپپىدە ئۆيدىن چىقىپ



www.uyghurkitap.com

خەلقنىڭ كۆزىگە كۆرۈنە ـ كۆرۈنمەي ناھايىتى تېزلىك بىلەن ئۈتنىڭ كۆچۈكىدىن بىرنى ئېلىپ كەلدى . پالتا باتۇر ئۈنىڭغا ئىشىكنى باقتۇ. رۇپ قويۇپ ، ئۆزى قولىدىكى ئالتۇن ئۈزۈكنى ئېلىپ تولۇمغا تەگكۈ. زۈپ سۈركىگەندى ، تولۇم يېرىلدى .

كۆردىكى ، تولۇم ئىچىدىن توققۇز ياشقا كىرگەن بالىدەك يوغان بىر بالا چىقتى ، ئاقپالتا دەرھال ئېگىشىپ ئۈنىڭ قولىنى ئېچىپ قارىغانىدى ، ئۈنىڭ ئوڭ ئالقىنىدىن ماي ، سول ئالقىنىدىن قان تېمىپ تۇرۇپتۇ . ئوڭ ئالقىنىنىڭ سىزىقلىرىدا «ماناس» دېگەن خەت پارقىراپ چېكىلىپ تۇرۇپتۇ .

پالتا باتۇرنىڭ خۇشاللىق يېشى يامغۇردەك قۇيۇلدى ـ دە ، بالىغا يەنىمۇ ئىنچىكىلەپ زەن سالدى :

قىياپىتىگە قارىسا :

قىرىق مىڭ ئەرنىڭ جېنى بار .

پۈتۈن دۇنيا — يەر يۈزىنى

ۋەيران قىلغۇدەك چېغى بار .

كەڭ پېشانە بىر غېرىچ ،

ئاپئاق ھېقىق سالغاندەك .

قۇلاقلىرى ۋالىلدار ،

ئورنىتىلغان شامداندەك .

ئىككى كۆزى — قوش چولپان ،

ئۆي ئىچىدە ياندەك .

كەڭ دولىسى بەش غېرىچ ،

كېرىلىپ ئۇخلاپ ياتقاندەك .

يۈزلىرىدىن نۇر ياغار ،

ئەتىگەن تاڭ ئاتقاندەك .

«ۋار ـ ۋار !» قىلغان ئاۋازىدىن

ھايۋانلارمۇ ئۈركۈشتى .



قەھرىمان ماناس

ئوچۇق ھاۋا گۈلدۈرلەپ ،
يەرگە يامغۇر يۈركۈشتى .
زېمىن تەۋرەپ ، چاقماق چېقىپ ،
كۆرمەي كۆزنى سۈرتۈشتى .
بىردەم شۇنداق بولدى ـ دە ،
ئاۋۇلغا جىمجىتلىق چۈشتى .

پالتا باتۇر ئېسىنى يىغىپ ، باقدۆلەتكە قاراپ :

— تېز بىرنەرسە تېپىپ كېلىپ بالىنى ئوراپ ئۆينىڭ بۇلۇڭىغا ياتقۇزۇپ تۇرغىن ، — دېدى .

باقدۆلەت ئالدىرىغىنىدىن ئۆزىنىڭ بىر يېڭى كۆڭلىكىنى تېپىپ كەلدى ـ دە ، بالىنى ئوراپ ، يەردىن كۆتۈرمەكچى بولغانىدى ، بىراق كۆتۈرەلمىدى . ئەمدىلا تۇغۇلغان بالىنى كۆتۈرەلمىگىنىگە نومۇس قىلىپ ، يەنە قاتتىق كۈچەنگەنىدى ، پۇتلىرى ئېگىلىپ ، قوۋۇرغىلىرى غاراسلاپ ، ئومۇرتقىلىرى غىچىرلاپ كەتتى ، چىدىيالماي ، ئاخىرىدا : «ۋاي بېلىم !» دەپ توۋلىۋەتتى . پالتا باتۇر بالىنى ئېلىپ ، يوكنىڭ بۇلۇڭىغا ئاۋايلاپ ياتقۇزۇپ قويدى .

ئۇنىڭدىن كېيىن ھېلىقى كۈچۈكنى تولۇمغا سالدى ـ دە ، تولۇمنىڭ يېرىلغان يېرىنى بىلىندۈرمەي تىكىپ قويۇپ ، كېچىلىنى ۋە ئىشىك ئالدىدىكى خالايىقنى يەنە چاقىردى . باياتىن قورقۇپ قالغان كېچىل كەلگىلى ئۇنىماي ئاران دېگەندە كەلدى .

ئۇ كەلگەندە ئاقپالتا خالايىقنى قارىتىپ تۇرۇپ پىچاق بىلەن تولۇمنى ياردى . تولۇمدىن قىزىل تاغىل بىر ئىتنىڭ كۈچۈكى ئۆمىلەپ چىقىپ كەلدى .

ھەممەيلەننىڭ ئاغزى ئېچىلىپ ، كۆزلىرى چەكچىيىپ قېتىپ قېلىشتى ، بەزىلىرى ۋارقىرىۋەتتى :

— ۋاي نېمە ئىش بۇ ؟ ! … ئىتنىڭ كۈچۈكى ! …

— چىيىردى ئىت تۇغدى ! ! !



ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

كۈچۈك تۇلۇمدىن چىقتى ـ دە ، قالماق كېچىلىكە قاراپ مېڭىپ ئۇنىڭ پۇتىغا ياماشتى .

كېچىلىنىڭ كۆزلىرى چەكچىيىپ كېتىپ :

— ۋايجان ! كۈچۈك مېنى يېدى ! — دەپ چىرقىرىغان پېتىچە تالاغا قېچىپ چىقىپ كەتتى .

ئۇ سىرتقا چىققاندىن كېيىنمۇ ، خۇددى كۈچۈك راستىنلا پۇتىنى چىشلىۋالغاندەك ، پاقالچاقلىرىنى سىلىغاچ قېچىپ كېتىۋېتىپ :

— ئاجايىپ ئىش ! ئاجايىپ مەخلۇق ! ! ! ئىككىنچى بۇ ئاۋۇلغا كەلمەيمەن ، ھەرگىز كەلمەيمەن ! — دەپ تۇۋلىغىنىچە كېتىپ باراتتى ...

بەلكىم ئۇ بۇ ئاجايىپ ۋەقەنى باشلىقىغا دوكلات قىلغاندۇ !

* * *

شۇ ۋاقىتنىڭ ئۆزىدە چىيىردىنىڭ نېمە تۇغقانلىقىنى ئاۋۇلداشلىرىنىڭ كۆپىنچىسى بىلەلمەي ، ئاز سانلىقلىرى ئېنىقسىز بىلىپ ، ياقۇپنىڭ ئۆيىنى قورشاپ تۇرۇشتى . پالتا باتۇر بىرنەچچە تەجرىبىلىك مومايىنى ئۆيگە كىرگۈزۈپ ، باقدۆلەت بىلەن مەختۇمنى ئالدىرىتىپ يۈرۈپ يوغان ئۈچ قېرىن سېرىق ماي ئالدۇرۇپ كەلدى ـ دە ، بىرىنى بېرىپ مومايلارغا :

— بالىنى ئېغىزلاندۇرۇڭلار ، — دەپ بەردى .

مومايلار ئۆينىڭ بۇلۇڭىدا يۆگەكتە ياتقان بالىنى كۆرۈشتى ـ دە ، ئۇنىڭ يوغانلىقىغا ھەيران قېلىشىپ ، بىردەم تۇرۇپ كېتىشتى ، ئاندىن ئارىلىرىدىن بىر موماي قولىنىڭ ئۇچى بىلەن سېرىق مايىنى ئېلىپ بالىنى ئېغىزلاندۇرماقچى بولدى . موماي سېرىق مايىنى بالىنىڭ ئاغزىغا ئەمدىلا سىلىۋېدى ، بالا مومايىنىڭ قولىنى سېرىق ماي بىلەن بىللە يۇتۇۋەتكىلى تاس قالدى ، قورقۇپ كەتكەن موماي قولىنى ئىككىنچى قېتىم سىلىشقا پېتىنالمىدى . بالا ۋارقىراپ يىغلاشقا باش-

www.uyghurkitap.com

لىدى . ئۇنىڭ ئاۋازىنى قالماقلارنىڭ ئاڭلاپ قېلىشىدىن ئەنسىرىگەن ئادىلبەگ ئاقساقالنىڭ ئايالى ئالدىرىغىنىدىن بالىنىڭ ئاغزىغا ئەمچەكىنى سېلىۋىدى ، يىغلاۋاتقان بالا ئەمچەكنى قاتتىق شورىغاندا ، موماينىڭ ئۈچەي - قېرىنلىرى سوغۇرۇلۇپ كېتىۋاتقاندەك بولۇپ كېتىپ ، قاتتىق چىرقىراپ تۇرۇپ ئەمچىكىنى تارتىۋالدى .

بالا يەنە قاتتىق يىغلاشقا باشلىدى . ئۇنىڭ ئاۋازى خۇددى گۈلدۈرمامىدەك چىقاتتى . راستتىنلا هاۋا گۈلدۈرلەپ ، چاقماق چېقىپ ، ئاسماندىن تاراسلاپ مۆلدۈر چۈشتى ، قورۇدىكى ماللار ئۈركۈپ قېچىشتى ، قوزۇقتىكى ئاتلار چۇلۇۋۇرىنى يۇلۇۋېلىشتى ، ئورمانلىقتىكى ياۋايى هايۋانلار تاغ - تۈزلەڭلەرگە يامراپ كېتىشتى ، كۆل - قۇدۇقتىكى سۇلار دولقۇنلاپ كەتتى ، بۇلاقلار ئېگىزلىككە ئېتىلىپ چىقتى ، يەر تەۋرەپ ، تاغلار ئۆرۈلۈپ چۈشۈشكە تاس قالدى .

يۈرىكى ئاجىز ئىككى كەمپىر بىلەن بىر بالا قورققىنىدىن يىقىلىپ چۈشۈپ ، هوشىدىن كېتىشتى .

بالىنى ئېغىزلاندۇرۇشقا كېلىشكەن مومايلاردىن غەيرەتلىكرەك بىرى قېرىنىدىكى سېرىق مايدىن ئوچۇملاپ ئېلىپ ، يىغلاۋاتقان بالىنىڭ ئاغزىغا تىقتى . بالا بىر شوراپلا ماينى يۇتۇۋەتتى . شۇنىڭ بىلەن هېلىقى موماي ئالدىرىغىنىدىن قولىنى سېرىق مايغا پاتۇرۇپ ، چاڭگاللاپ - چاڭگاللاپ ئېلىپ سېلىشقا باشلىدى . بالا خۇددى بىر ئېلىم ماينى يۇتقاندەك يۇتۇۋەردى .

بىر قېرىن ماي تۈگىدى ، بالا يەنە يىغلىۋىدى ، ئاقپالتا ئىككىنچى چوڭ قېرىن ماينى خەنجەر بىلەن قاق ئوتتۇرىسىدىن بۆلۈپلا مومايغا تۇتقۇزدى . موماي يەنە ئوچۇملاپ سالغىلى تۇردى . بالىنىڭ يىغىسى توختىدى ...

شۇنداق قىلىپ ، بالا كەينى - كەينىدىن ئۈچ قېرىن ماينى بىردەمدىلا يەپ بولدى - دە ، ئاغزى بېسىقتى .

خەقلەر يەنتەك[1] يىگىنىگە تويۇشۇپ ، بۇ ئاجايىپ بالىدىن چۆچۈشۈپ ئۆيلىرىگە تارقاشتى .

بالىنىڭ يىغا ئاۋازىدىن ھوشىغا كەلگەن چىيىردى ئەمدى ئۆزىنىڭ تۇلۇم ئەمەس ، ئادەم بالىسى تۇغقانلىقىنى بىلىپ ، كۆڭلى تىندى ـ دە ، كۆزلىرىدىن خۇشاللىق ياشلىرى يامرىدى .

ئۇ باشقىلارنىڭ دەۋەت قىلىشى بىلەن ئانىلىق ئەمچىكىنى دەسلەپ قىلىپ بالىنىڭ ئاغزىغا سىلىۋىدى ، بالا ئەمچەكنى بىرىنچى قېتىم شورىغاندا سۇت چىقتى ، ئىككىنچى قېتىم شورىغاندا سۇ چىقتى ، ئۈچىنچى قېتىم شورىغاندا قان چىقتى . چىيىردىنىڭ جېنى چىقىپ كېتىشكە تاس قېلىپ ، ئەمچىكىنى ئاران تارتىۋالدى . ئاۋۇلداشلىرى ئۆيلىرىگە قايتىپ ، ئادەم ئازلىغاندىن كېيىن ئاقپالتا ، ئادىلبەك ، ياقۇپلار بالىنى بۇنىڭدىن كېيىن دۈشمەن كۆزىدىن قانداق يوشۇرۇش ھەققىدە مەسلىھەت قىلىشتى .

ئاقپالتا ئويلىنىپ تۇرۇپ ئېيتتىكى :

— بالىنىڭ ئىسمىنى «ماناس» دەپ ئاتىماي ، باشقا بىر ئىسىم قويايلى . ھەقىقىي ئىسمىنى كېيىنچە بالا چوڭايغاندا ئاتىساقمۇ بولىدۇ . مېنىڭچە ، ئۇنىڭ ئىسمى «چوڭ جىندى »[2] بولسۇن ، مۇشۇنداق ئەرزىمەس ئىسمنى قويغاندىلا ، ئادەملەر ئۇنىڭغا كۆڭۈل بۆلمەيدۇ .

ئاقپالتانىڭ گېپى ھەممىسىگە ماقۇل كەلدى ، شۇنىڭدىن باشلاپ ياقۇپنىڭ بالىسى «چوڭ جىندى» دېگەن ئىسىم بىلەن ئاتىلىشقا باشلىدى . شۇ ھامان ئۇنىڭ ئالىقىنىدىكى «ماناس » دېگەن خەتمۇ كۆزدىن غايىب بولدى . ئاۋۇلدىكى ۋە ئەتراپىدىكى ئاۋۇلداش قىرغىزلارمۇ ، شۇنداقلا ئۇلارنى نازارەت قىلىدىغان قالماق كېچىللىرىمۇ بۇ ئىشقا دىققەت قىلىشمىدى . خۇددى ياقۇپبايىنىڭ ئۆيىدە ھېچقانداق يىڭىلىق بولمىغاندەك ، ئادەتتىكىدەك تىرىكچىلىكنى قىلىۋېرىشتى .

① يەنتەك — بالا تۇغۇلغاندا ئاۋۇلداشلىرى كېلىپ يەيدىغان سېرىق ماي ۋە ھەر خىل نازۇ نېمەتلەر .
② چوڭ جىندى — چوڭ سارالڭ .

## 23 . «غېرىب ـ سەنەم» (پارچە)[1]

ئەلقىسسە، غېرىب شاھ سەنەمگە بېقىپ:

— ئەي جېنىمنىڭ جانانىسى، سىزنىڭ ئاتىڭىز بىلەن مېنىڭ ئاتام ۋەدە قىلىشقانىكەن، ھالا ئاتىڭىز شاھ ئابباسخان خەت پۈتۈپ، ئۆز مۆھۈرىنى بېسىپ، مېنىڭ ئاتامغا بەرگەنىكەن، ئاتىڭىز ئۆز تىلىدىن بەرگەن خەت كىتابىمنىڭ ئارىسىدا تۇرىدۇ، — دەپ ئۇ خەتنى كىتابنىڭ ئارىسىدىن ئېلىپ شاھ سەنەمگە بەردى. شاھ سەنەم بۇ خەتنى كۆرۈپ ئېرىسىگە سىغماي، خۇش بولۇپ نىكاھ خېتىنى قولىغا ئېلىپ كىتابنىڭ ئارىسىغا سېلىپ، غېرىب بىلەن ۋىدالىشىپ، ئاتىسىنىڭ ئالدىغا راۋان بولدى. كەلگىنىچە ئاتىسىنىڭ ئالدىغا كىرىپ، كىتابنى پادىشاھنىڭ قولىغا بەردى. شاھ سەنەمنىڭ كىتابىنى ئاتىسى قولىغا ئېلىپ مۇتالىئە قىلىپ كۆردى. كىتابنىڭ ئارىسىدىن بىر پارچە مۆھۈرلۈك خەت چىقتى. پادىشاھ ئۇ خەتنى ئوقۇپ كۆرۈۋىدى، ئۆزى ھەسەن ۋەزىر بىلەن ۋەدىلىشىپ بەرگەن خەت ئىكەن. بۇنى كۆرۈپ «ئەمدى ۋەدىگە ۋاپا قىلمىقىم لازىم» دەپ شاھ سەنەمنى شاھ غېرىبقا بەرمەك ئۈچۈن خوتۇنىنىڭ قېشىغا مەسلىھەت قىلغىلى كىردى. پادىشاھ ئاببَاسخان خوتۇنىغا:

— مەن ھەسەن ۋەزىر بىلەن ۋەدىلىشىپ ئۆز مۆھۈرىمنى بېسىپ خەت بېرىپتىمەن. ئول خەت ھالا شاھ سەنەمنىڭ كىتابىنىڭ ئارىسىدا

---

[1] «غېرىب ـ سەنەم» داستانى ئۇيغۇر خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى خەزىنىسىدىكى مەشھۇر داستانلارنىڭ بىرى بولۇپ، ئۇ ھەقتە كىنو ۋە ئوپېرالار ئىشلىنىپ، سەھنە ۋە ئېكرانلاردا كۆپ قېتىم قويۇلغان. بۇ داستان ئەزەربەيجان خەلقى ئارىسىدىمۇ كەڭ تارقالغان. خەلقىمىز ئارىسىدىمۇ بىرنەچچە تۈرلۈك ۋارىيانتى بار. بۇ تېكىست شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى نەشر قىلغان «ئۇيغۇر خەلق داستانلىرىدىن تاللانما»دىن قىسقارتىپ ئېلىندى.

تۇرىدۇ . ئەمدى شاھ سەنەمنى غېرىبقا ياتلىق قىلسەن ، ۋەدەڭگە خىلاپ بولمىسۇن ، — دېدى . پادىشاھ ئاببasxاننىڭ خوتۇنى :
— بۇ نېچۇك بىنومۇسلۇق ، غېرىب بىر يېتىم بالا تۇرسا ،



غېرىب بىلەن سەنەم چاھارباغدا

ئاتىسىز يېتىم بالىغا كىشى قىز بېرەمدۇ؟ پەرزەنتىمىزنى ئۇنىڭغا ئېلىپ بەرسەك، خەلقىمىزىلەم تەنە مالامەت قىلماسمۇ؟ — دەپ پادىشاھنىڭ رايىنى ياندۇردى ۋە ئۇ مۆھۈرلۈك خەتنى پادىشاھنىڭ قولىدىن ئېلىپ يىرتىپ تاشلىدى. پادىشاھ ئاباسخان خوتۇنىغا:

— ئەمدى مەن بۇلارنىڭ دەردىدىن قانداق قىلارمەن؟ — دېگىنىدە، خوتۇنى مەسلىھەت قىلىپ:

— ئۇنداق بولسا، غېرىبنى، ئانىسىنى، سىڭلىسىنى جەمئىي تابىئىلىرىنى①باغداد شەھرىگە پالىۋەتسىلە بولمامدۇ؟ ئاندىن كېيىن تىنچ بولىمىز، — دېدى.

ئەلقىسسە، پادىشاھ ئاباسخانغا خوتۇنىنىڭ بۇ قىلغان مەسلىھەتلىرىگە ماقۇل بولۇپ، دەرھال ياساۋۇللارغا:

— غېرىبنىڭ ئانىسىنى، سىڭلىسىنى — جەمئىي تابىئىلىرىنى هارۋىكەشلەرگە دەپ شەھرى باغدادقا دەرھال پالاڭلار! — دەپ ئەمر قىلدى. ياساۋۇللار پادىشاھنىڭ ئەمرى بىلەن كېلىپ هارۋىكەشلەرگە پادىشاھ ئاباسخاننىڭ هۆكۈمىنى يەتكۈزۈپ:

— ئەي هارۋىكەشلەر، سىلەر هارۋاڭلارنى ھەسەن ۋەزىرنىڭ هويلىسىغا ئېلىپ بېرىپ، ھەسەن ۋەزىرنىڭ ئوغلى شاھ غېرىبنى، ئانىسى، سىڭلىسىنى — جەمئىي تابە مال ـ ئەھۋالى بىلەن هارۋىلارغا سېلىپ، شەھرى باغدادقا يەتكۈزۈپ قويۇڭلار، — دېدى. ئاندىن مىر غەزەپ جاللاتلار پادىشاھنىڭ يارلىقىنى غېرىبقا يەتكۈزدى. غېرىب بۇ سۆزلەرنى ئىشتىپ:

— مەن پادىشاھقا نېمە گۇناھ قىپتىمەن، نېمە ئۈچۈن بۇ شەھەردىن شەھرى باغدادقا مېنى پالايدۇ؟ — دېدى. ياساۋۇللار:

— ئەي غېرىب، بىز سېنىڭ گۇناھىڭنى بىلمەيمىز، — دېدى ۋە پادىشاھنىڭ يارلىقى بىلەن غېرىبنى تۇتۇپ، هارۋىغا سېلىپ ئېلىپ

① تابىئى — قاراشلىق، قول ئاستىدىكى.

كەتمەكچى بولدى. بۇ خەۋەر شاھ سەنەمگە يەتتى. شاھ سەنەم بۇ سۆزلەرنى ئىشتىپ، كۆڭلى بۇزۇلۇپ، «ۋادەرىخا، مەن ئەمدى يارىم غېرىبتىن جۇدا بولىدىغان ئوخشايمەن» دەپ، ئۆزىنىڭ خاس كىشىلىرىدىن مىڭ تەڭگە پۇل ئەۋەتىپ:

— ھارۋىكەش مىر غەزەپ جاللاتلار غېرىبنى ئېلىپ كېتىدىغان ۋاقتىدا مېنىڭ راۋىقىمنىڭ ئاستىدىن ئېلىپ ئۆتسۇن، غېرىبنىڭ ھالىنى بىر كۆرۈۋالاي، دىدارىمىز قىيامەتكە باقىي قالمىسۇن، — دېدى. مىر غەزەپ جاللاتلار شاھ سەنەمنىڭ سۆزىنى جان - دىللىرى بىلەن ماقۇل تۇتۇپ، غېرىبنى شاھ سەنەمنىڭ راۋىقىنىڭ ئاستىدىن ئېلىپ ئۆتتى. شاھ سەنەم راۋاقنىڭ ئۈستىگە چىقىپ قارىسا، غېرىبنىڭ ئاتىسى، سىڭلىسىنى جەمئىي تابە مال - ئەھۋاللىرى بىلەن ئېلىپ كېتىپ بارغان. شاھ سەنەم بۇنى كۆرۈپ، «ۋادەرىخا، بۇ بىچارە غېرىب مېنى دەپ بۇ بالالارغا گىرىپتار بولدى» دەپ كۆڭلى بۇزۇلۇپ، غېرىبتىن سوئال سورىغىنى، غېرىبنىڭ شاھ سەنەمنىڭ سوئالىغا جاۋاب بەرگىنى:

سەنەم:

مۇندىن كېتەر بولدۇڭ باغداد شەھىرىگە،
غېرىب سېنى بىر ئاللاغا تاپشۇردۇم.
ئاللا سالدى جۇدالىقنىڭ دەردىگە،
غېرىب سېنى بىر ئاللاغا تاپشۇردۇم.

غېرىب:

مېنى كەتتى دىبان مالال بولمىغىن،
يىغلىمىغىل سەنەمجان كەتسەم كېلۈرمەن.
قىزىلگۈلدەك ئېچىلىپ ھەرگىز سولمىغىن،
يىغلىمىغىل سەنەمجان كەتسەم كېلۈرمەن.

سەنەم :
مۇندىن كېتەر بولسالڭ تاغلار تۇماندۇر ،
بىر جامالىڭ كۆرمەككە يار ئارزۇ مەندۇر .
سەن كەتكەندە ماڭا ئاخىر زاماندۇر ،
غېرىب سېنى بىر ئاللاغا تاپشۇردۇم .

غېرىب :
سېنىڭدىن مەن يارىم جۇدا بولغۇچە ،
بىتاقەتلىك قىلما قايتىپ كەلگۈنچە ،
ۋەدەمدە تۇرارمەن ۋاقتىم يەتكۈنچە ،
يىغلىما سەنەمجان كەتسەم كېلۇرمەن .

سەنەم :
نەچچە كۈن تارتارمەن سېنىڭ جەبرىڭنى ،
بىر سەيرى قىلالمىدىڭ باغى بەھرىمنى[1]
رازى ئىدىم بۇگۈن ئالسا جانىمنى ،
غېرىب سېنى بىر ئاللاغا تاپشۇردۇم .

غېرىب :
يارىم كەتتى دىبان يىغلاپ ئولتۇرما ،
قىزىلگۈلدەك رەڭگىرويىڭ سولدۇرما ،
دوستلار بىلسۇن ، دۇشمەنلەرگە بىلدۇرمە ،
يىغلىما سەنەمجان كەتسەم كېلۇرمەن .

① باغى بەھرىم — كۆڭلۈم بېغى مەنىسىدە .



www.uyghurkitap.com

غېرىب :

غېرىب دەرلەر ئىلاجىم يوق كەتمەككە ،
شۇم پەلەك يىبزىلدى جۇدا ئەتمەككە ،
كېچە ـ كۈندۈز يىغلاپ قانلار يۇتمەككە ،
يىغلىما سەنەمجان كەتسەم كېلۈرمەن ،

سەنەم :

سەنەم دەرلەر جاپا بىلەن جەبرىم بار ،
چىن ئاشىقمەن ، يول ئۈستىدە قەبرەم بار ،
مۇندىن كەتسەڭ ئۈچ ئايغىچە سەۋرەم بار ،
غېرىب سېنى بىر ئاللاغا تاپشۇردۇم .

غېرىب :

غېرىب ئېيتۇر : تەقدىر شۇنداق بولمىسا ،
ئەجەل يېتىپ شۇم پەيمانىم تولمىسا .
جانىم چىقىپ تېنىم چۆلدە قالمىسا ،
يىغلىما سەنەمجان كېلۈرمەن .

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى www.uyghurkitap.com

# 24 . نۇزۇگۇم قوشاقلىرى[1]

زالىم دۇۋالڭ[2] زار يىغلاتتى ،
يوقسۇللارنى كۆپ قاقشاتتى .
ياش دېمىدى ياكى قېرى ،
دارغا ئاستى ، پۇلغا ساتتى .

نى يىگىتلەر ، سولۇن قىزلار ،
ئەرك يولىدا قانغا پاتتى .
گۇناھى يوق مەسۇملارنىڭ ،
باشلىرىغا قىلىچ چاپتى .

تۈمەن دەريا[3] نەرە تارتتى ،
سۇ ئورنىدا قانلار ئاقتى .
شاھىت بولۇپ شۇ تارىخقا ،
مىڭلاپ نۇزۇك نەزمە قاتتى .

بىللە ئويناپ بىللە ئۆسكەن ،
يارۇ دوستلار ياخشى قال .
كىندىك قېنىم تۆكۈلگەن ،
قەشقەر شەھرىم ياخشى قال .

---

① نۇزۇگۇم — چىڭ سۇلالىسىنىڭ زۇلمىغا قارشى 1826 ـ يىلى قەشقەردە كۆتۈرۈلگەن خەلق ئىسيانىدا قولغا ئېلىنىپ ئىلىغا پالانغان مىڭلىغان كىشىلەر ئىچىدىكى قورقماس قەھرىمانلىقى ، ئىپپىتىنى جېنىدىن ئەلا بىلىدىغانلىقى ، قوشاق قېتىشقا ماھىرلىقى بىلەن داڭق چىقارغان قەشقەر قىزى . بۇ قوشاقلارنى يادقا ئېلىۋېلىڭلار .

② دۇۋالڭ — مانجۇ ھاكىمىيىتىنىڭ يۇقىرى دەرىجىلىك ئەمەلدارى .

③ تۈمەن دەريا — قەشقەر شەھرىنى كېسىپ ئۆتىدىغان دەريانىڭ ئىسمى .

ئاينى بۇلۇت توسۇپتۇ ،
يۇلتۇزلارمۇ ئۆچۈپتۇ .
گۆر ئازابى ئۆلۈكتىن ،
تىرىكلەرگە كۆچۈپتۇ .

مەن قەشقەردىن چىققىلى
تۆشەك سېلىپ ياتقان يوق .
ئانام ئۆرگەن چىچىمغا
تارغاق سېلىپ باققان يوق .

ئاسماندىكى سار بولدۇم ،
يولدا يۈرۈپ خار بولدۇم .
قەشقەردىكى ئاتامنى
بىر كۆرۈشكە زار بولدۇم .

مۇز داۋاننىڭ يولىدىن ،
ئۆتمەسكە ئامال بارمۇ ؟
ئىلىخوغا بارغۇچە
جېنىمىز ئامان بارمۇ ؟

ئەپيۇنكەش جاللاتلار ،
ماجاڭ ئويناپ ياتىدۇ .
قاراڭغۇ زەي زىنداندا ،
نۇزۇك يالغۇز ياتىدۇ .

بېشىمىزدا جاللاتلار ،
قىلىچىنى ئوينىتار .

بۇ دوزاختىن نۇزۇكنى ،
قانداق بىر جان ئاجرىتار ؟

تۆگە ياتار قامغاقتا
بىر ئاكام بار قالماقتا ،
ئىنساپى يوق مەلئۇننىڭ
قەستى مېنى ئالماقتا .

ئالتە ئايدىن يالغۇزمەن ،
قەشقەر يولىنى بىلمەسمەن .
خۇدا مېنى ساقلىسا ،
سەن زالىمغا تەگمەسمەن .

«چوڭ يۇلتۇز»[1] غا بارغاندا
ئوت ياقمەن قومۇشقا .
نەپرەت بىلەن قارايمەن ،
مانجۇ بېگى گومۇشقا .

تاغدىن چۈشكەن لاي سۈنى
سۈزۈپ ئىچەر يەر بارمۇ ؟
نۇزۇك باشقا مۇڭ چۈشتى ،
ئېلىپ قاچار ئەر بارمۇ ؟

قومۇشلۇق بولدى جايىم ،
بۆرە ، تۈلكە ھەمراھىم .

---

① چوڭ يۇلتۇز — ئىلى دەرياسى بويىدىكى بىر جاينىڭ ئىسمى .

مۇنداق ئېغىر كۈنلەردىن ،
قۇتقۇزغايمۇ خۇدايىم !

يالاڭ ئاياغ سۇ كەچتىم ،
تاغنىڭ سۈيىدىن ئىچتىم .
دۈشمەن زۇلمى دەستىدىن ،
ئەزىز جېنىمدىن كەچتىم .

مېنى تۇتۇش قەستىدە ،
ئوتنى قويدى قومۇشقا .
خاندىن بۇيرۇق چۈشۈپتۇ ،
سولۇن[1]كۆزۈم ئويۇشقا .

قومۇشلۇققا ئوت قويسا ،
مەن نۇزۇكنى تاپالماس .
مەن نۇزۇكنى تاپقاندا ،
تىرىك قولغا ئالالماس .

يايى چىقتى تۇتقىلى ،
ئەجدىھا بوپ يۇتقىلى .
ئون بەش يايى كېلىپتۇ ،
مەن نۇزۇكنى تۇتقىلى .

كەپە قىلدىم ياۋانغا ،
چېرىك كەلدى داۋانغا .

---

① سولۇن — چىرايلىق .

جىنىم ئازلا قالغاندا
تۇتۇلدۇم مەن قاۋانغا .

مانجۇلارنىڭ ياڭزىسى ،
غۇلاچچە بار غاڭزىسى .
چاقاي دېسەم چىقىلماس ،
قولۇمدىكى كويزىسى .

نۇزۇك قولى باغلاندى
ئۆلتۈرمەككە چاغلاندى .
قەشقەردىكى ئاتامنىڭ
يۈرەك ـ باغرى داغلاندى .

دۇۋالڭ خاندىن خەت كەلسە
نۇزۇگۇمنى «چىپىلڭ» دەپ .
يۇرتداشلىرىم ئېيتىدۇ :
«شىھىتلىكنى تېپىلڭ» دەپ .

بۇيرۇقۇڭنى بەر جاللات
مېنى دارغا ئېسىشقا .
ئەل قىساسى مىنەلھەق
ساڭا يول يوق قېچىشقا .

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

# ئۇيغۇر تىلى

## سۈپەت دەرىجىلىرى

| تۈرى | مەزمۇنى | مىساللار |
|---|---|---|
| ئەسلىي دەرىجە | شەيئىلەرنىڭ بەلگە، خۇسۇسىيىتىنى ئادەتتىكىچە (نورمال) ئىپادىلەيدىغان سۈپەت شەكلى كۆزدە تۇتۇلىدۇ. | ① ئۇ خۇشخۇي، ئىپتىك ھەم چىقىشقاق يىگىت.<br>② بالىلىرىم ئۇششاق، پۇتۇمغا چۈشەك.<br>③ باغدا بۇلبۇللار چىرايلىق سايرىماقتا. |
| كېمەيتمە دەرىجە | شەيئىلەرنىڭ بەلگە، خۇسۇسىيەتلىرىنى ئادەتتىكىدىن سەل كېمەيتىپ كۆرسىتىدىغان سۈپەت شەكلى كۆزدە تۇتۇلىدۇ. كېمەيتمە دەرىجە شەكلى ئەسلىي دەرىجىدىكى بىر قىسىم سۈپەتلەرنىڭ ئاخىرىغا «-ۇچ، -ۇش، -غۇچ، -متۇل» قوشۇمچىلىرىنىڭ قوشۇلۇشى ئارقىلىق ياسىلىدۇ. | ئاق — ئاقۇچ، كۆك — كۆكۈچ<br>قىزىل — قىزغۇچ،<br>قارا — قارامتۇل…<br>① چىرايى قارامتۇل كەلگەن يىگىت ئاتتىن سەكرەپ چۈشتى.<br>② دېھقان تاغام كۆزلىرىنى يەلپۈنۈپ تۇرغان سارغۇچ بۇغدايلارغا تىكىپ، نېمىلەرنىدۇر خىيال قىلماقتا ئىدى. |

| | | |
|---|---|---|
| ئاشۇرما دەرىجە | شەيئىلەرنىڭ بەلگە، خۇسۇسىيەتلىرىنى ئادەتتىكىدىن ئاشۇرۇپ كۆرسىتىدىغان سۈپەت دەرىجىسى كۆزدە تۇتۇلىدۇ.<br>ئاشۇرما دەرىجىدىكى سۈپەتلەر:<br>1. رەڭ، تۈسنى بىلدۈرىدىغان تۈپ سۈپەتنىڭ بىرىنچى بوغۇمىنى تەشكىل قىلغان سوزۇق تاۋۇشقا «پ» تاۋۇشنى قوشۇپ، ئاندىن ئۇ سۈپەتنى تولۇق ئېيتىش يولى بىلەن ياسىلىدۇ.<br>2. ئەسلىي دەرىجىدىكى تۈپ سۈپەتلەرنىڭ ئالدىغا «ئەڭ، تېخىمۇ، ناھايىتى، خويمۇ…» قاتارلىق كۈچەيتىش رەۋىشلىرىنى قوشۇش ئارقىلىق ياسىلىدۇ.<br>3. سۈپەتنىڭ ئىككى قېتىم تەكرارلىنىپ ئېيتىلىشى ئارقىلىقمۇ ياسىلىدۇ. | ① ئېرىقتا سۈپسۈزۈك سۇلار شىرىلداپ ئاقماقتا.<br>② پىشايۋاننىڭ تۈۋرۈكلىرىنىڭ ھەممىسى توق قىزىل سىردا سىرلانغانىدى.<br>③ قارا ـ قارا قاشلىرىڭغا قاتساڭچۇ مېنى، قاراقاشنىڭ بازىرىدا ساتساڭچۇ مېنى.<br>④ سادىر پالۋان ئاجايىپ ئەقىللىق، ئىنتايىن كۈچلۈك ئادەم ئىدى. |
| سېلىشتۇرما دەرىجە | شەيئىلەرنىڭ خۇسۇسىيىتىنى ئۆزئارا سېلىشتۇرۇپ، بىرىنى ئىككىنچىسىدىن ئاشۇرۇپ ياكى كېمەيتىپ كۆرسىتىدىغان سۈپەت شەكلى كۆزدە تۇتۇلىدۇ.<br>سېلىشتۇرما دەرىجە ئەسلىي دەرىجىدىكى سۈپەتلەرنىڭ ئاخىرىغا «-راق، - رەك» قوشۇمچىلىرىنى ئۇلاش ئارقىلىق ياسىلىدۇ. | ئاق — ئاقراق<br>چوڭ — چوڭراق<br>تولۇق — تولۇقراق<br>كەڭ — كەڭرەك<br>① شاپتۇل ئۆرۈكتىن يوغانراق بولىدۇ.<br>② قەشقەر خوتەندىن قەدىمرەك شەھەر |

www.uyghurkitap.com

| | | |
|---|---|---|
| ئەركىلەتمە دەرىجە | شەيئىلەرنىڭ بەلگە، خۇسۇسىيەتىنى سۆزلىگۈچىنىڭ ئامراقلىق ھېسسىياتى بىلەن كۆرسەتكەنلىكىنى بىلدۈرىدىغان سۈپەت دەرىجىسى كۆزدە تۇتۇلىدۇ. سۈپەتنىڭ ئەركىلەتمە دەرىجىسى ئەسلىي دەرىجىدىكى سۈپەتلەرنىڭ ئاخىرىغا «-غىنا، -قىنا، -گىنە، -كىنە» قوشۇمچىلىرىنىڭ قوشۇلۇشى ئارقىلىق ياسىلىدۇ. | ① ئۆزۈك كىچىككىنە بولغىنىڭ بىلەن غەيرىتىڭ چوڭ ئىكەن. ② ئۇلار ئاددىيغىنا سەرەمجانلاشتۇرۇلغان ئۆيدە ياشاپ بەش بالىنى قاتارغا قوشتى. ③ بۆشۈكتىكى بوۋاق ئاتلىققىنا ئۇخلاپ كېتىپتۇ. |

# رەۋىش ۋە ئۇنىڭ تۈرلىرى

## رەۋىش

پېئىل ۋە سۈپەتنىڭ تۈرلۈك خۇسۇسىيەتلىرىنى بىلدۈرۈپ كېلىدىغان سۆز تۈركۈمى رەۋىش دەپ ئاتىلىدۇ. رەۋىشلەر «قانداق؟ قانداق قىلىپ؟ قانداقچە؟ قاچان؟ قاچاندىن بېرى؟ قاچانغىچە؟ قەيەردە؟» دېگەنگە ئوخشاش سوئاللارغا جاۋاب بولۇپ كېلىدۇ. مەسىلەن: تېز يۈگۈرمەك (قانداق؟)، دوستلارچە كۈتۈۋالماق (قانداقچە؟)، كەچ قايتماق (قاچان؟)، يۇقىرىدا ئولتۇرۇش (قەيەردە؟) قاتارلىقلار.

## رەۋىشلەرنىڭ تۈزۈلۈش جەھەتتىن بۆلۈنۈشى

| تۈرى | مەزمۇنى | مىساللار |
|---|---|---|
| تۈپ رەۋىش | بىرلا تومۇردىن تۈزۈلگەن رەۋىشلەر كۆزدە تۇتۇلىدۇ. بۇ رەۋىشلەر ئايرىم مورفېمىلارغا بۆلۈنمەيدۇ. | ئەڭ، بەك، ئىنتايىن، چاپسان، كۆپ، ھازىر، ئەتە، ھېلى، بۇرۇن، يۇقىرى، سەل، ھامان، دەرھال، نېرى، بېرى، كېيىن قاتارلىقلار. |

www.uyghurkitap.com

| | | |
|---|---|---|
| قوشما رەۋىش | بەلگىلىك تەرتىپتە كەلگەن جۈپ سۆزلەردىن ياكى ئىككى ۋە ئۈنىڭدىن ئارتۇق سۆزنىڭ بەلگىلىك تەرتىپتە قاتارلىشىپ كېلىشىدىن تۈزۈلگەن رەۋىشلەر كۆزدە تۇتۇلىدۇ . | ئالمان ـ تالمان ، ئۇپۇل ـ تۇپۇل ، سەل ـ پەل ، يۇقىرى ـ تۆۋەن ، بىردەمدە ، شۇ يەردە ، چاققانلىق بىلەن ، مۇقەررەر ھالدا ،كۆزنى يۇمۇپ ئاچقىچە ، پۇت ـ قولى يەرگە تەگمەي… |
| ياسالما رەۋىش | تۈپ سۆزلەرگە تۈرلۈك سۆز ياسىغۇچى قوشۇمچىلارنىڭ ئۇلىنىشى بىلەن ياسالغان رەۋىشلەر كۆزدە تۇتۇلىدۇ . رەۋىش ياسىغۇچى قوشۇمچىلار ئاساسەن : «ـچە ، ـ چىسىغا ، ـ چىلىك ، ـ چىلاپ ، ـ سىرى ، ـ غىچە ، ـ تەك ، ـلاپ، ـلەپ، ـلەي ، ـ ئەن ، ـ ئانە… » قاتارلىقلار . | خالىغانچە ، ئۆيغۇرچە ، كونىچىسىغا ، بۇگۈنكىچىلىك ، تۇلۇمچىلاپ ، ھېلىغىچە ، تاۋاتتەك ، كېچىلەپ ، شەخسەن ، دوستانە ، قەستەن … قاتارلىقلار |

## رەۋىشلەرنىڭ مەنە جەھەتتىن بۆلۈنۈشى

| تۈرى | مەزمۇنى | مىساللار |
|---|---|---|
| ھالەت رەۋىشلىرى | ئىش ـ ھەرىكەتنىڭ تۈرلۈك ھالىتىنى بىلدۈرىدىغان رەۋىشلەر كۆزدە تۇتۇلىدۇ . «قانداق ؟ قانداق قىلىپ ؟ قانداق ھالدا ؟ قىمدەك ؟ نېمىدەك » دېگەن سوئاللارغا جاۋاب بولۇپ كېلىدۇ . | تېز ، چاپسان ، مەردانە ، بىردەك ، بىرلىكتە ، ئۇچقاندەك ، پائال ، قولمۇقول ، ۋاللىدە ، گۇپپىدە ، تىغمۇتىغ ، يۈزمۇيۈز ، قاتلاممۇقاتلام … |

| | | |
|---|---|---|
| ئورۇن رەۋىشلىرى | ئىش - ھەرىكەتنىڭ ئورنىنى بىلدۈرۈپ كېلىدىغان رەۋىشلەر كۆزدە تۇتۇلىدۇ . «قەيەر ؟ قەيەردە ؟ قەيەرگە ؟ نەگە ؟ قەيەردىن ؟ » دېگەنگە ئوخشاش سوئاللارغا جاۋاب بولۇپ كېلىدۇ . | نېرى ، ئالدى ، سىرت ، كەينى ، يۇقىرى ، تۆۋەن ، ئىچكىرى ، تاشقىرى ، ھەرتەرەپتە ، شۇ يەردە ، پەستە ، تەرەپ - تەرەپتىن ... |
| ۋاقىت رەۋىشلىرى | ئىش - ھەرىكەتنىڭ ئورۇنلىنىش ۋاقتىنى بىلدۈرۈپ كېلىدىغان رەۋىشلەر كۆزدە تۇتۇلىدۇ . «قاچان ؟ قاچاندىن بېرى ؟ قاچانغىچە ؟ » دېگەنگە ئوخشاش سوئاللارغا جاۋاب بولۇپ كېلىدۇ . | ھازىر ، ھېلى ، بۇرۇن ، كېيىن ، دەرھال ، يازىچە ، مەڭگۈ ، ھەمىشە ، ئەبەدى ، بەزىدە ، ئەمدى ، ئاۋۋال ، ئاخشام ، گاھىدا ... |
| دەرىجە رەۋىشلىرى | شەيئىلەر ھەرىكىتىنىڭ ۋە شەيئىلەر سۈپىتىنىڭ دەرىجىسىنى بىلدۈرۈپ كېلىدىغان رەۋىشلەر كۆزدە تۇتۇلىدۇ . «قانداق ؟ قانچە ؟ قانچىدىن ؟ » دېگەن سوئاللارغا جاۋاب بولۇپ كېلىدۇ . | ئەڭ ، بەك ، زەپ ، ناھايىتى ، ھېسابسىز ، تولا ، تازا ، خويمۇ ، مۇنچىۋالا ، تالاي ، ئاز ، سەل ، ئاران ، سەل - پەل ، قىلچىلىك ، ئانچە - مۇنچە ... |
| سەۋەب - مەقسەت رەۋىشلىرى | شەيئىلەر ھەرىكىتىنىڭ سەۋەبى ، مەقسىتىنى بىلدۈرىدىغان رەۋىشلەر كۆزدە تۇتۇلىدۇ . «نېمە ئۈچۈن ؟ نېمە سەۋەبتىن ؟ نېمە مەقسەت بىلەن ؟ » دېگەن سوئاللارغا جاۋاب بولۇپ كېلىدۇ . | ئەتەي ، قەستەن ، ئامالسىزلىقتىن ، بىكاردىن - بىكار ، دۈشمەنلىك بىلەن ، ئاتايىن ، بىلەلمىگەنلىكتىن ، ياخشى بولسۇن دەپ ، ئېھتىياتسىزلىقتىن ، ئۆگشىلىپ قالارمىكىن دەپ ، مەقسەتلىك ھالدا ، ھېچ گەپتىن - ھېچ گەپ يوق... |

# جۈملىدىكى سۆزلەرنىڭ باغلىنىشى

| تۈرى | مەزمۇنى | مىساللار |
|---|---|---|
| تەڭداش باغلىنىش | جۈملىدە ئوخشاش ۋەزىپىدە كەلگەن سۆز ياكى سۆز بىرىكمىلىرىنىڭ باغلىنىغۇچىلار ئارقىلىق ياكى باغلىنىغۇچىلارسىز باغلىنىپ كېلىشى كۆزدە تۇتۇلىدۇ. ئۇلارنىڭ جۈملىدىكى رولى تەڭ بولىدۇ، بىر سۆز تۈركۈمىگە تەۋە بولىدۇ. | ① تىل ئۆگەنگەندە كۆپ ئوقۇش، كۆپ يېزىش، كۆپ ئاڭلاش، كۆپ سۆزلەش كېرەك. ② خوتەن، قەشقەر، تۇرپان قاتارلىق جايلاردا مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى كۆپ. |
| بېقىندى باغلىنىش | جۈملىدىكى بىر سۆزنىڭ ئىككىنچى بىر سۆزگە بېقىنىپ كېلىشىدىن ھاسىل بولغان سۆزلەرنىڭ باغلىنىشى كۆزدە تۇتۇلىدۇ. جۈملىدىكى سۆزلەر بېقىندى باغلىنىشتا كەلگەندە ھاسىل بولغان قۇرۇلمىلاردىكى تەركىبلەر بىر ـ بىرىنى ئېنىقلاپ، تولدۇرۇپ كەلگەنلىكى ئۈچۈن، ئۇلارنىڭ بىرى باش سۆز، يەنە بىرى بېقىندى سۆز ھالىتىدە بولىدۇ. | ① ئۇنىڭ سۆزى ھەممىمىزنى قاتتىق كۈلدۈرۈۋەتتى. «ئۇنىڭ سۆزى»، «سۆزى كۈلدۈرۈۋەتتى»، «ھەممىمىزنى كۈلدۈرۈۋەتتى»، «قاتتىق كۈلدۈرۈۋەتتى» ② گەپ ئېغىزدا ياخشى، كاۋاپ زىختا ياخشى. |



ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

# بېقىندى باغلىنىشتىكى سۆزلەرنىڭ مۇناسىۋەتلىرى

| تۈرى | مەزمۇنى | مىساللار |
|---|---|---|
| ئىگە - خەۋەر مۇناسىۋىتى | جۈملىنىڭ ئىگىسى بىلەن خەۋىرى ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەت كۆزدە تۇتۇلىدۇ ؛ ئىگە خەۋەرگە بېقىنىدۇ ، ئىگە بىلەن خەۋەر شەخس ھەم سان جەھەتتىن بىر - بىرىگە ماسلىشىدۇ . | ① ئۇ ياپونىيىدە ئوقۇغان . ② بىز كەلگۈسىنىڭ خوجايىنلىرى . ③ كىتاب قەلبنى پاكلايدۇ . |
| چىرمىشىش مۇناسىۋىتى | جۈملىنىڭ ئىگىلىك كېلىشتىكى ئېنىقلىغۇچىسى بىلەن ئېنىقلانغۇچىسى ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەت كۆزدە تۇتۇلىدۇ . بەزى ھاللاردا ئېنىقلىغۇچى سۆزگە ئۇلىنىدىغان ئىگىلىك كېلىش قوشۇمچىسى «نىڭ» چۈشۈپ قېلىشى مۇمكىن . | ① يوللارنىڭ قاسناقلىرىغا ، گۈللۈكلەرنىڭ ئوتتۇرىسىغا ، كۆركەم بىنالارنىڭ ھەيۋەتلىك سۇپىلىرىغا تىكىلگەن ئارچىلار قىش - ياز ياشىرىپ تۇرىدىغان ياپراقلىرى بىلەن گۈزەل . ② خوتەن گىلىمى دۇنياغا داڭلىق . |
| باشقۇرۇش مۇناسىۋىتى | چۈشۈم كېلىش ، يۆنىلىش كېلىش ، چىقىش كېلىش ۋە ئورۇن كېلىش قوشۇمچىلىرى بىلەن تۈرلىنىپ كەلگەن سۆزلەرنىڭ جۈملىدىكى خەۋەر بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى كۆزدە تۇتۇلىدۇ . بەزى ھاللاردا بېقىنغۇچى سۆزگە ئۇلىنىدىغان چۈشۈم كېلىش قوشۇمچىسى «نى» چۈشۈپ قېلىشى مۇمكىن . | ① ئەرگە بىر تۆۋەت ، يەرگە بىر تۆۋەت . ② ئاتتىن ئېگىز ، ئىتتىن پەس (تېپىشماق) . ③ مۇئەللىم بىلەن ئىمتىھان توغرۇلۇق سۆزلەشتۇق . ④ ئۇ دادىسىغا ئايدا بىر قېتىم خەت يازىدۇ . |
| يانداشىش مۇناسىۋىتى | جۈملىدىكى بېقىنغۇچى سۆزنىڭ بېقىندۇرغۇچى سۆزگە شۇ تىل شارائىتىدىكى ئورۇن ، تەرتىپ بويىچە باغلىنىپ كېلىشى كۆزدە تۇتۇلىدۇ . | كۆك ئاسمان ، ياغاچ قوشۇق ، قىزىلگۈل ، سوغۇق شامال ، يۈگۈرۈك ئات ، ئاراقىدە قىلغان ئاۋاز ، ئىككى پارچە سۈرەت ... |

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

# جۈملە بۆلەكلىرى

| تۈرى | | مەزمۇنى | مىساللار |
|---|---|---|---|
| باش بۆلەكلەر | ئىگە | جۈملىدە بايان قىلىنغان ئىش-ھەرىكەت ياكى شەيئى ۋە خۇسۇسىيەتنىڭ كىم ۋە نېمىگە باغلىق ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىدىغان باش بۆلەك كۆزدە تۇتۇلىدۇ. | 1 . يازغۇچى زوردۇن سابىر «ئانا يۇرت» رومانىدا ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى دەۋرىنى ئارقا كۆرۈنۈش قىلغان . 2 . چوققىلار بۇلۇتلارغا تۇتاشقان ، بۇلۇتلار چەكسىز ئاسمانغا باغلانغان . |
| | خەۋەر | جۈملىدىكى ئىگىنىڭ ئىش - ھەرىكىتىنى ، كىم ۋە نېمە ئىكەنلىكىنى ، قانچە ۋە قانداقلىقىنى ئىپادىلەپ ، شۇ جۈملىدە بايان قىلىنغان ئوي - پىكىرنىڭ ئاياغلاشقانلىقىنى بىلدۈرىدىغان باش بۆلەك كۆزدە تۇتۇلىدۇ. | 1 . پاكار ئۆيلەر باغلارنىڭ سوقما تاملىق قورۇقلىرى ئارقىلىق بىر - بىرىگە تۇتۇشۇپ تۇرىدۇ . 2 . قايماقلىق ئەتكەنچاي ، ئاق نان بۇ يەرنىڭ ئېسىل تامىقى . 3 . شىنجاڭنىڭ يەر مەيدانى 1 مىليون 600 مىڭ كۋادرات كىلومېتىر . |

| | | | |
|---|---|---|---|
| ئەگەشمە بۆلەكلەر | ئېنىقلىغۇچى | جۈملىدە ئىسىم ۋە ئىسىم رولىدىكى سۆزلەرگە بېقىنىپ، ئۇلارنىڭ تۈرلۈك ئالاھىدىلىكلىرىنى ئېنىقلاپ كۆرسىتىدىغان ئەگەشمە بۆلەك كۆزدە تۇتۇلىدۇ. | 1. ئالىم مەھمۇد قەشقەرىنىڭ «تۈركىي تىللار دىۋانى» ناملىق ئەسىرى قاراخانىيلار دەۋرىدە يېزىلغان. 2. ئۇنىڭ سەدەپتەك ئاپئاق، ئۇششاق چىشلىرى لەۋلىرى ئارىسىدىن كۆرۈنۈپ تۇراتتى. |
| | تولدۇرغۇچى | جۈملىدە پېئىل ۋە پېئىل بىرىكمىلىرىگە بېقىنىپ، پېئىل ئىپادىلىگەن ھەرىكەتنى ئۆز ئۈستىگە ئالغۇچى شەيئىنى بىلدۈرىدىغان ئەگەشمە بۆلەك كۆزدە تۇتۇلىدۇ. | ① تاگور 20 يېشىدا تۇنجى شېئىرلار توپلىمىنى نەشر قىلدۇرغانىكەن. ② بىز بۈگۈن ماقالە يېزىش مۇسابىقىسى ئېلىپ باردۇق. |
| | ھالەت | جۈملىدە پېئىل ياكى پېئىل خاراكتېرلىك بىرىكمىلەرگە بېقىنىپ كېلىپ، خەۋەردە ئىپادىلەنگەن ئىش - ھەرىكەتنىڭ ۋاقتى، ھالىتى، ئورنى، سەۋەبى، مەقسىتى، يۆنىلىشى، ۋاستىسى، دەرىجىسى، سان - مىقدارى قاتارلىقلارنى ئىپادىلەيدىغان ئەگەشمە بۆلەك كۆزدە تۇتۇلىدۇ. | ① رەيھانگۈل ئۆگىنىشتە ھەممىنىڭ ئالدىدا ماڭىدۇ. ② دادام قولۇمنى چىڭ سىقتى. ③ مەن قىچقارغانلىقىڭلار ئۈچۈن كەلگەن. ④ ئۇ ئالاقىلەشكىلى كەتتى. ⑤ سەن ھەر كۈنى سەھەردە ئورنۇڭدىن تۇرۇشقا ئادەتلەن. |

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

# جۈملىنىڭ تەكىتلەش بۆلەكلىرى

جۈملىدە بىر - بىرىگە بېقىنمايدىغان ئوخشاش سىنتاكسىسلىق ۋەزىپىدە كەلگەن بۆلەكلەر كۆزدە تۇتۇلىدۇ . مەسىلەن :

① ئابدۇخالىق ئۇيغۇر ، لۇتپۇللا مۇتەللىپ ، مەمتىلى ئەپەندى نىمشېھىت قاتارلىقلار ئۇيغۇر ھازىرقى زامان ئەدەبىياتىنىڭ ۋەكىللىرىدۇر . (تەكىتلەش ئىگە)

② ئىنسان پائالىيىتىدىكى ئۈچ چوڭ ئامىل — شىجائەت ، مېھنەت ۋە مۇۋەپپەقىيەتتۇر .

③ مەن ھېيتتا مۇئەللىمىنىڭ ، تاغامنىڭ ، ھاممامنىڭ ئۆيلىرىگە پەتىگە باردىم . (تەكىتلەش ئىنىقلىغۇچى)

④ بىز تىل - ئەدەبىيات دەرسى ئارقىلىق ئوقۇشنى ، يېزىشنى ، سۆزلەشنى ۋە تەھلىل قىلىشنى ئۆگىنىۋېلىشىمىز كېرەك . (تەكىتلەش تولدۇرغۇچى)

⑤ ھويلىلاردا ، كوچىلاردا ، ئۆگزىلەردە ، تام تۈۋلىرىدە ئۇششاق بالىلار ، قېرى مويسىپىت بوۋايلار ··· ئاپتاپقا قاقلىنىشىپ ئولتۇرۇشىدۇ . (تەكىتلەش ھالەت)

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

# ئاددىي جۈملىلەرنىڭ تۈزۈلۈشىگە ئاساسەن بۆلۈنۈشى

| تۈرى | مەزمۇنى | مىساللار |
|---|---|---|
| يىغىق ئاددىي جۈملە | باش بۆلەكلەردىنلا تۈزۈلگەن ئاددىي جۈملە كۆزدە تۇتۇلىدۇ. | ① مەكتەپ بىلىم بۇلىقى. ② ئوقۇغۇچىلار يىغىلىپ بولدى. |
| يېيىق ئاددىي جۈملە | تەركىبىدە باش بۆلەكمۇ، ئەگەشمە بۆلەكمۇ بولغان ئاددىي جۈملە كۆزدە تۇتۇلىدۇ. | ① دادام قۇربانلىق قوينى بىردەمدىلا سويۇپ بولدى. ② مەتنىيازنىڭ ئېيتىپ تۈگەتكۈسىز يەنە بىر خۇشاللىقى بار. |
| ئىگىلىك ئاددىي جۈملە | ئىگىسى بار ياكى ئىگىسى ئېنىق ئېيتىلمىسىمۇ خەۋەردىن ئېپادىلىنىپ تۇرىدىغان ئاددىي جۈملە كۆزدە تۇتۇلىدۇ. | ① تۇرمۇش لەززىتىنى ھالال ئەمگەكتىن ئىزدىمىگەن ئادەم ئاچ كۆز چاشقانغا ئوخشايدۇ. ② تىل ئۆگىنىشكە ئەھمىيەت بېرىڭ. |
| ئىگىسىز ئاددىي جۈملە | گرامماتىكىلىق ئىگىسى يوق ئاددىي جۈملە كۆزدە تۇتۇلىدۇ. | ① ئۇنىڭ گېپىنى چۈشەنگىلى بولمىدى. ② سىزگە ئارىيەت بېرىشكە بولىدۇ. |

| | | |
|---|---|---|
| تولۇق ئاددىي جۈملە | شۇ جۈملىگە مۇناسىۋەتلىك بۆلەكلىرى تولۇق ئېيتىلغان ئاددىي جۈملە كۆزدە تۇتۇلىدۇ. | ① چېچەكلىگەن ئۆرۈك شاخلىرىدا قۇشقاچلار نىمىلەرنىدۇ دورايتتى. ② يۇرتۇمنىڭ گۈزەل باغلىرىنى ياخشى كۆرىمەن. |
| تولۇقسىز ئاددىي جۈملە | شۇ جۈملىگە مۇناسىۋەتلىك بۆلەكلىرى تولۇق ئېيتىلمىغان ئاددىي جۈملە كۆزدە تۇتۇلىدۇ. تولۇقسىز ئاددىي جۈملىلەر بەدىئىي ئەسەرلەردە، ئېغىز تىلى ۋە يېزىق تىلىمىزدىكى دىئالوگلاردا كۆپ قوللىنىلىدۇ. | ① كېچە، ئەتراپ جىمجىت. مەھەللىنىڭ چېتىدىكى قاپاقتېرەك تۈۋىدە ئىككىيلەن مۈكچىيىپ ئولتۇراتتى. ② — قورسىقىڭ ئاچتىمۇ؟ — دەپ سوراپتۇ قاسساپ. — ھەئە، ئاچتى، — دەپ جاۋاب بەردى بالا. ③ — بىلىكى چوڭ بىرنى يېڭەر، بىلىمى چوڭ مىڭنى. |

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

# قوشۇمچە I

## خەت ـ چەكلەردىن كۆرسەتمە

### ئاددىي يىغىن خاتىرىسى

### 9 ـ يىللىق 1 ـ سىنىپنىڭ سىنىپ ھەيئەتلىرى يىغىن خاتىرىسى

ۋاقتى: 2004 ـ يىل 9 ـ ئاينىڭ 25 ـ كۈنى

ئورنى: مەكتەپ 9 ـ يىللىق 1 ـ سىنىپ دەرسخانىسى

يىغىنغا قاتناشقۇچىلار: ئابدۇشۈكۈر، رىزۋانگۈل، شەۋكەت، نىگارە، ئابلاجان، مەرھابا

يىغىن باشقۇرغۇچى: ئابدۇشۈكۈر

يىغىن خاتىرىلىگۈچى: مەرھابا

مەزمۇنى: سىنىپىمىزنىڭ مەكتەپ بويىچە ئۆتكۈزۈلىدىغان كۈزلۈك يېنىك ئاتلېتىكا مۇسابىقىسىگە قاتنىشىدىغان تەييارلىق خىزمىتىگە دائىر ئىشلارنى مۇزاكىرە قىلىش.

ئابدۇشۈكۈر: مەكتىپىمىزدە يېقىندا كۈزلۈك يېنىك ئاتلېتىكا مۇسابىقىسى ئۆتكۈزۈلمەكچى. سىنىپىمىزدىن كۈزلۈك يېنىك ئاتلېتىكا مۇسابىقىسىگە قاتنىشىدىغان تەنھەرىكەتچىلەرنى تىزىملاش، مەشىققە تەشكىللەش، شۇنداقلا مۇسابىقە جەريانىدىكى تەشۋىقات، ئارقا سەپ مۇلازىمىتى قاتارلىق ئىشلارنى مۇزاكىرە قىلىش مەقسىتىدە

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

بۇگۈنكى يىغىننى چاقىردۇق .
رىزۋانگۈل : (قىسقارتىلدى )
شەۋكەت : (قىسقارتىلدى )
نىگارە : (قىسقارتىلدى )
ئابلاجان : (قىسقارتىلدى )
قارار :

1 . سىنىپ باشلىقى ئابدۇشۈكۈر مەكتەپ كۆزلۈك يېنىك ئاتلېتىكا مۇسابىقىسىگە قاتنىشىش سەپەرۋەرلىك سۆزى قىلىدۇ .

2 . تىزىملىتىش ۋە مەشىققە تەشكىللەش ئىشلىرىغا تەنتەربىيە ھەيئىتى شەۋكەت مەسئۇل بولىدۇ . ئۆگىنىش ھەيئىتى رىزۋانگۈل ياردەملىشىدۇ .

3 . يېنىك ئاتلېتىكا مۇسابىقىسى جەريانىدىكى تەشۋىقات ئىشلىرىغا تەشۋىقات ھەيئىتى نىگارە مەسئۇل بولىدۇ ؛ تەنھەرىكەتچىلەرنىڭ ئارقا سەپ ئىشلىرىنى تۇرمۇش ھەيئىتى ئابلاجان بىلەن گۈزەل سەنئەت ھەيئىتى مەرھابا بىرلىكتە ئورۇنلاشتۇرىدۇ . يىغىن تۈگىدى .

يىغىن رىياسەتچىسى : (ئىمزا)
خاتىرە يازغۇچى : (ئىمزا)

يىغىن خاتىرىسى ئىككى قىسىمغا ئايرىلىپ يېزىلىدۇ . بىرىنچى قىسىمغا *يىغىن نامى ، يىغىننى تەشكىللەش ئەھۋالى خاتىرىلىنىدۇ . يەنى ، ئۇنىڭغا يىغىن نامى ، يىغىن ئېچىلغان ۋاقىت (يىل ، ئاي ، كۈن ) ، يىغىنغا قاتناشقۇچىلار ، يىغىنغا رىياسەتچىلىك قىلغۇچى ، خاتىرىلىگۈچى قاتارلىقلار يېزىلىدۇ . ئىككىنچى قىسىمغا يىغىن مەزمۇنى يېزىلىدۇ . بۇ قىسىمغا يىغىن رىياسەتچىسىنىڭ سۆزى ، يىغىن دوكلاتى ، قانداق ئىشلارنىڭ يەتكۈزۈلگەنلىكى ، قانداق مەسىلىنىڭ مۇزاكىرە قىلىنغانلىقى ، قانداق قارار چىقىرىلغانلىقى قاتارلىق ئەھۋاللار يېزىلىدۇ . بۇ مەزمۇنلارنى خاتىرىلەشتە قىسقىچە خاتىرىلەش*

*ۋە تەپسىلىي خاتىرىلەشتىن ئىبارەت ئىككى خىل ئۇسۇلنى قوللىنىشقا بولىدۇ . يىغىن ئاياغلاشقاندىن كېيىن يىغىن رىياسەتچىسى ۋە خاتىردىلىگۈچىلەر ئىمزا قويىدۇ .*

## ئاددىي تەكشۈرۈش دوكلاتى

# ئانا دەريا — تارىم سۈيىنىڭ ئازىيىپ كېتىش ئەھۋالىنى تەكشۈرۈش دوكلاتى[1]

خالىدە ئىسرائىل

تەكلىماكان قۇملۇقىنى كېسىپ ئۆتىدىغان ئەڭ چوڭ دەريا — تارىم دەرياسىنىڭ ئەھمىيىتى يالغۇز «هالاكەت دېڭىزى»دىكى هاياتلىق مەنبەسى ۋە يۇكسەك قەدىمكي مەدەنىيەتنىڭ بۆشۈكى بولغانلىقىدىلا ئەمەس . ئۇ ، 330 مىڭ كۋادرات كىلومېتىر كېلىدىغان ، دۇنيا بويىچە 2 - ئورۇندا تۇرىدىغان بۇ زور كۆچمە قۇملۇق باغرىغا سىڭىپ ، ئۆركەشلەپ تۇرغان بىپايان ھەم رەھىمسىز قۇم بارخانلىرىنى يۇگەنلەپ ، قۇملۇق ئاتموسفېراسىنى تەڭشەپ ، شۇ ئارقىلىق شىنجاڭ ، ئاسىيا ھەتتا پۈتكۈل يەر شارى مۇھىتىنى قوغداۋاتقان پىداكار قەھرىمان بولغانلىقىدا . ئۇ ھەرگىزمۇ كىملەردۇر ئېيتقاندەك : «مەغلۇپ بولغان قەھرىمان» ، «يېرىم يولدا توختاپ قالغان پىداكار» ئەمەس . ئۇ گويا خالىس ھەم مېھرىبان ئانا ، قۇملۇق باغرىدىكى بارچە ھاياتلىقنىڭ ئانىسى ، ئەگەر تارىم دەرياسى بولمىسا ، يېرىم يولدا قۇملۇققا سىڭىپ كېتىدىغان باشقا نۇرغۇن ئېقىنلار بولمىسا تەكلىماكان قۇملۇقى پانىي ئالەمدىكى لاۋۇلداپ تۇرغان دوزاخقا ، يەر شارى

[1] «شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلىنىڭ 2001 - يىللىق 3 - سانىدا ئېلان قىلىنغان «ئانا دەريانى ئىزدەپ» ناملىق ئەدەبىي خاتىرىدىن قىسقارتىپ ئېلىندى .

ۋە ئىنسانىيەتكە تەھدىت سالىدىغان خەتەرلىك كۆمەكچاپقا ئايلانغان بولاتتى .

تارىم دەرياسى ، 1968 ـ يىلىدىن تارتىپلا تېز سۈرئەتتە قىسقى-راشقا باشلىغانىدى . ئۇنىڭ ئاخىرقى نۇقتىسى لوپنۇر كۆلىدىن قارا-قوشۇن كۆلىگە ، ئاندىن قارا بوران كۆلىگە ، كېيىن تېتىما كۆلىگە قىسقارغان ، ئاخىرىدا داشكۆل سۇ ئامبىرىمۇ قۇرۇپ كېتىش خەۋپىگە دۇچ كەلگەن . بۇنىڭ بىلەن دەريانىڭ ئومۇمىي ئۇزۇنلۇقى ئەسلىدىكى 1231 كىلومېتىردىن 998 كىلومېتىرغا چۈشۈپ قالغان . تارىم دەريا-سىنىڭ تۆۋەن ئېقىمى ئۈزۈلگەن ، دەريا قىنى ۋە كۆللەر قۇرۇ-غان ، يېشىللىق خارابىلاشقان ، دېھقان ، چارۋىچىلارنىڭ ئۆيلىرى قۇم ئاستىدا قالغان . يەر ئاستى سۇ ئورنى 1950 ـ يىللاردىكى 3 — 5 مېتىردىن 1980 ـ يىللاردا 13 — 16 مېتىرغا ، 1990 ـ يىللاردا 16 — 19 مېتىرغا چۈشۈپ قالغان . توغراقلىق كۆلىمى 5 مىليون 100 مىڭ مودىن 1975 ـ يىلى 2 مىليون موغا چۈشۈپ قالغان ، ساقلىنىپ قالغان يەرلەردىكى توغراقلارنىڭمۇ 80% ى قۇرۇپ كېتى-ۋاتقان چوڭ ياشلىق ، شالاڭ توغراقلىق . تارىم دەرياسىنىڭ تۆۋەن ئېقىنىدا 1950 ـ يىللاردىكى توغراقلىق كۆلىمى 810 مىڭ مو بولسا ، 1995 ـ يىلى 110 مىڭ مو قالغان . ئۆتمۈشتىكى كەڭ كەتكەن قومۇشلۇق ، سازلىق ، يۇلغۇنلۇقلار يوقىلىپ ، يېپىنچا ئۆسۈملۈك بەلۋىغى 1950 ـ يىللاردىكى 5 — 10 كىلومېتىردىن 2 — 5 كىلومېتىرغا چۈشۈپ قالغان . كورلا — چاقىلىق تاشيولى قۇم ئاستى-دا قېلىش خەۋپىگە دۇچ كەلگەن . قۇرۇقتاغ قۇملۇقى 3 — 5 كىلومېتىر سۈرئەت بىلەن غەربكە ئىلگىرىلەپ بوستانلىقنى يالمىسا ، تەكلىماكان قۇملۇقىمۇ شەرققە كېڭىيىپ ، تارىم دەرياسىنىڭ تۆۋەن ئېقىمى خەۋپكە دۇچ كېلىپلا قالماي ، يۇقىرى تەرەپتىكى بەش ئىشلەپ-چىقىرىش ـ قۇرۇلۇش تۇەن ـ مەيدانىمۇ قاتتىق سىناققا دۇچ كەل-گەن . بىر قىسىم تۇەن ـ مەيدانلارنىڭ تېرىلغۇ يەرلىرى ، ئىشچى-

خىزمەتچىلەرنىڭ ئۆيلىرى قۇم ئاستىدا قېلىپ ، كىشىلەر ئالاقزادىلىك ئىچىدە قالغان ، بەزىلەر ماكانلىرىنى تاشلاپ كېتىشكەن ...

1999 ـ يىلى ئىيۇندا تارىم دەرياسى ئوتتۇرا ئېقىم سۈيىنىڭ مىنېراللىشىش دەرىجىسى 10.6 گرام/لىتىرغا يېتىپ ، ئىشلىتىدىغان سۇنىڭ دۆلەت بەلگىلىگەن مىنېراللىشىش ئۆلچىمىدىن ئون ھەسسە ئېشىپ كەتكەن . شورلىشىش دەرىجىسى ئېغىر رايونلارنىڭ سۇغىرىشقا ئىشلىتىدىغان سۈيىنىڭ مىنېراللىشىش دەرىجىسىمۇ دۆلەت بەلگىلىگەن ئۆلچەمدىن بەش ھەسسە ئېشىپ كەتكەن .

يەنە مۇناسىۋەتلىك ماتېرىياللاردا ئېيتىلىشىچە ، تارىم دەرياسىدىكى زەيكەش سۈيىنىڭ كۆپ قىسمى يۇقىرى ئېقىمدىن : ئاۋات ـ قۇمقۇدۇق (ساجىنزى ) سۇغىرىش رايونىدىن ، ئۆگەن دەرياسى سۇغىرىش رايونى ۋە ئاقسۇ دەرياسى سۇغىرىش رايونىدىن قويۇپ بېرىلىدىكەن . ئۇنىڭ ئىچىدە ئارال سۇغىرىش رايونىدىن قويۇپ بېرىلىدىغان زەيكەش سۈيى ئەڭ كۆپ بولۇپ ، بىۋاستە تارىم دەرياسىغا قويۇپ بېرىلىدىكەن . بۇ تۆت رايوننىڭ نەچچە مىليون مو ئېتىزلىقىدىن قويۇپ بېرىلگەن نەچچە يۈز مىليون كۇب مېتىر زەي سۇ تارىم دەرياسىنىڭ سۈيىنى ئېغىر دەرىجىدە بۇلغىغان . تارىم ۋادىسىدا يەر ئۈستى سۈيىلا ئەمەس ، يەر ئاستى سۈيىمۇ ئېغىر دەرىجىدە مىنېراللىشىپ كەتكەن .

لوپنۇرلۇق بىر چارۋىچى ئېيتقاندەك ، تارىم دەرياسى دۇنيا بويىچە سۈيى ئەڭ تاتلىق دەريالارنىڭ بىرى ئىدى . بىرنەچچە يۈز يىل ئىلگىرى يېزىلغان «غەربىي يۇرتتا ساياھەت خاتىرىسى» ناملىق خەنزۇچە كىتابتا : «تارىم دەرياسىنىڭ سۈيى چوڭقۇر ، سۈزۈك ھەم تاتلىق ئىكەن» دەپ يېزىلغان . 1958 ـ يىلىغا قەدەر تارىم دەرياسى سۈيىنىڭ مىنېراللىشىش دەرىجىسى 1g/L دىن ئېشىپ كەتمىگەن . بۈگۈنكىدەك ھالغا چۈشۈپ قېلىشىدىكى بىردىنبىر سەۋەب ، نوپۇسنىڭ پەۋقۇلئاددە تېز سۈرئەتتە كۆپىيىپ ، يەرلەرنىڭ قارىغۇلارچە ،

ھەددىدىن ئارتۇق كۆپ ئېچىلغانلىقىدا . پەقەت 1949 - يىلىدىن 1992 - يىلىغىچىلا تارىم ۋادىسىدا نوپۇس ئىككى ھەسسىدىن ئارتۇق ، تېرىلغۇ يەر بىر ھەسسە كۆپەيدى . ئۇنىڭدىن كېيىن ھەممىگە ئايان سەۋەبلەر تۈپەيلى كۆپىيىش سۈرئىتى تېخىمۇ تېز بولدى .

مۇناسىۋەتلىك ئورۇنلار تەمىنلىگەن ماتېرىياللارغا قارىغاندا ، تارىم دەرياسىنىڭ ئوتتۇرا ئېقىنىدىن ئاياغ قىسمىغىچە بولغان تەخمىنەن 400 كىلومېتىرلىق دائىرىدە توغراقلىقنى بۇزۇپ ، يەر ئېچىش ئەھۋالى ناھايىتى ئېغىر ئىكەن ، بۇ رايوننىڭ 200 گە يېقىن سۇ تارتىش پونكىتىدىكى 500 سۇ پومپىسى تارىم دەرياسىنىڭ سۈيىنى خالىغانچە تارتىپ كېتىدىكەن . شايار ناھىيىسىدە يېقىنقى يىللاردا ئېچىلغان جەنۇبىي تارىم تەرەققىيات رايونىدا 120 مىڭ مو تېرىلغۇ يەر بار ئىكەن . يەر قالايمىقان ئېچىلىپ ، كېۋەز بەك كۆپ تېرىلىۋەرگەنلىكى ، ئەتراپىدا مۇداپىئە ئورمىنى بولمىغانلىقى ، ئەسلىدىكى ئورمانلارمۇ يوقىتىۋېتىلگەنلىكى ئۈچۈن ، ئېكولوگىيە ئېغىر دەرىجىدە بۇزغۇنچىلىققا ئۇچرىغان . ھازىر بۇ يەردە قۇم - بوران بارغانسېرى كۈچىيىپلا قالماي ، كەڭ دائىرىلىك قۇرت ئاپىتى يۈز بەرگەن ...

شۇنداق قىلىپ ، 20 - ئەسىرنىڭ ئاخىرقى ئون يىلىغا كەلگەندە قەدىمىي ، ئەلۋەك تارىم دەرياسى بىردىنلا ھالسىزلىنىپ مادارىدىن كەتتى . ئۇ خۇددى قېنى شوراپ تۈگىتىلگەن قۇرۇق تەنگە ، قاقشال بولۇپ كېتىۋاتقان دەرەخقە ئوخشاپ قالدى . يېقىنقى يىللاردىن بۇيان دەريانىڭ ھەرقايسى قىسمىلىرىدا ئارقا - ئارقىدىن سۇ ئۈزۈلۈپ قېلىش ھادىسىسى يۈز بەردى . بۇنىڭ ئىچىدە 1999 - يىلى 17 - 18 - ئىيۇلدا تارىم دەرياسىنىڭ 88% قىسمىدا يۈز بەرگەن سۇ ئۈزۈلۈپ قېلىش ھادىسىسى دەريا تارىخىدىكى ئەڭ چوڭ سۇ ئۈزۈلۈپ قېلىش ھېسابلىنىدۇ . دەريا سۈيىنىڭ ئازلاپ كېتىشى مۇقەررەر ھالدا يەر ئاستى سۇ ئورنىنىڭ تۆۋەنلەپ كېتىشىنى ، ئۆسۈملۈكلەرنىڭ قۇرۇپ كېتىشىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ . يېپىنچا ئۆسۈملۈكلەرنىڭ

قورۇپ كېتىشى بولسا، ئەسلىدىكى تۇراقلىق قۇمنى تۇراقسىز قۇمغا ئايلاندۇرىدۇ. ئىش مۇشۇ پېتى تەرەققىي قىلىۋېرىدىغان بولسا، ئاقىۋەتنى تەسەۋۋۇر قىلغىلى بولمايدۇ ... ئالىملار بىزنى: قۇرغاق رايوندا سۇنئىي ئېكولوگىيە تەبىئىي ئېكولوگىيىگە تايىنىپ، ئۇنىڭ مۇھاپىزىتى ئاستىدا مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدۇ. سۇنئىي ئېكولوگىيە سىستېمىسىنىڭ قۇرغاقچىلىققا تاقابىل تۇرۇش ئىقتىدارى ئەسلىي قۇملۇق ئېكولوگىيە سىستېمىسىنىڭكىدىن كۆپ تۆۋەن بولغاچقا، بوزغۇنچىلىققا ئۇچراش، قۇملىشىپ كېتىشتىن ئىبارەت تەبىئىي قانۇنىيەتتىن قۇتۇلۇپ كېتەلمەيدۇ، دەپ ئاگاھلاندۇرىدۇ. ئۇلار يەنە كەلسە ـ كەلمەس قۇدۇق قېزىش تۈپەيلى كېلىپ چىققان سۇ ئورنىنىڭ تۆۋەنلەپ كېتىش ھادىسىسى توغرىسىدا بىزنى مۇنداق ئاگاھلاندۇرىدۇ:

يەر ئاستى سۈيىنى كۆپلەپ ئىشلىتىش خەتەرلىك. ئۇ قايتا بارلىققا كەلمەيدۇ. كان بايلىقلىرىغا ئوخشاش قانچىلىك ئىشلەتسە، شۇنچىلىك خورايدۇ. چوڭقۇر قاتلام سۈنى ئىشلىتىش مۇقەررەر ھالدا يەر ئاستى سۈيىنىڭ تۆۋەنلەپ كېتىشىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. بۇنداق ھالەتنى ئۆزگەرتىش بەك تەس ... ھازىر جۇڭگو بويىچە يەر ئاستى سۈيى ئارتۇق چىقىرىلغانلىقتىن تۆۋەنلەپ كەتكەن 145 ئويمان بار. بۇ ئويمانلارنىڭ كۆلىمى 158 مىڭ كۋادرات كىلومېتىرغا يېتىدۇ. بەزى ئويمانلارنىڭ مەركىزىي سۇ ئورنى 60 — 80 مېتىر چوڭقۇرلاپ كەتكەن. بەزى شەھەرلەرنىڭ يەر يۈزى تۆۋەنلەپ كېتىپ، ئېغىر ئاقىۋەت پەيدا قىلغان ...

خىيالىمنى مەركىزىي تېلېۋىزىيە ئىستانسىسىدا بېرىلىۋاتقان تارىم دەرياسىنىڭ تۆۋەن ئېقىمىغا بۇ يىل يەنە سۇ قويۇپ بېرىلگەنلىكى توغرىسىدىكى خەۋەر بۆلۈۋەتتى. خەۋەرنى ئاڭلاپ بولۇپ خېلىلا يەڭگىللەپ قالغاندەك بولۇپ قالدىم. بۇ قېتىم قويۇپ بېرىلگەن سۇ تۆۋەن ئېقىمدىكى 215 كىلومېتىر دائىرىگە يېتىپ بارغان! كىشىنى

خۇشال قىلىدىغىنى، مەركەز ۋە شىنجاڭدىكى نۇرغۇن يەن - تېخنىكا خادىملىرى، رەھبەرلەر، سۇ ئىچكەن قۇدۇقنى ئۇنتۇپ قالمايدىغان نۇرغۇن ئاق نىيەت كىشىلەر تارىم دەرياسىغا كۆڭۈل بۆلدى، تارىم دەرياسى ئۈچۈن يول ماڭدى، تارىم دەرياسى ئۈچۈن نۇرغۇن ئىشلارنى قىلدى.

1991 - يىلى تارىم دەريا ۋادىسىنى باشقۇرۇش كومىتېتى، ئارقىدىنلا تارىم دەرياسىنى باشقۇرۇش ئىدارىسى قۇرۇلۇپ، «تارىم دەرياسىنى جىددىي تۈزەش لايىھەسى» ئوتتۇرىغا قويۇلدى. مەركەزدىن يەرلىككىچە ھەردەرىجىلىك رەھبەرلىك، يەن تەتقىقات خادىملىرى ۋە باشقۇرغۇچىلاردىن تەركىب تاپقان تەكشۈرۈش گۇرۇپپىلىرى تارىم دەريا ۋادىسىدا كۆپ قېتىم ئەمەلىي تەكشۈرۈش، تەتقىق قىلىش ئارقىلىق نۇرغۇن پايدىلىق پىكىر - تەكلىپلەرنى بەردى.

1994 - يىلى «تارىم ۋادىسى سۇ ۋە سۇ بايلىق مەنبەلىرىنى باشقۇرۇش ۋاقىتلىق بەلگىلىمىسى» ئوتتۇرىغا قويۇلدى. دۇنيا بانكىسىنىڭ ھەمكارلىشىشىدىكى تارىم دەرياسىنى تۈزەش ئالدىنقى مەزگىللىك تەييارلىق تۈرلىرى ۋە «تارىم دەرياسى غول ئېقىمىنىڭ تۆۋەن ئېقىمىدىكى يېشىل كارىدورغا جىددىي سۇ يەتكۈزۈش قۇرۇلۇشى»، ئارقىدىن «تارىم ئويمانلىقى سۇغىرىش ۋە مۇھىت 2 - قارارلىق قۇرۇلۇش»ى يولغا قويۇلدى. ئاپتونوم رايون رەھبەرلىرىنىڭ بىۋاسىتە كۆڭۈل بۆلۈشى، تارىم دەريا باشقۇرۇش ئىدارىسىدىكىلەرنىڭ تىرىشچانلىقى بىلەن 1995 - يىلىدىن تارتىپ تۆۋەن ئېقىمغا ئىككى قېتىم سۇ يەتكۈزۈپ بېرىلدى. بۇلتۇر ئاپتونوم رايون ئۈچ يىل ئىچىدە كېۋەز تېرىلىدىغان يەرنى 3 مىليون مو قىسقارتىپ، ئۇ يەردە ئاساسلىق ئورمان ئەھيا قىلىشنى قارار قىلدى. بايىنغولىن موڭغول ئاپتونوم ئوبلاستىمۇ بەش يىل ئىچىدە تېرىقچىلىقتىن بوشىغان 700 مىڭ مو يەردە ئورمان بىنا قىلىشنى، 330 مىڭ مو يەردە ئوت - چۆپ ئۆستۈرۈشنى، ئاقسۇ ۋىلايىتى تارىم دەرياسىنىڭ ئىككى قىرغى-

www.uyghurkitap.com

قىدا 1 مىليون مو ئېكولوگىيىلىك ئورمان بەرپا قىلىشنى ئوتتۇرىغا قويدى .

جۇ رۇڭجى زۇڭلى : «تارىم دەرياسىنى تۈزەش پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ غەربىي رايوننى كەڭ ئېچىش ئىستراتېگىيىسىنى يولغا قويۇشتىكى يەنە بىر مۇھىم تەدبىرى . مەبلەغنى ھەقىقىي كۆپەيتىپ ، قۇرۇلۇش قەدىمىنى تېزلىتىپ ، تارىم ۋادىسىنى ھەر تەرەپلىمە تۈزەش خىزمىتىنى 2005 ـ يىلى ئاساسەن تاماملاش ئۈچۈن تىرىشىش لازىم» دەپ تەكىتلىدى .

غەربىي رايوننى كەڭ ئېچىش جەريانىدىمۇ ئېچىش ، تەرەققىيات پىلانىنى بايلىق مەنبەسىنىڭ ئەھۋالىغا ، تەمىنلەشكە ئاساسەن ئېكولوگىيىلىك تەڭپۇڭلۇق ۋە ئەۋلادلارنىڭمۇ مەنپەئىتىنى نەزەردە تۇتقان ئاساستا تۈزۈپ ، قارىغۇلارچە بۇلاپ ـ تالاش ، بۇزغۇنچىلىق خاراكتېرلىك ئېچىشتىن ، تارىختىي خاتالىقلىرىمىزنى تەكرارلاشتىن ساقلىنىدىغانلا بولساق ، گۈزەل كەلگۈسى چوقۇم بىزنىڭ بولىدۇ .

*ماۋزۇسىغا قايسى ئورۇننى ، نېمىنى تەكشۈرۈش ئېنىق يېزىلىدۇ . كۆپ قىسىم تەكشۈرۈش دوكلاتلىرىدا ئاساسىي ماۋزۇدىن باشقا قوشۇمچە ماۋزۇ يېزىلىدۇ . ئادەتتە ئاساسىي ماۋزۇدا باش تېما ئەكس ئەتتۈرۈلسە ، قوشۇمچە ماۋزۇدا تەكشۈرۈلىدىغان ۋەقە ، ئوبيېكت ۋە دائىرە ئېنىق ئىپادىلىنىدۇ .*

*تېكىست ئادەتتە ئۈچ قاتلامدىن تەركىب تاپىدۇ . بىرىنچى قاتلام كىرىش سۆز بولۇپ ، ئۇنىڭدا تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىشتىكى مەقسەت ، ئوبيېكت قاتارلىقلار قىسقىچە تونۇشتۇرۇلىدۇ . دوكلات قىلىنماقچى بولغان ئاساسىي مەزمۇنلار چۈشەندۈرۈلىدۇ . ئىككىنچى قاتلام ئاساسىي تېكىست قىسمى بولۇپ ، تەكشۈرۈشنىڭ خاراكتېرى ۋە ماتېرىياللارغا ئاساسەن ئوخشاش بولمىغان يېزىش ئۇسۇلى بەلگىلىنىدۇ . ۋەقە ـ ھادىسىلەرنى تەكشۈرگەندە ئادەتتە ، ۋەقەنىڭ تەرەققىيات جەريا-*

نى بويىچە پەيدا بولۇش ، راۋاجلىنىش ، خۇلاسە ۋە تەسىرى قاتارلىقلار ھەممە بىر تەرەپ قىلىش ئۇسۇلى ، تەكلىپ ـ پىكىرلەر ئېنىق يېزىلىشى لازىم .

ئۈچىنچى قاتلام ئاخىرلاشتۇرۇش بولۇپ ، تەكشۈرۈشتىن خۇلاسە چىقىرىلىدۇ . پۈتۈن ئەسەر ئومۇملاشتۇرۇلۇپ خۇلاسىلىنىدۇ . بەزى تەكشۈرۈش دوكلاتلىرىدا مەخسۇس ئاخىرلاشتۇرۇش سۆزى يېزىشنىڭ ھاجىتى يوق . چۈنكى ، تەكشۈرۈش مەزمۇنلىرى يېزىلىپ بولغاندا ماقالە ئۆزلۈكىدىنلا ئاخىرلىشىدۇ .

## ئاددىي تەجرىبە دوكلاتى

# تۇپراقنىڭ كىسلاتا ـ ئىشقارلىقىنى ئۆلچەش

### 1 . تەجرىبە مەقسىتى

ئىلگىرى ئۆگىنىپ ئۆتكەن pH سىناق قەغىزى ئارقىلىق ئېرىتمىنىڭ كىسلاتا ـ ئىشقارلىقىنى ئۆلچەش ئۇسۇلىنى تۇپراقنىڭ كىسلاتا ـ ئىشقارلىقىنى ئۆلچەشتە قوللىنىش .

### 2 . تەجرىبە پرىنسىپى

تۇپراق تەركىبىدىكى ھىدروگېن ئىئونى قويۇقلۇقىنىڭ چوڭ ـ كىچىكلىكى ئوخشىمايدۇ . pH سىناق قەغىزى ئارقىلىق ئۇنىڭ كىسلاتا ـ ئىشقارلىق دەرىجىسىنى ئۆلچەشكە بولىدۇ .

### 3 . تەجرىبە تەييارلىقى

تەكشۈرۈلمەكچى بولغان تەجرىبە ئېتىزىدىن مەلۇم مىقداردا ۋەكىل خاراكتېرلىك توپىنى ئېلىپ ، تەكشى ئارىلاشتۇرغاندىن كېيىن ، قۇرۇتۇپ تەييارلاش .

4 . تەجرىبە بۇيۇملىرى

دورا قوشۇقى ، ئۆستۈرۈش قاچىسى ، مېنزۇركا ، ئەينەك تاياق-چە ، رېزىنكە قالپاقلىق تېمىتقۇچ ، دېستىللەنگەن سۇ ، pH سىناق قەغىزى ، رەڭ سېلىشتۇرۇش كارتىسى

5 . مەشغۇلات باسقۇچلىرى

دورا قوشۇقىدا تەخمىنەن ئىككى گرام توپىنى ئېلىپ ئۆستۈرۈش قاچىسىغا تۆكۈپ ، ئۈستىگە 10 مىللىلىتىر دېستىللەنگەن سۇنى قۇ-يۇپ ، ئەينەك تاياقچە بىلەن بىر مىنۇت ئارىلاشتۇرغاندىن كېيىن ئازراق ۋاقىت تىندۇرىمىز . ئاندىن رېزىنكە قالپاقلىق تېمىتقۇچ بى-لەن ئۈستۈنكى قەۋەتتىكى سۇزۇك ئېرىتمىدىن بىر تامچە ئېلىپ ، pH سىناق قەغىزىگە تېمىتىپ ، pH سىناق قەغىزىدىكى رەڭ ئۆزگى-رىشىنى كۆزىتىمىز . ئاخىرىدا ئۇنى رەڭ سېلىشتۇرۇش كارتىسى بىلەن سېلىشتۇرۇپ تۇپراق تەركىبىنىڭ pH قىممىتىنى ئۆلچەپ چىقىمىز .

6 . تەجرىبە خۇلاسىسى

pH سىناق قەغىزى كۆرسەتكەندىكى رەڭ — قىزغۇچ سېرىق رەڭ ، pH قىممىتى 6 ، شۇڭا بۇ خىل تۇپراق سەل كىسلاتالىق خۇسۇسىيەتكە ئىگە . ماۋزۇغا تەجرىبە نامى ، ئاندىن تەرتىپ بويىچە تەجرىبە مەقسىتى ، تەجرىبە پرىنسىپى ، تەجرىبە تەييارلىقى ، تەجرىبە بۇيۇملىرى ، تەجرىبە باسقۇچلىرى يېزىلىپ ، ئاخىرىدا تەجرىبە خۇلا-سىسى يېزىلىدۇ .

**چۈشەندۈرۈش خېتى**

بالىلار قۇۋۋەت تالقىنى

بالىلار قۇۋۋەت تالقىنى — شىنجاڭنىڭ داڭلىق مەھسۇلاتلىرى

بولغان ياڭاق ، بادام ، نوقۇت ، مېغىز ، سۈت ، قايماق ۋە شېكەر قاتارلىقلار خام ئەشيا قىلىنىپ ، يۇقىرى پەن - تېخنىكا ئارقىلىق زامانىۋى ئىلغار ئىشلەپچىقىرىش ئۈسكۈنىلىرىدە ئىشلەنگەن يېڭى بىر ئەۋلاد ئوزۇقلۇق ۋە دورىلىق قىممىتى ئىنتايىن يۇقىرى يېمەكلىك.

بالىلار قۇۋۋەت تالقىنى تەركىبىدە ئادەم بەدىنىگە زۆرۈر بولغان ئۆسۈملۈك ئاقسىلى ، يېرىك ماي ، يېرىك تالا ، لىنول كىسلاتاسى ، كالتسىي ، سىنك ، فوسفور ، تۆمۈر ، ماگنىي ۋە ۋىتامىن $B_1$ ، $B_2$ ، PP ، C ، E قاتارلىق ماددىلار بار بولۇپ ، ئورگانىزملارنى قۇۋۋەتلەيدىغان ئالىي يېمەكلىك . بالىلار قۇۋۋەت تالقىنى بالىلارنىڭ ئەقلىي ۋە جىسمانىي جەھەتتىن تېز ئۆسۈپ يېتىلىشىنى نەزەردە تۇتۇپ ، بالىلارنىڭ ئوزۇقلىنىش پرىنسىپىنى ئاساس قىلىپ ، بالىلار- غا كېرەكلىك بولغان ئاساسىي ئوزۇقلۇق ماددىلارنى ئۆزىگە مۇجەس- سەملەپ ، ياش - ئۆسمۈرلەرنىڭ بەدىنىنى كۈچلەندۈرۈپ ، زېھنىنى ئاشۇرۇش مەقسىتىدە ئىشلەنگەن تەبىئىي دورىلىق ۋە ساغلاملىق يې- مەكلىكى .

ماتېرىيالى : ياڭاق ، بادام ، ئۆرۈك مېغىزى ، نوقۇت ، سۈت ، قايماق ، شېكەر ، كالتسىي ، سىنك ، ھەسەل ، كاۋا ئۇرۇقى مېغىزى قاتارلىقلار .

ساقلاش ئۇسۇلى : سالقىن ، قۇرغاق جايدا ساقلىنىدۇ .

ساقلاش مۇددىتى : 18 ئاي

مەھسۇلاتنىڭ ئۆلچەملىك نومۇرى :

ئىشلىگۈچى ئورۇن : ×× شىركىتى

ئادرېسى :

تېلېفون :

فاكس :

پوچتا نومۇرى :

ئىستېمال قىلىش ئۇسۇلى : بىر قېتىمدا بىر كىچىك خالتىنى

تۆكۈپ 180 مىللىلىتىر قايناقسۇ قۇيۇپ ، تەكشى ئارىلاشتۇرغاندىن كېيىن ئىچىلىدۇ .
ئىشلەپچىقىرىلغان ۋاقتى : (يىل/ ئاي/ كۈن ) پېچەتلەنگەن جايدىن كۆرۈڭ !
ئۆلچىمى : 300 گرام

*چۈشەندۈرۈش خېتى — چۈشەندۈرۈش ئۇسۇلى ئارقىلىق تاۋار ۋە باشقا شەيئىلەر تونۇشتۇرۇلىدىغان ، ئۇلارنىڭ ئىشلىتىلىشى چۈشەندۈرۈلىدىغان خەت ـ چەك تۈرىدۇر .*

*چۈشەندۈرۈش خېتىنىڭ تۈرلىرى :*

*1 . ماددىي مەھسۇلاتلارنىڭ ئىشلىتىلىشى چۈشەندۈرۈلىدىغان چۈشەندۈرۈش خېتى .*

*بۇنىڭدا مەلۇم ماددىي مەھسۇلاتنىڭ شەكلى ، قۇرۇلمىسى ، ئىقتىدارى ، ماتېرىيالى ، قوللىنىلغان ھۈنەر ـ سەنئىتى ، ئىشلىتىش ئۇسۇلى ۋە ئىشلىتىشتە دىققەت قىلىدىغان ئىشلار قاتارلىق مەزمۇنلار ھەققىدە ئەمەلىي يېزىلىدۇ .*

*2 . تەبىئىي مەنزىرە ياكى ئورۇن ـ جاينىڭ چۈشەندۈرۈش خېتى .*

*بۇنىڭدا تەبىئىي مەنزىرىلىك جايلار ، مەدەنىي يادىكارلىقلار ، ئورۇن ـ جاينىڭ جايلاشقان ئورنى ، ئاساسىي ئەھۋالى ، تارىخىي ئۆزگىرىشى ، تەرەققىياتى ، ئاساسلىق ئالاھىدىلىكى ، ئەۋزەللىكى قاتارلىقلار تونۇشتۇرۇلىدۇ .*

*چۈشەندۈرۈش خېتىنىڭ قۇرۇلمىسى :*

*چۈشەندۈرۈش خېتىنىڭ قۇرۇلمىسى ئومۇمەن باش قىسمى ، چۈشەندۈرۈلىدىغان ئىشلار ، ئاخىرقى قىسمىدىن ئىبارەت ئۈچ قىسمىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ .*

*(1) باش قىسمى . باش قىسمىدا ماۋزۇ يېزىلىدۇ .*

*(2) چۈشەندۈرۈلىدىغان ئىشلار . بۇ قىسمىدا ، ماددىي مەھسۇلات-*

لارنىڭ ئىشلىتىلىشى چۈشەندۈرۈلىدىغان چۈشەندۈرۈش خېتىدە ماددىي مەھسۇلاتنىڭ شەكلى ، قۇرۇلمىسى ، ئىقتىدارى ، ماتېرىيالى ، قوللىنىلغان ھۈنەر ـ سەنئىتى ، ئىشلىتىش ئۇسۇلى ۋە ئىشلىتىشتە دىققەت قىلىدىغان ئىشلار قاتارلىقلار يېزىلىدۇ . تەبىئىي مەنزىرە ياكى ئورۇن ـ جاي چۈشەندۈرۈلىدىغان چۈشەندۈرۈش خېتىدە ئۇلارنىڭ جايلاشقان ئورنى ، ئاساسىي ئەھۋالى ، تارىخىي ئۆزگىرىشى ، تەرەققىياتى ، ئاساسلىق ئالاھىدىلىكى ، ئەۋزەللىكى قاتارلىقلار مەزمۇن بويىچە تۈرلەرگە ئايرىپ يېزىلىدۇ ، قايسى مەزمۇننى ئاۋۋال يېزىش ، قايسى مەزمۇننى كېيىن يېزىشتا ، ئەمەلىي ئەھۋالغا ئاساسەن ، كىشىلەرنىڭ بىلىش قانۇنىيىتىنىڭ تەرتىپى بويىچە يېزىلسا بولىدۇ .

(3) ئاخىرقى قىسمى . بۇ قىسىمدا ئادرېسى ، تېلېفون نومۇرى ، پوچتا نومۇرى قاتارلىقلار يېزىلىدۇ . ئالايلۇق ، تېلېۋىزور ، ئۈنئالغۇ ، كومپيۇتېر ، ئوقۇشلۇق ، كىنو ـ تىياتىر پلاستىنكىلىرى ، دورا ۋە باشقا ماددىي بۇيۇملارنىڭ چۈشەندۈرۈش خېتى قاتارلىقلار .

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ بىرلىككە كەلگەن تور ئادرېسى

لارنىڭ ئىشلىتىلىشى چۈشەندۈرۈلىدىغان چۈشەندۈرۈش خېتىدە ماددي مەھسۇلاتنىڭ شەكلى ، قۇرۇلمىسى ، ئىقتىدارى ، ماتېرىيالى ، قوللىنىلغان ھۈنەر - سەنئىتى ، ئىشلىتىش ئۇسۇلى ۋە ئىشلىتىشتە دىققەت قىلىدىغان ئىشلار قاتارلىقلار يېزىلىدۇ . تەبىئىي مەنزىرە ياكى ئورۇن - جاي چۈشەندۈرۈلىدىغان چۈشەندۈرۈش خېتىدە ئۇلارنىڭ جايلاشقان ئورنى ، ئاساسىي ئەھۋالى ، تارىخىي ئۆزگىرىشى ، تەرەققىياتى ، ئاساسلىق ئالاھىدىلىكى ، ئەۋزەللىكى قاتارلىقلار مەزمۇن بويىچە تۈرلەرگە ئايرىپ يېزىلىدۇ ، قايسى مەزمۇننى ئاۋۋال يېزىش ، قايسى مەزمۇننى كېيىن يېزىشتا ، ئەمەلىي ئەھۋالغا ئاساسەن ، كىشىلەرنىڭ بىلىش قانۇنىيىتىنىڭ تەرتىپى بويىچە يېزىلسا بولىدۇ .

(3) ئاخىرقى قىسمى . بۇ قىسىمدا ئادرېسى ، تېلېفون نومۇرى ، پوچتا نومۇرى قاتارلىقلار يېزىلىدۇ . ئالايلۇق ، تېلېۋىزور ، ئۈنئالغۇ ، كومپيۇتېر ، ئوقۇشلۇق ، كىنو - تىياتىر پلاستىنكىلىرى ، دورا ۋە باشقا ماددىي بۇيۇملارنىڭ چۈشەندۈرۈش خېتى قاتارلىقلار .

ISBN 978-7-5370-5795-0
9 787537 057950 >

باھاسى : 5.28 يۈەن